# زىندان خاتىرىسى

زەينەب غەززالى

تەرجىمە قىلغۇچىلار: شەھىدە، خەدىچە

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا، مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر.

{سۈرە سەپ 11-ئايەت}

# ❁ مۇندەرىجە ❁


زەينەب غەززالى ھەققىدە ........ 6

كىرىش سۆز........ 8

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز........ 12

ئابدۇناسىر ماگا نەپرەتتە........ 15

مەن ۋە سوتسىيالىزىم ئىتتىپاقى........ 19

ياق! مۇستەبىتلەرگە ھەرگىز باش ئەگىشكە بولمايدۇ! ........ 22

بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟........ 24

سودىلىشىش ۋە ئالدامچىلىق........ 26

كېچىدىكى شەپەرەڭلەر........ 27

ئىككى يۈزلىمە ئەھمەد راسىخ........ 29

ئىككىنچى باپ ........ 35

مېنىڭ بەيئىتىم ........ 35

نىقاب ئېلىپ تاشلاندى ........ 40

چۇقانلار مېنى مەجبۇرىيەتكە ئۈندەۋاتىدۇ! ........ 41

ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل........ 43

ھەرىكەت قىلىش تەستىقلاندى........ 46

يولدىشىم بىلەن بولغان سۆھبەت........ 48

شېھىد سەئىد قۇتۇب بىلەن بولغان ئالاقە........ 51

3-باب........ 54

سۈيقەست ........ 54

نۆۋەت ماڭا كەلدى...................................................... 57
يىگىرمە تۆتىنچى كامىرغا بېرىش يولىدا....................................... 61
يىگىرمە تۆتىنچى كامىردا.................................................... 63
ئۈچىنچى نومۇرلۇق كامىردا .................................................. 64
خاسىيەتلىك چۈش............................................................ 66
قامچىلار ماڭا يۈزلەندى ..................................................... 73
ئاللاھ ئۇلارنى جەم قىلغۇسى.................................................. 75
ئىككىنچى قېتىملىق قىيىن-قىستاق ........................................... 76
چاقىرىلمىغان مېھمانلار مېنىڭ يېنىمدا ...................................... 81
ھەمشىرىلىرىم بىلەن بىر كامىردا ............................................ 84
غىزالىنىشمۇ بىر خىل ئىبادەت................................................ 91
ئازاب كېچىسى.............................................................. 92
ھەمزىنىڭ كېچىدىكى سودىسى ................................................ 99
كامىرغا قايتىش ............................................................ 102
بۇ راستىنلا ئاخىرقى دەقىقىلەرمۇ؟............................................ 106
شەمسى بەدىران ............................................................ 115
سۇ كامىرى ................................................................. 121
جىنايەت.................................................................... 127
سۇ كامىرىنىڭ دائىملىق "مېھمىنى" بولۇش ...................................... 129
يىرتقۇچلار بىلەن بولغان جەڭ................................................ 132
چاشقان بىلەن ئادەم قىيناش ................................................ 134
قامچا ۋە قاڭسىق تاماق ..................................................... 142

بىر مەيدان ئويۇن ........ 149
ھەقنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە باتىلنىڭ رەزىللىكى ........ 152
ئابدۇناسىرنىڭ ئېتىش بۇيرۇقى ........ 157
باشلىق ئىشخانىسىدا ........ 159
گۇمان ........ 162
شەمسى بەدىران يەنە شۇ كويدا ........ 167
قارا نىيەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە نەپسلەرنىڭ زۇلمى ........ 174
قېيىن- قىستاق ۋە دوختۇرخانا ........ 179
بەشىنچى باب ........ 184
فىرئەۋنىنىڭ قۇلىقى مەندە ........ 184
سۇيقەستنىڭ كېلىش مەنبەسى پەقەت بىر چاقچاق ........ 188
مۇھەممەد قۇتۇب ........ 195
تەپتىش مەھكىمىسىدە ........ 202
تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئىككىنچى ئۇچرىشىش ........ 208
ھەربىي ئىشلار تۈرمىسگە قايتا سەپەر ........ 209
قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش ........ 210
ئىقتىساد ھەققىدە تالاش-تارتىش ........ 211
بىر قۇتا گۆش قىيمىسى ........ 218
دوختۇرخانىدا يەنە ئاچلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ........ 219
بىر قارانىيەتنىڭ پۇشايمىنى ........ 221
سوت ئېچىلىدىغانغا ئاز قالدى ........ 224
خۇش بىشارەت! ........ 227

سوت ئېچىلغان كۈنى ........................................ 230
ئالتىنچى باب ........................................ 234
سوت ........................................ 234
جاھىلىيەت دەۋرىدىنمۇ ئۆتە........................................ 238
ھۆكۈم ئېلان قىلىش........................................ 238
كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مىنۇتلار........................................ 240
ئۆلۈم ئالدىدىكى سودا ........................................ 241
ھۆكۈم ئىجرا قىلىش........................................ 243
قېرىنداشلار قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنكى زىندان ........................................ 245
يولدىشىم ئالەمدىن  ئۆتتى........................................ 247
يېڭى قوشنا كەلدى........................................ 250
ئابدۇناسىر سوتلىنىشى كېرەك ........................................ 251
7-باپ........................................ 253
5-ئىيۇندىكى كاناتىر تۈرمىسگە يۆتكىلىش........................................ 253
يېڭى كۈرەش........................................ 256
روھى ئازابقا تولغان كېچە........................................ 262
دۈشمەننىڭ قېشىدىن ئازراق ئادىمىلىكنى كۆردۈق ........................................ 264
زالىم قارا نىيەتنىڭ ئۆلۈمى........................................ 265
ئاۋارىچىلىق........................................ 270
يېڭى  سىناق ........................................ 271
ئاخىرقى سودا........................................ 273

## زەينەب غەززالى ھەققىدە

دەۋرىمىزدىكى ئاكتىپ ۋە ئۆلگىلىك ئىسلام دەۋەتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان زەينەب غەززالى، ئەينى ۋاقىتتىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» (ئىخۋانۇل مۇسلىم) نىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى يادرولۇق ئەزالىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيە 1917 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىسىرنىڭ بەھرە ۋىلايىتىدە ئابرويلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ دەسلەپتە ياۋروپادا تەلىم ئېلىپ، نۇرغۇن سىياسى ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەردە بولغان ۋە ئاتالمىش ئەر-ئايال باراۋەرلىكى، رومالنى چۆرۈپ تاشلاش شوئارلىرىنى توۋلاپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلىۋەتكەن مىسىرلىق ئايال ھۇدا شەئراۋىينىڭ يېنىدا ئىشلىگەن ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دىندىن خالىي، ئاتالمىش ئەر-ئايال باراۋەر بولغان، ئاياللارمۇ سىياسى سەھنىگە چىققان بىر ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ قېتىم لېكسىيە سۆزلىگەن، كېيىن ئىسلام يولىنى تاللاپ «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نى قۇرغان، بۇ بىرلەشمە مىسىرنىڭ سىياسى ھاياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

دەسلەپ چاغداش ئىسلام ئالىملىرىدىن ھافىز ئەتتىجانى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان، كېيىن مىسىردىكى نەچچە 10 شىركەتنىڭ خوجايىنى، ساخاۋەتچى تىجارەتچى سەئىد مۇھەممەد سالىم ھاجىم بىلەن توي قىلغان.

1948-يىلى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» غا ئەزا بولۇپ، شەيخ ھەسەنۇل بەننا، ھەسەن ھۇدەيبىلەردىن تەلىم ئالغان، ئەمما بۇ تەشكىلات ئابدۇناسىر ھاكىمىيىتىدىكى چىرىك ھۆكۈمەت ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كۆپ قېتىم تارقىتىۋېتىلىدۇ ۋە ئۇيۇشمىنىڭ يادرولۇق ئەزالىرى بىر-بىرلەپ قولغا ئېلىنىدۇ، زەينەب غەززالى1959-يىلى بۇ ئۇيۇشمىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ، تۇتۇلغان، سولانغان ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى يوقلاش، ئىقتىسادى ياردەم بېرىش، بالا-چاقىلىرىنىڭ ئوقۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جاي-جايلاردا نۇتۇق سۆزلەش،

ئىئانە توپلاش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇردى.

1965-يىلى،8 -ئايدا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» دىكى باشقا ئەزالار بىلەن بىرگە ئابدۇناسىر ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلىنىپ تۈرلۈك ئەرزىيەتلەرنى چېكىدۇ، ئىتقا تالىتىۋېتىلىش، سۇغا تاشلىنىش، ئوتقا قاقلىنىش، ساناقسىز قامچا يېيىش... قاتارلىق ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان تۈرلۈك ئېغىر قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ ئەرلەرمۇ تەستە چىدايدىغان ھەتتا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان قىيىن-قىستاقلارغا سەبىر ۋە غايەت زور چىدامچانلىق بىلەن تاقابىل تۇردى.

زەينەب غەززالى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنسىمۇ يەنە قىلچە ۋايسىماي ئاللاھ يولىدا جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇردى، 1970-يىلى ئابدۇناسىر ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ،باشقا رەئىس تەختكە چىققاندىن كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھىنىڭ ۋاستىسى ۋە ئارىلىششى بىلەن تۈرمىدىن چىقىدۇ، ۋە ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئىسلام دەۋەتچىسى بولۇپ خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىدە قىينالغانلىقى ۋە يېشىنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن باللىق بولالمايدۇ، ئەمما پۈتكۈل مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە مۇسۇلمان باللارغا ئانا مېھرى ئاتا قىلىدۇ ۋە 88 يېشىدا، 2005 - يىلى 3 - ئاۋغۇست مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ۋاپات بولىدۇ.

جانابى ئاللاھ بۇ جاسارەتلىك دەۋەتچى، قورقماس مۇجاھىدەگە جەننىتى فىردەۋس ئاتا قىلغاي ،ئامىين.

# كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، ساھابىلىرگە سالاملار بولسۇن!

تۇرمىدىكى ھاياتىم ھەققىدىكى بۇ كىتابنى يېزىشنى ئويلىشىۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى، ئارلىقتا خېلى كۆپ ئىككىلەندىم. ئەمما مەن بىلەن شۇ ئېغىر كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەن، مەن ئىمانىغا تولۇق ئىشىنىدىغان دەۋەت باشلامچىلىرى ۋە قوللۇغۇچىلىرى بولغان قېرىنداش، ھەمشىرىلىرىم بىرىنىڭ دەۋەت جەريانىدىكى شۇ شەرىق ۋە غەرىپنىڭ مۇستەبىد كۈچلىرى بىلەن بولغان كۈرەش جەريانىمىزنى يېزىپ چىقىش مەسئۇلىيىتىمىز بار دەپ قارىدى.

مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ مەقسىدى ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش ۋە ھەقىقەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن؛ ئاللاھنىڭ كالامى بولغان قۇرئان ۋە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى جەمئىيىتىمىزدە قايتىدىن تۇرغۇزۇش كېرەكلىكىگە چىن يۈرىكىدىن ئىشەنگەن؛ تەۋھىد، ئىلىم -مەرىپەتكە تولغان ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ھەقىقى مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان جەمئىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىنىڭ ھەقىقى تۈردە ئىسلامغا قايتىشى ۋە ئىنسانلارنى توغرا يول يەنى ئاللاھنىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرغان بۇ جاھىلىيەت جەمئىيىتىنى يوقىتىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەن؛ دۇنيالىق ئىلاھلارغا ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە چۈقۇنۇشنى يەر يۈزىدىن يوقىتىش ۋە ئاللاھنىڭ ھەممىدىن ئەلا بولغان قانۇنىنى قايتىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان؛ ئاللاھنىڭ قانۇنى تۇرغۇزۇلغاندىلا ئاندىن ھايات ئاللاھ -تائالا بىزدىن كۈتكەن ھالەتكە قايتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن بىر تۈركۈم كىشلەرنى يوقىتىش ئىدى.

مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ روناق تېپىشىغا، پۈتۈن دۇنيانىڭ گۈللىنىشىگە ئىسلام چاقىرىقىدىن باشقا يول يوق. تۈرمىنىڭ قاراڭغۇلۇقى، ھەرخىل ئازابلاشلار، قامچىلارنىڭ ئاغرىقلىرى پەقەت ئىخلاسمەن دەۋەتچىلەر ۋە ئىسلام ئىدىيىسى قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭدايتىدۇ خالاس. دۇنيادا توغرا يول پەقەت بىرلا، ئۇبولسىمۇ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ يولى. خاتا يول بولسا ھەرخىل، بۇ ھەرخىل يوللارنىڭ ھەر بىرىدە خاتالىقلارنى پەردازلىغۇچى شەيتانلار بار. ئۇلار خاتا يولغا ماڭغانلارنى مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇققا باشلايدۇ. خۇددى ئاللاھ -تائالا قۇرئاندا كۆرسەتكەندەك ‹بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دوزاختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.› {سۈرە ئەنئام 153-ئايەت}

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىسلام ئۈچۈن ئېلىۋاتقان قەدەملىرىمىزنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئېنىق نىشان بىلەن ئاللاھنىڭ يولىدا تەۋرەنمەستىن مېڭىش؛ ئاللاھنىڭ ‹ئى مۇھەممەد ئۈممىتى ! سىلەر ئىنسانلار مەنپەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىقتا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.› {سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەتنىڭ بىر قىسمى} دېگەن ئايىتىگە ئىمان كەلتۈرۈش ۋە «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد(ئەلەيھىسسالام) ئۇنىڭ ئەلچىسى » كەلىمىسىگە تولۇق ئىمان كەلتۈرۈش. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئىمان تولغان ئىمارەتلىرىمىزگە مۇستەھكەم خىش بولىدۇ. بىز تەۋھىد ئەقىدىمىزدىن، ئىبادەتلىرىمىزدىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھەقنى يەتكۈزۈشتىن ھەرگىز يانمايمىز.

بىزنىڭ قارشىمىزچە بۇ قاملىش دەۋرى تارىخنىڭ زۆرۈرىيىتى. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ ياكى تارىخنىڭ ھېكايىسىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى لازىم. بۇ جەھەتتە مەن قېرىنداش ھەمشىرىلەرنىڭ پىكرىگە قۇشۇلمەن. ئاللاھتىن ماڭا ياردەم قىلىپ بولغان

ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھېچ بولمىغاندا يېرىمىنى ماڭا ئەسلىتىشىنى، ئېسىمدە قالغان ھەممە نەرسىنى يېزىپ چىقىشقا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشىنى تىلەيمەن. يازغانلىرىمنىڭ ھەقىقەت مەشئىلىگە ئوت تۇتاشتۇرغۇچى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىزگە ئەكەلگەن خەۋىرىگە ئەگىشەيلى! بۇ خەۋىر تولۇق ۋە ھەممىدىن ئەلا. بۇ خەۋەر ئاللاھنىڭ مۇكەممەل بۇيرۇقلىرىنى ئۆزىچىگە ئالغان ھەقىقەت -شەرىئەتتۇر.

‹ئى مۇھەممەد! بۇ ھەق (قۇرئان) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن» دېگىن.› {سۈرە كەھف29-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}

بۇ يولدىكى قىيىنچىلىقلارنى ۋە قۇرئان سۈننەت ئۆگىتىشىنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن كىشى ئۈممەت قايتىدىن توغرا يولغا قايتمىغۇچە، ئىنسانىيەت تەۋھىد شۇئارىنىڭ ئاستىغا يىغىلمىغۇچە، ياخشى ئەمەللەر، دەۋەت ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. بىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىمىزغا بەرداشلىق بېرىمىز ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى قوبۇل قىلىمىز.

‹شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىلىدۇ(يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش )تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكىرى قىلىنغان (ئاللاھنىڭ )راس ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە ئاللاھتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار ؟(يەنى ئاللاھتىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق )قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋاپپىقىيەتتۇر.› {سۈرە تەۋبە 110-ئايەت}

بۇ كىتابنى بىزدىن بۇرۇن كەتكەن بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە، دىللىرىمىزغا ۋە بىزنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىك ۋەدىمىزگە سەمۇول بولغان شۇ شېھىدلەرگە بېغىشلايمەن. بۇ كىتاب

دىلىدا زەررىچىلىك ئىمان ۋە ياخشىلىق بولغان ھەربىرەيلەنگە ھەدىيە بولسۇن.

ئىشىنىمەنكى ئاللاھ بۇنى بىر ھىدايەت ۋەسىلىسى قىلغۇسى.

‹پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر (يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر› {سۇرە ئىنسان 30-ئايەت}

-زەينەب غەززالى ئەل جۇبەيلى

# ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە كىرىش سۆز

**ئىسلام سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالسۇن ياكى قالمىسۇن چوقۇم غەلبە قىلىدۇ. ئەمما سەن ئىسلامدىن ئايرىلىپ قالساڭ، يولدىن ئازسەن ۋە ھالاك بولسەن.**

**- مەشھۇر ئىسلام دەۋەتچىسى ئەھمەت دىيدات**

بىز قەلبلەر ئۆز ئىگىسىنى تونۇغان، كۆزلەر ھەق زىياسىدا روشەنلەشكەن، تەنلەر ئىبادەت ئىشقىدا ئۆرتەنگەن، باشلار سەجدىدە بولغان، تىللار ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئېيتقان، يوللار ئىسلامدا بولغان بىر پارلاق دەۋرنى ئىستەيمىز ۋە ئارزۇ قىلىمىز.

بىز ئاشۇ ئارزۇ ئىچىدە ئەللەيلىنىپ ياشاۋېتىمىز، ئۇيغىنىشنى بىلمىدۇق، مۇسۇلمانلىق دەۋاسى قىلدۇقيۇ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىدۇق، جەننەتكە ئىنتىلدۇقيۇ دوزاختىن پاناھ تىلىمىدۇق. ھەركەتلىنىشنى بىلمىدۇق، ياكى كىچىككىنە مەغلۇبىيەتلەرگە سەبىر قىلالماي چۈشكۈنلەشتۇق.

ھالبۇكى، ئاللاھۇتەئالا ئۆزىنىڭ مۇبارەك كالامى قۇرئان كەرىمدە ‹ئىنسانلارئىمان ئېيتتۇق دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟› {سۈرە ئەنكەبۇت 2 -ئايەت}دېمىگەنمىدى.

قېنى نامازغا باھانە ئىزدەۋاتقانلار؟ قېنى روزىدا چىدىيالمايۋاتقانلار؟ قېنى زاكاتنى چۈشەنمەيۋاتقانلار؟ قېنى مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىشتىن قورقۇپ، ئۆز دىنىغا قىلىنغان ھاقارەتكە چىداپ تۇرغانلار؟ قېنى تەن ئازابىدىن قورقۇپ دىنىنى سېتىۋاتقانلار؟ قېنى سىلەر ئۆز دىنىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقانلار؟ قېنى سىلەر چۈشكۈنلەشكەن مۇسۇلمانلار جامائەسى؟ قېنى سىلەر ئۆز جانلىرىنى ئاللاھتىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلار؟ قېنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ «كىمكى ئاللاھنى ۋە مېنى ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە ئۇ مۆئمىن مۇسۇلمان بولالمايدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان مۇسۇلمانلار؟

‹مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنىڭ زىكرىگە ۋە نازىل بولغان ھەقىقەتكە يەنى قۇرئان ئايەتلىرىگە ئېرىپىدىغان ۋاقت كەلمىدىمۇ؟› {سۈرە ھەدىد 16-ئايەت}

ئويغىنىدىغان، چۈشكۈنلۈك قوينىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان، زىيان ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغان، يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتكەن ئۈمىدلەرنى قاناتلاندۇرىغان، ئارزۇلىرىمىزنى ياشنىتىدىغان پەيتىمىز تېخى كەلمىدىمۇ؟

شەيتانىنىڭ نوختىسىدىن قۇتۇلۇشقا تېخى كېچىكمىدۇق، ئارزۇلار سىز ھەم بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز بىلەن رېئاللىققا ئايلانغۇسى، ئۈمىدلەر ئىسلام ئۈچۈن كۆيگەن قانلاردا قاناتلانغۇسى، دىن ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيگەن تەنلەردىن گۇمراھلىق كۈل بولۇپ تۆكەپ كەتكۈسى، كۆزلەر، سۆزلەر ۋە قەلبلەر ھەقىقىي رەۋىشتە بىر ئىسلام نۇرىدا يورۇپ كەتكۈسى ۋە جۇلالانغۇسى. بىز ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈشكە ۋە ئىسلاھ قىلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق ۋە مەجبۇرمىز. بىز ئۆزىمىزنى قايتىدىن كۆرۈپ چىقىشقا تىگىشلىكمىز. چۈنكى بىز، ئىسلام ئۈچۈن كۆيمەكچى بولغان يېڭى بىر تەنگە ئايلانماقچى.

قەلبىمىزدىكى ئىسلام ئوبرازى ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئورنى شۇنچىلىك ئاددىي ۋە شۇنچىلىك تۆۋەن بولۇۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇشبۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ سىلەرگە سۇنۇشتىن مەقسەت، ھەقىقىي ئىسلامدا چىلك تۇرۇشنىڭ نىمىلىكىنى بىلدۈرۈش ۋە ھەقىقىي ئىسلامنى قانداق قوغداشنى كۆرستىش دېسەم خاتا بولماس.

بۇ كىتاب پۈتۈن ئىسلامنى، ئىسلام دۇنياسىنى، دىنى ئىلىملەرنى، دىن يولىدىكى كۈرەشلەرنى تولۇق سۆزلەپ بېرەلمىسىمۇ، دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز قارشى، چۈشەنچىسى ۋە تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە تۆرتكە بولالايدۇ دەپ ئويلايمەن. بىر مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئۆز دىنىنى قوغداش يولىدا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى كۆرگىنىڭىزدە نامازغا باھانە ئىزدىگەن سىزنىڭ يۈزلىرىڭىز قىزارسا، ئۇ دۇچ كەلگەن قىيىن-قىستاقلار سىز تۇتمىغان ئاشۇ رامىزان روزىسىنى ئېسىڭىزگە سالالىسا، ئۇنىڭ ئۇچرىغان خورلۇقلىرى دۇچ

كەلگەن توسالغۇلىرى سىزنىڭ «مەن مۇسۇلمان!» دەپ چوقان كۆتۈرۈۋاتقان ئاشۇ دەۋايىڭىزنى جىمىقتۇرۇپ، سىزنى چوڭقۇر تەپەككۇر قايناملىرىغا تاشلىيالىسا ،قەلبىڭىزدە «مەنمۇ مۇسۇلمانمۇ؟» دېگەن سۇئالنى تۇغدۇرالىسا ئەجەپ ئەمەس.

تەكرار ئەمگەككە كەتكەن ۋاقت ۋە زېھنىمىزنى يەنە باشقا پەزىلەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتەرمىز دەپ، كىتابنىڭ باش قىسمى ئۈچۈن توردا تارقالغان70 بەتلىك ئېلكىتاب نۇسخىسىدىن پايدىلاندۇق ۋە شۇنى ئاز-تولا تەھرىرلىگەن ئاساستا ئاخىرىنى داۋام قىلدۇق، جانابىي ئاللاھ ئۇشبۇ كىتابنى باشلىغۇچى نامسىز قېرىنداشىمىزغا ۋە شۇ يولنىڭ ئىزىنى باسقۇچى بىزلەرگە ئەجىر بەرگەي، ئامىين.

بىلىم قۇرۇلمىمىز ۋە تەرجىمە سەۋىيەمىز تۆپەيلى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولىشىمىز مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ھالغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن تەكلىپ بېرىشىنى ۋە دۇئالىرىدا ئەسلەپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

-خەدىچە، شېھىدە

بىرىنچى باب

# ئابدۇناسىر ماگا نەپرەتتە

1964-يىلى ئىكككىنجى ئاي، قەھرىتان قىشنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ماشىنا بىلەن ئۆيگە قايتىۋاتاتتىم. ماشىنا تۇيۇقسىز باشقا بىر ماشىنا تەرىپىدىن ئۇستۇرۇلۇپ ئاغدۇرىۋېتىلدى. ماشىنا بەك قاتتىق سوقۇلغاچقا مەن يېرىم ھۇشسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. پەۋقۇلئاددە باش ئاغرىقتىن ئازراق ھۇشۇمغا كەلگەندەك بولدۇم. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم، پەقەت بىر قورقۇنچلۇق ئاۋازنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم -دە، يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم.

ئويغانغىنىمدا ئۆزەمنىڭ خېلىبۇلىس دوختۇرخانىسىدا ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. يولدىشىم، ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرىم، دەۋەت خىزمىتىدىكى خىزمەتداشلىرىم مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئازابلانغانلىقى ۋە قورقۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس ئىدى. نەچچە سېكۇنتتىن كېيىن مەن يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم.

مەن خۇددى نىمە ئىش بولدى دېگەندەك بوش ئاۋازدا: «ئەلھەمدۇلىللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ» دەۋاتاتتىم. مەن بىر نەرسىلەرنى ئەسلىيەلىگەندەك قىلاتتىم. يولدىشىمنىڭ ئۇھسىنىغان ھالدا: «ئى ئاللاھ، ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ئەلھەمدۇللاھ» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. مەن شوپۇرۇم توغۇرلۇق سورىغىنىمدا، ئۇلار ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقانلىقىنى، ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كېيىن ئۇقسام ئۇنىڭ مېڭىسى قاتتىق سىلكىنىشكە ئۇچراپتۇ. ماڭا كەلسەك مېنى رېنتگىندا تەكشۈرگەندىن كېيىن، يوتا سۆڭىكىمنىڭ سۇنغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى. پۇتۇمنى تۆمۈر

بىلەن كەسپەشلەرلەش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئوپېراتسىيەنى دوختۇر مۇھەممەد ئابدۇللاھنىڭ قىلىشى ئۈچۈن، مەن مۇزھەر ئاشۇر دوختۇرخانىسىغا يۆتكەلدىم. ئوپېراتسىيە ئۈچ يېرىم سائەت داۋاملاشتى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم، ئەمما ئەھۋالىمنى ئانچە ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن بۇ ۋەقەنىڭ ھەرگىزمۇ كۈتۈلمىگەن ھادىسە ئەمەسلىكىنى بىلدىم. بۇ ۋەقەنى مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جامال ئابدۇناسىرنىڭ خادىملىرى يوشۇرۇن پىلانلىغانىكەن.

نەچچە كۈندىن بۇيان بىر قىسىم مۇسۇلمان ياشلار مېنى ھەركۈنى دېگۈدەك يوقلاپ تۇردى. ئۇلاردىن بىرى قېرىندىشىم ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ئىدى. بۇ ماشىنا ھادىسىسىنىڭ پىلانلىق سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ مېنى كۆپ يوقلاپ كەلمەسلىكىنى ئۆتۈندۈم، ئۇ ئۇلارنى توسقانلىقىنى، لېكىن ئۇلارنىڭ كېلىشتە چىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ياشلار مېنى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك دائىم يوقلاپ تۇردى.

بىركۈنى « مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى »نىڭ مەمۇرىي ئىشلار كاتىپى قولىدا ھۆججەت كۆتۈرگەن ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى، مەن «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى »نىڭ رەئىسى ئىدىم، بۇ ۋاقىتتا ياتاقتا يولدىشىم ۋە « مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نىڭ يېتەكچىسى ئۇستاز ھەسەن ھۇدەيبىنىڭ ئايالى بار ئىدى. يولدىشىم تېزلىكتە كاتىپنىڭ قولىدىكى ھۆجەتنى ئالدى-دە، ئۇنى ياتاقتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىدىم، يولدىشىم كاتىپىغا بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ھۆججەتلەرنى ئېلىپ كەلمەسلىكىنى ئېيتتى. مەن ھەيرانلىق بىلەن يولدىشىمدىن سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ مېنىڭ ھەرقانداق ھەركىتىمگە مېنى داۋالاشقا مەسئۇل دوختۇرنىڭ قۇشۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى، دوختۇر مېنىڭ پۈتۈمنى تەكشۈرگەندىن كېيىن مېنى ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن توستى ۋە ھەر قانداق ھۆججەت ۋە

« مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»گە ئائىت خەۋەرلەرنىڭ مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىشىنى توستى. مەن نارازىلىق بىلدۈرگەن ئاھاڭدا «بۇ پەقەت ھۆججەتكە ئىمزا قويۇش دىگەندەك كىچىك ئىشلارغۇ، بۇنداق ئەستايىدىل بولۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق » دېدىم. بىراق دوختۇر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى. نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، مەن دوختۇردىن كارىۋات ئۈستىدە ئۆزۈم قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشىمغا قوشۇلىشىنى ئۆتۈندۈم، لېكىن ئۇ يەنىلا قوشۇلمايۋاتاتتى. مەن بىر ئىش چىققانلىقىنى، لېكىن دوختۇر، يولدىشىم ۋە كاتىپىنىڭ ماڭا بىلدۈرۈشنى خالىمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان ئىدىم. «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نىڭ ئايال كاتىپى مېنى يوقلاپ كەلگەندە، مېنىڭ سوئاللىرىمغا ئاددىيلا جاۋاپ بەردى، ئۇمۇ مەندىن قەستەن بىر ئىشلانى يوشۇرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئالاھەزەل نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئايال كاتىپ مېنى يەنىلا يوقلاپ كەلدى. ئۇ غەيرەتكە كېلىپ، كۆپچىلىك مەندىن يوشۇرىۋاتقان ئىشنى ماڭا دېمەكچى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا يولدىشىمۇ بار ئىدى. ئۇ مېنى غەيرەتلىك، سەبىرچان بولۇشقا ئۈندەۋاتاتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نىڭ باش ئورگىنىنى تاقاشماقچى ئىكەن. مەن قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىگەندەك كاتىپىنىڭ قولىدىكى ھۆججەتنى ئېلىپ ئوقۇدۇم، ئېنىق قەغەز، قارىسى سىياھ، ئۇلار راستىنلا قارار قىلغان ئىدى. مەن ئايال كاتىپقا قاراپ:

-ئەلھەمدۇلىللاھ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىش ھوقۇقى يوق. بۇ پەقەت ئىسلامىي تەشكىلات خالاس،-دېدىم. ئۇ:

-ھۆكۈمەت ئالدىدا ھېچكىم بۇنداق دېيەلمەيدۇ. بىز بار ئاماللارنى قىلدۇق. لېكىن ناسىر يەنىلا بىرلەشمىمىزنى تاقاشتا چىڭ تۇرىۋاتىدۇ. ئەڭ يامىنى، ئۇ سىزدىن نەپرەتلىنىدۇ. زەينەب ھاجىم! ئۇ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى تىلغا ئېلىشنىمۇ خالىمايدۇ. كىم ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسمىڭىزنى تىلغا ئالسا، ئۇ شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدۇ. -دېدى جاۋابەن.

-ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھ ئۇنى مەندىن قورقۇتتى ۋە ماڭا نەپرەتلەندۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق

ياۋۇزلۇقى پەقەت بىزنىڭ جان-دىلىمىز بىلەن كىشلەرنى دىنغا دەۋەت قىلىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى تۇرغۇزۇش ئارزۇيىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئاللاھ خالىسا بىز چۇقۇم غەلبە قىلىمىز! بىز دىن دەۋىتى ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايمىز. ھەتتا جانلىرىمىزدىن ئايرىلىشقا بىز رازى !-دېدىم مەن ھاياجانلانغان ھالدا.

-ھاجىم،- دېدى كاتىپ كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا،- ئاللاھتىن بىرلەشمىمىزنىڭ تاقىلىشى بىلەنلا ئىشلىرىمىزنىڭ ئاخىرلىشىپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن. لېكىن سىزنىڭ ھازىر دىگەن سۆزلىرىڭىز بەلكىم ئاللىبۇرۇن ئۇنئالغۇغا ئېلىنىپ بولدىمىكىن دەيمەن. بۇ ئۆيگە مەخپىي ئەسۋاب ئورنىتىلغان بولىشى مۇمكىن.

ئۇ قۇلاق تۈۋىمگە كېلىپ پىچىرلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى دېگەنلىرىنىڭ راس بولۇپ قېلىشىدىن قورققاندەك تېخىمۇ يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى. -ھاجىم، مەن سىزدىن كىچىك بىر ئىشنى ئۆتۈنەي، سىز بۇ قەغەزگە ئىمزا قۇيۇڭ. شۇندىلا بىرلەشمىمىز تاقالمايدۇ.

مەن ئالدى بىلەن ئۇ قەغەزنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدىم. بۇ ئەسلى سوتسىيالىزىم ئىتتىپاقىغا كىرىش جەدۋىلى ئىكەن.

-ياق،-دېدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن،- مۇستەبىتچى جامال ئابدۇناسىر ئابدۇقادىر ئەۋدا ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنى ئۆلتۈردى. ئەگەر مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ بۇنىڭغا ئىمزا قويسام، شۇ ئىمزا قويغان قوللىرىم قۇرۇپ كەتسۇن. قوللىرى تەۋھىدچىلەرنىڭ قانلىرى بىلەن تولغانلار ئاللاھ ۋە مۆمىنلەرنىڭ دۈشمىنى. بۇنىڭغا ئىمزا قۇيۇشتىن بىرلەشمىمىزنى تارقىتىۋېتىش مىڭ ئەۋزەل.

ئايال كاتىپ باشلىرىمغا سۆيدى ۋە كۆزلىرگە ياش ئالغان ھالدا :

-مېنى ئۆز قىزىڭىزدەك كۆرۈپ ئىشىنەمسىز ؟-دەپ سورىدى.

-ھەئە،-دەپ جاۋاپ بەردىم.

-ئەمىسە بۇ ئىش بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن،-دېدى ئۇ.

-كارىم بولمىسا بولىدۇ. بىراق بۇنىڭغا مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە بويسۇنىدىغان، قۇبۇل قىلىشقا بولمايدىغان مەزمۇنلار بار. ئاللاھ ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن تاللىغان ئىش بولىدۇ،- دېدىم ئۇنىڭغا جاۋابەن. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئاخىرى دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيدە داۋالىنىدىغان بولدۇم.

## مەن ۋە سوتسىيالىزىم ئىتتىپاقى

ئۆيىدىكى ۋاقىتلىرىمدا، ئايال كاتىپ ھەركۈنى مېنى كۆرگىلى كېلىپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا بىرلەشمىمىزنى تارقىتىش قارارىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سورىدىم.
ئۇ جاۋاب بېرىپ: «مەنمۇ ئېنىق بىلمىدىم، بەلكىم بۇ سىز بىلەن ئالاقىلىششقا بىر يول قويۇپ قويۇش ئۈچۈندۇر» دېدى. كاتىپ ماڭا مەن كۆرۈشكە تېگىشلىك ماتېرىياللارنى ۋە ئىمزالايدىغان ھۆججەتلەرنى تەييارلاپ بېرىۋاتاتتى. مەن ئۆيدە مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ قايتىدىن ئىشقا كىرىشىشى ئۈچۈن ھەركەتلىنىپ كەتتىم.
بىر قانچە كۈندىن كېيىن پۇتۇمنىڭ يىپىنى ئېلىۋېتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كىردىم. بۇ ۋاقىتتا (ئىمام شېھىد) سەئىد قۇتۇب تۈرمىدىن چىققان بولۇپ، بىر نەچچە قېرىنداش بىلەن مېنى يوقلاپ كەلدى. بىركۈنى تۇيۇقسىز بىر پارچە زاكاس خەت تاپشۇرۋالدىم. خەت ئىچىدە مۇنداق بىر جەدۋەل بار ئىدى.

| |
|---|
| ئەرەب سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقى |
| ئازادلىق سوتسىيالىزىم ئىتتىپاقلىق |
| ئىسمى: زەينەب غەززالى جۇبەيلى |
| خىزمىتى: مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى رەئىسى |
| دۆلىتى: مىسىر |

بۇنداق بىر جەدۋەلنى پوچتىدىن ئەۋەتىشى ماڭا مېنىڭ مىلادى 1964-يىلى «سوتسيالىزم ئىتپاقى»نىڭ ئەزالىق پۇلۇمنىڭ تۆلىنىشلىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىكەن، مىسىرنىڭ بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىغا ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم. ھەربىي سىياسىي ئۆزگۈرۈشتىن بۇرۇن بىز ئەركىن ياشاۋاتاتتۇق، لېكىن ئۇلار ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن سوتسيالىستىك ئىتتىپاقنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىش چاقىرىق قەغەزلىرى مېنىڭ خەت ساندۇقۇمغا ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇردى. مەن ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن ئەكسىچە پۈتۈن كۈچۈمنى مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قاراتقان ئىدىم.

مەن ھازىر ھاسىغا تايىنىپ ئىشخانىغا بارالايدىغان بولغان ئىدىم. بىركۈنى ئەتىگەندە ئىشخانىدا تۇرسام تۇيۇقسىز تېلفۇن جىرىڭلىدى، كاتىپ سوتسيالىزم ئىتتىپاقىدىكى بىرىنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن تېلفۇننى ئالدىم:

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

-نېمە ئىشىڭىز بار؟

قارشى تەرەپ مېنىڭ زەينەب غەززالى ئىكەنلىكىمنى جەزىم قىلغاندىن كېيىن:

-بۇ سوتسيالىزم ئىتتىپاقى، سىزنىڭ مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمەتچىلىرىنى باشلاپ، لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ ئايرۇپىلان ئىستانىسسىغا بېرىپ زۇڭتۇڭنىڭ دۆلەتكە قايتقىنىنى قارشى ئالغىلى چىقىشىڭلارنى سورايمىز.

-ئاللاھ خالىسا، ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ،- دېدىم جاۋاب بېرىپ.

-بۇ بىزنىڭ تەلىپىمىز، بىز مەمۇرىي كومېتېت ئەزالىرىنىڭ، مۇمكىن بولسا پۈتكۈل ئەزالارنىڭ كېلىشىنى سورايمىز. ئەگەر كېرەك بولسا بىز سىزگە ماشىنا ئەۋەتەيلى، -دېدى قارشى تەرەپ.

-رەھمەت، -دەپ تېلېفونىنى قويدۇم.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مەن سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقىنىڭ يەنە بىر تېلېفونىنى ئالدىم،بۇ قېتىم بىر ئايال كىشى ئۇرغان ئىدى، ئۇ بىزنىڭ نېمىشقا زۇڭتۇڭنى كۈتىۋېلىش مۇراسىمىغا بارمىغانلىقىمىزنى سورىدى، مەن جاۋابەن:

-بىز مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىدىكى ئاياللار ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلىمىز، شۇڭلاشقا بىز ئۇنداق ئادەم كۆپ بولغان قىستاڭچىلىق سورۇنلارغا بارمايمىز،-دېدىم. ئۇ:

-ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ زەينەب خانىم؟ سىزنىڭ زادى بىز بىلەن ھەمكارلاشقىڭىز يوق ئوخشايدۇ. سىز ئۇقتۇرۇشنى ئەزالارغا يەتكۈزدىڭىزمۇ؟ ئۇلارمۇ كېلىشنى رەت قىلدىمۇ ؟-دەپ سورىدى ئۇ.

-مەن ئۆزۈم بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ بولغان ئىشقا قارشى تۇرسام قانداقمۇ ئۇلارغا ئۇقتۇرىمەن؟

-سىز بىز بىلەن ھەمكارلاشمايۋاتىسىز. بىز قۇرئان ۋە سۈننەتتە چىڭ تۇرىمىز، ئاللاھقا سادىق بولىمىز، بىز پەقەت ياخشى ۋە پايدىلىق ئىشلاردىلا ھەمكارلىشىمىز. بەلكىم سىز تېلېفوندا بۇنداق مۇنازىرىلەرنى قىلىشنى ياخشى ئەمەس دەپ ئويلىغانسىز،سىز بۇيەردە قارشى ئېلىنىسىز! بىز سىزنى سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقىنىڭ باش ئورگىنىدا يەنى ئابىدە مەيدانىدا ساقلايمىز.

-ئەپسۇس، مەن ھازىر پۈتۈمنى داۋالىتىۋاتقاچقا ئۇ يەرگە بېرىشىم ئەپسىز، ئەگەر سىز خالىسىڭىز بۇ يەرگە كېلىڭ.

-سىز ئۆيگە قايتىش يولىڭىزدا بۇ يەرگە كەلسىڭىز بولىدۇ، ئەجەبا سىز سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئەمەسمۇ؟

- مەن مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، خەير-خوش قىزىم، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ! دەپلا تېلېفونىنى قويىۋەتتىم، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ

بارمىدىم.

بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، بىرلەشمىمىزنىڭ بىر خادىمى ماڭا 1964-يىلى 9-ئاينىڭ 15-كۈنىدىكى مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تاقىلىدىغانلىق دوكىلاتىنى كۆرسەتتى.

## ياق! مۇستەبىتلەرگە ھەرگىز باش ئەگىشكە بولمايدۇ!

بۇكۈنى مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسى مەمۇرى كومىتىتى جىددىي يىغىن ئاچتۇق. كومىتېت ئەزالىرى بىردەك بىزلەشمىمىزنى تارقاقلاشتۇرۇش ۋە بىرلەشمىمىزنىڭ مال-مۈلكىنى ئابدۇناسىرنىڭ ھەربىي سىياسى ئۆزگىرىشىدىن كېيىن بىزدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن باشقا بىرلەشمىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قارشى تۇردى. بىزدىن ئايرىلغان بۇ كىشلەر ئاللىبۇرۇن ئابدۇناسىرنىڭ چوماقچىلىرىغا ئايلانغان ئىدى. مەمۇرى كومىتىتىمىز يەنە 24 سائەت ئىچىدە باشقا ھەممە ئەزالارنى يىغىپ جىددىي يىغىن چاقىرىشنى قارار قىلدى. بۇ يىغىندىمۇ ھەممە ئەزالار بىرلەشمىمىزنى تارقىتىشقا نارازىلىق كۆرسەتتى ۋە سوتتا ئەرز قىلىدىغان بولدۇق.

بىز دوكتۇر ئابدۇللاھ راشۋاننى بىزگە ئادۇۋكات بولۇشقا تەكلىپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرى، باش تەپتىش مەھكىمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا خەت ۋە تېلگىراممىلارنى يوللاپ، مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنى تارقىتىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى، بىرلەشمە ھىجرىيە 1357-يىلى (مىلادى 1936-يىلى) قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇددىئاسى ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش، كىشلەرنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھسسالامنىڭ سۈننىتىگە قايتىشقا چاقىرىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ياكى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ بىرلەشمىمىزنى تاقاش ھوقۇقى يوق دېگەندەك مەزمۇنلارنى

يازدۇق، ۋە يۇقارقى ھۆججەتلەرنىڭ كۆپەيتمە نۇسخىسىنى ئاخپارات ساھەسىدە ئېلان قىلدۇق.

بىزنىڭ خېتىمىز مۇنداق ئىدى :

«مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى ھىجرىيە 1357-يىلى (مىلادىيە 1936-يىلى) ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى يەتكۈزۈش، كىشلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆرمتى ۋە ئورنىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلالايدىغان ئۈممەت بولۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. بىرلەشمىمىز ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھەرقانداق مۇستەبىت كۈچنىڭ بىزنى تارقاقلاشتۇرۇش ھوقوقى يوق.

مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى پۈتكۈل ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارنى سالامغا، يەنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىشقا، شەرىئەتنى يولغا قويۇشقا چاقىردى.

بىز مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىمىزنىڭ تارقىتىلىشىغا قارشى تۇرىمىز. دىندىن تاشقىرى ھوقۇقلارنى تەرغىپ قىلدىغان جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭىنىڭ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىش ھوقۇقى يوق. ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە مۆمىنلەرگە قارشى دىنسىز ھاكىمىيەت بىزنىڭ پۇل-ماللىرىمىزنى مۇسادىرە قىلالايدۇكى، بىزنى بىز مېڭىۋاتقان ھەق يولدىن ھەرگىزمۇ يىراقلاشتۇرالمايدۇ.

ئۇلار پۇل-ماللىرىمىزنى مۇسادىر قىلسۇن، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى ئىمانىمىزنى ھەرگىزمۇ يوقىتالمايدۇ. دەۋەت بىزنىڭ بۇرچىمىز، بىز تەۋھىد تۇغىنى كۆتۈرۈپ يولىمىزدا چىڭ تۇرىمىز. بىزنىڭ ئەقىدىمىز تاكى ئىسلام شەرىئىتى يولغا قويۇلغۇچە لۈرەش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.»

بۇ ئەھۋالدا ناسىر بىرلەشمىنى تېزراق تارقىتىۋېتىشنى ئويلىغان چېغى، مەن باش تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ژورنىلىمىزنى بېسىپ تارقىتىشنى چەكلىدى. مۇتتەھەملەر ھەتتا بىزنىڭ باش ئورگىنىمىزنى چېقىپ تاشلاپ نەرسىلىرىمىزنى يۆتكىۋەتتى.

شۇ سەۋەپتىن بىرلەشمىمىز يەسلىدىن ئالىي مەكتەپكىچە بولغان ياتاق-تاماق، تەربىيلىنىش راسخوتىنى ئۈستىگە ئېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان 120 نەپەر يېتىم بالىمۇ يۆتكىۋېتىلدى.

مەن پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇ مۇتتەھەملەر ئۇسسۇپ كىرگەندە مەمۇرىي كومېتىتتىن ياكى دەۋەت گۇرۇپپىسىدىكى ۋە ياكى باشقا ئەزالاردىن بىرسىمۇ ئىشخانىدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار باش ئورگاننى مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ئېيىتتى، لېكىن مەن باشقا ئەزالار بۇنىڭغا قوشۇلمىدۇق. ئۇلار ئاخىرى مەمۇرى ئىشلار كاتىپىدىن بىنانى ئۆتكۈزىۋالدى. لېكىن، ئۇ ئاددى بىر خىزمەتچى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىنانى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھوقۇقى يوق ئىدى.

## بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك ؟

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن كېيىن، مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىدىكى ئاياللار ئارقا-ئارقىدىن مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ مەندىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سوراشتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، ئەينى چاغدا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ مەيدانى ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە كۈچلۈك ئىدى. 1964-يىلى ناسىر ھۆكۈمىتىنىڭ تازا گۈللەپ ياشنىغان ۋاقتى ئىدى. نۇرغۇن كىشلەر ئۇلارنىڭ نىسبەتەن سۈكۈتتە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرىنى رازىمەنلىك بىلەن قوللاۋاتاتتى. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك قىلىپ ماختاۋاتاتتى. بىر نەرسىگە ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى ئىش قىلىش، باشقىلار ئۇنداق قىلىشنى خالىمىغاندا ئۇلارنى يوقىتىشقا ھەركەت قىلىش ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئىشى ئەمەس. بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان ھەرگىزمۇ ئۆز قېرىنداش-ھەمشىرىلىرىنىڭ توغرا ئېتىقادىنى مەسخىرە قىلمايدۇ. نۇرغۇن ئىسلامىي ژورناللار بەس-بەستە مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى ماختاشقا

باشلىدى. ھەتتا بىز پەخىرلىنىدىغان ئەزھەر ژورنىلىنىڭ ئىچىگىمۇ مۇناپىق يازغۇچىلار سوقۇنۇپ كىرىپ سەپسەتە توقۇپ شۇ مۇستەبىتلەرنى ماختاۋاتاتتى. ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ياللانغان ئالىملار مۇجاھىدلارغا تۆھمەت چاپلايدىغان پەتىۋالارنى بېرىۋاتاتتى. ئۇلار كىشلەرنى ئىسلامغا ئېغىزدىلا ئېتىقاد قىلماستىن، ئىسلامىي ئەھكاملارنى كامىل ئورۇنلاشقا چاقىرىۋاتقان مۇجاھىدلارغا قاتتىق ئاھانەت قىلىۋاتاتتى.

مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى بەزى كىشلەر تاللىغان ئاتالمىش رۇخسەت قىلىش كېنىشكىسى ئېلىۋېلىش ياكى ئەزالىقتىن چېكىنىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ھېچبىرىنى تاللىماي، ھەقىقەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چىققانىدى. نۇرغۇن كىشلەر خىزمەتتىن، مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغاندا، ئۇلار كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشلەرگە قارشى ناھايىتى كەسكىن ھالدا ھەقنى سۆزلىگەن ئىدى. بىرلەشمىدىكى ئاياللار ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ ماڭا تەسەللى بېرىۋاتاتتى، مەن بىرلەشمىنى قۇرغاندا، ھاياتىمنى ئاللاھ يولىغا ئاتاشقا ۋەدە بەرگەن، بىرلەشمىنى مېنىڭ بارلىقىم دېيىشكىمۇ بولاتتى.

نۇرغۇن ئاياللار مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ كىشلەرنى ئاللاھ يولىغا چاقىرىش ئۈچۈن جانلىرىدىن كېچىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ ۋەدىلەر بېرىشەتتى. ئۇلار ئۆز ئۆيلىرىنى يىغىن ئۈچۈن ئىشلىتىشكە قۇشۇلغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا دەۋەتچىلىرىمىز ئۇ يەرلەردە ئاياللارغا ئىسلام قانۇنى ئۆگەتسە بولاتتى. لېكىن ناسىرنىڭ غالچىلىرى بۇنداق ھەقنى تەۋسىيە قىلغانلارنى ھەر ۋاقىت كۆزىتىپ تۇراتتى، شۇڭا بىزنىڭ پۇرسىتىمىزمۇ بەكلا ئاز ئىدى. مۇستەبىتچىلەر بۇنداق يىغىلىش ئۆتكۈزگەن ئۆيلەرگە بېرىپ ئۇلارغا تەھدىت سالاتتى ۋە ئۇلاردىن بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق يىغىلىش ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن كاپالەتنامە ئېلىۋالاتتى. كېيىن بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزمۇ ئايرىم ئۇچرىششلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

## سودىلىشىش ۋە ئالدامچىلىق

ناسىرنىڭ ئاخبارات ئورگىنىدىكىلەر مەن بىلەن بولغان توختامنى ئۆزگەرتتى. ئۇلار ماڭا بولغان مەدھىيىلەرنى، يەنى مېنىڭ ئۇ دۇنيالىقىمنى سەرپ قىلىپ سېتىۋالىدىغان بۇ دۇنيالىق نەرسىلەرنى كۆرستىش ئۈچۈن مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. مەسىلەن، ئۇلار مۇسۇلمان خانىملار ژورنىلىنىڭ بېسىپ تارقىتىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مېنى 300 ياۋرو ئايلىق ئىش ھەققى بىلەن باش تەھرىر بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئەلۋەتتە مەن رەت قىلدىم. مۇسۇلمان خانىملار ژورنىلىنىڭ مۇستەبىتلەر تەرىپىدىن يۇرگۈزۈلۈپ، دىنىسىز ئىدىيىلەرنى تارقىتىشى ئويلاشقىمۇ بولمايدىغان ئىش ئىدى. ئۇلار يەنە مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنى تاقاش بۇيرۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشخانا بىنايىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ھەر يىلى بىزنى 2000 ياۋرو ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭ شەرتى بىز سوتسىيالىزىم ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىنى كىرگۈزىشىمىز كېرەككەن. مەن ئوخشاشلا رەت قىلدىم ۋە ئۇلارغا: «بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئاللاھ نېسىپ قىلسا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدۇ، مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى ھەرگىز باشقىلارغا ئوخشاش ئىسلامنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ تۇرۇپ، ئىسلامغا زىت ئىشلارنى قىلمايدۇ» دېدىم.

مېنىڭ جاۋابىم ئۇلارنى خېلى سەكرەتتى، بىراق ئۇلار يەنىلا نىيەتلىرىدىن يانماي پات-پات كېلىپ مېنى بۇ كۆلكىلىك نەرسىلەرگە قىزىقتۇرۇپ باقتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇلارنىڭ نېمىشقا مېنى بۇنداق ئالدىماقچى بولغانلىقىنى چۈشەندىم.

# كېچىدىكى شەپەرەڭلەر

مەلۇم بىر كۈنى كەچ، مەن ئۆيدە ئىدىم، ئۈچ كىشى ئىشىك چېكىپ رۇخسەت سورىدى. مەن ئۇلارنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدىم، ئۇلار ئەرەپچە كۆينەك كىيىۋالغان ئىدى. سالامدىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ سۈرىيەلىك ئىكەنلىكىنى، سەئۇدىيدىن مىسىرغا ساياھەتكە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ سەئۇدىيدا سەئىد رامازان، شەيخ مۇستافا ئالىم، كالىم شەررىف، مۇھەممەد ئاشماۋى، فازىل خۇلى (بۇلارنىڭ ھەممىسى ناسىرنىڭ مۇستەبىد ھاكىمىيىتىدىن قېچىپ كەتكەن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئىدى.) قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مىسىردا قالغانلارغا سالام يوللىغانلىقىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ياخشى تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى.

بۇ ئۈچەيلەن يەنە سەئىد رامازان ۋە ئۇنىڭ تەشكىلاتىنىڭ ئۇلارنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» تەشكىلاتىغا قاتنىششقا دەۋەت قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ قوشۇلغانلىقىنى، مىسىردا تۇرۇپ قېلىپ تەشكىلاتقا ياردەم بېرىشنى ئويلاۋاتقىنىنى ئېيتتى. ئاندىن بۇ كىشىلەر ناھايىتى ئەركىن ھالدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ناسىر ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قانداق ئەزگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئارقىدىن يەنە 1954-يىلىدىكى ۋەقەنى، قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قانداق تارقىتىلغانلىقىنى، ئابدۇقادىر ئەۋدا ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ۋاپاتىنى سۆزلىدى. ئۇلار: «پۇرسەت كەلدى، بىز ئۈچ ئالىمىز، ناسىرنى ئۆلتۈرىمىز. بۇ شۇنداقلا كامىل شەرىف، ئاشماۋى، خۇلى ۋە ئالىملارنىڭ پىكرى» دېدى.

مېنىڭ پەقەتلا ئاڭلاپ بېرىپ، گەپ قىلمىغىنىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ پىكرىمنى سورىدى.

-سىلەرنىڭ دەۋاتقان ئىشڭلار ۋە ئادەملەردىن خەۋەرسىزكەنمەن.

-ھەمشىرىمىز زەينەب، بىز مۇرشىد ۋە تەشكىلاتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش ئۈچۈن قايتا يەنە كېلىمىز!- دېيىشتى ئۇلار. مەن قىسقىلا جاۋاب بەردىم.

-بىرىنچىدىن، مەن سىلەر تىلغا ئالغان تەشكىلاتتىن پەقەت قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەنلىكىدىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيمەن. ئىككىنچىدىن، مەن سىلەر ئېيتقان مەسلىلەرنى مۇرشىدقا دېمەيمەن. مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم پەقەت دىنىي قېرىنداش، تۇققانداشلىق ۋە دوستلۇق خالاس. ئۈچىنچىدىن، مېنىڭ قارىشىمچە، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش قېرىنداشلار تەشكىلاتى قىلىدىغان ئىش ئەمەس. شۈبھىلىشقا سىلەر دۆلەتنىڭلارغا قايتىپ كېتىپ، ئۆزەڭلارنىڭ دىنىي تەربىيەڭلارنى كۈچەيتىڭلار.

-قارىغاندا ھەمشىرىمىز زەينەب ھازىرغىچە چۈشەنمىگەن ئوخشايسىز. كىم مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتىگە زىيانكەشلىك قىلدى؟ ئابدۇناسىر بولماي زادى كىم؟-دېدى ئارىسىدىن بىرسى جاۋابەن.

-مېنىڭچە ناسىرنى ئۆلتۈرۈش ھەرگىزمۇ قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئىشى ئەمەس،- دېدىم مەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى سورىدىم.

-ئابدۇلشاھى ئابدۇلھەق، ئابدۇجەلىل ئەيسا، ئابدۇررەھمان خېلىل،- دەپ جاۋاب بەردى بىرەيلەن كېكەچلەپ. بۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ «ئابدۇ» بىلەن باشلىنىدىغانلىقى شۇنداقلا ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭلا ئېيتقىنى مېنى كۈلكىگە قىستايتتى. مەن يەنە بىر قېتىم ئۇلارنى ئەسكەرتىپ:

-ناسىرنىڭ ئادەملىرى سىلەرنى تۇتىۋېلىشتىن بۇرۇن دۆلىتىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار. نەچچە كۈندىن بۇيان سىلەرنى تۇتىۋالمىغىنىمۇ ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدۇ،- دېدىم. ئۇلار 180 گىرادۇس ئۆزگىرىپ:

-سىزنىڭ بىزدىن گۇمانلانغىنىڭىز توغرا. بىز ئۇزۇنغا قالماي يەنە كېلىمىز. شۇ چاغدا

بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلىسىز،- دېدى بىرەيلەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كەتتى.

بۇ ئىشتىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مېنى قېرىندىشىم ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل يوقلاپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ ئاتالمىش سۈرىيەلىك ئۈچ مېھماننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم.

## ئىككى يۈزلىمە ئەھمەد راسىخ

سۈرىيەلىكلەرنىڭ زىيارىتىدىن ئالاھەزەل ئىككى ھەپتە كېيىن، ئۆزىنى مەھمۇد راسىخ دەپ ئاتىۋالغان بىر كىشى مېنى زىيارەت قىلىشقا كەلدى. ئۇ ئۆزىنى ئاخبارات ئورگىنىدىن دېدى،ئۇ ئالدىنقى كۈنى كەلگەن ئۈچ كىشىنىڭ نىملەرنى دېگىنىنى سورىدى.مەن ئۇنىڭغا:

— ئاتالمىش سۈرىيەلىكلەر ئەسلا سۈرىيەلىك قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئەمەس،بەلكى ئاخبارات ئىدارىسى ئەۋەتكەن ئىشپىيونلار. بۇ پەقەت كىچىك باللارنىڭ ئۇيۇنى خالاس، ئۇلار قىلماقچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى ،ژۇرنالللارنى مۇسادىرە قىلدى،باش ئورنىمىزنى تارقىتىۋەتتى،ئۇلار زادى يەنە نىملەرنى قىلماقچى؟ئادەمنى ئەڭ ئەجەپلەندۇردىغىنى،ئۇ مەندىن سۈرىيەلىكلەر بىلەن بولغان پاراڭدىكى جامالوف دىگەنىنىڭ مەنىسىنى سورىدى.

مەن جاۋاب بېرىپ:-بۇ دىنىي ئاسىيلار ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىچىلەرگە تەۋە بولغىنىدىن پەخىرلىنىدۇ،-دېدىم. ئۇ تېزلىكتە تېمىنى بۇراپ:

ـ ھاجىم،بىز مۇسۇلمان.ـدېدى.

ـ مۇسۇلمانلار ھەرگىز بۇنداق ئەمەس! ‹ئۇلار (پەيغەمبەرگە):« بىزنىڭ دىللىرىمىز سەن بىزنى دەۋەت قىلغان نەرسىلەردىن پەردىلەنگەن،قۇلاقلىرىمىز ئېغىر،سەن بىلەن بىزنىڭ

ئارىمىزدا پەردە (يەنى دىنىي جەھەتتە ئوخشىماسلىق ) بار ، سەن ئۆز ئىشىڭنى قىل، بىزمۇ ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى ( يەنى سەنمۇ ئۆز دىنىڭ بىلەن بول، بىزمۇ ئۆز دىنىمىز بىلەن بولايلى )»دەيدۇ› . {سۈرە فۇسسىلەت 5-ئايەت}

ــ ئەگەر سىز بىزنىڭ شەرتىمىزگە قوشۇلسىڭىز ئەتىدىن باشلاپ جەمئىيەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى بولىسىز.

مەن مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ:

ـ ئەمەل ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرالمايدۇ، ئۇلار مۇستەبىتلەرنىڭ دىنسىز ھۆكۈمىتىگە قاتناشمايدۇ ،مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىگە كەلسەك ، ئۇ ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندا چوقۇم قايتا قۇرۇلىدۇ، ھازىر سىلەر زادى مىنى نىمە قىلسۇن دەيسىلەر؟

ــ بىز سىز بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى.

ــ بۇ مۇمكىن ئەمەس! باتىللىق تۈغىنى كۆتۈرۈپ دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلغۇچى بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغۇچى ئوتتۇرىسىدا قانداقمۇ كېلىشىم بولسۇن؟ ئاللاھقا قايتىڭلار ،ئۇنىڭغا قايتىڭلار،ئۇنىڭغا قايتىڭلار ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار.مېنىڭچە سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، ئۇبۇ چاغدا ئاللىبۇرۇن مەن دەملەپ بەرگەن قەھۋەنى ئىچىپ بولغان ئىدى، مېڭىشقا تەمشىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،بىز سىز بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى ئىدۇق.كېلىشىم تۈزۈلسىلا سىز مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنى  قايتىدىن قۇرالايسىز،مۇسۇلمان ئاياللار ژورنىلىمۇ قايتىدىن بېسىلىدۇ.

ــ رەھمەت،لېكىن ئىسلامغا ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالغان ئورگان كېرەك ئەمەس،ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن،تەۋبەڭلارنى قۇبۇل قىلسۇن!

ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كىيىن مەن بالكوندا ئولتۇراتتىم،بىر ماشىنا ئىشىك تۈۋىمدە توختىدى-دە،بىر قارا كىيىملىك ئادەم ماشىنىدىن چۈشتى.

ــ ئەسسالام-ئەلەيكۇم،زەينەب ھاجىم،- مەن ئۇنىڭ سالىمىنى قايتۇردۇم ۋە ئۇنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى ئاخبارات خادىمى ئەھمەد راسىخ دەپ تونۇشتۇردى. مەن خۇددى ئۇنىڭ بوي-بەستىنى ئۆلچەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالدىم. قاچانلاردا بىر قېتىم مەن ئاخبارات ئىدارىسى ئىشخانىسىغا ئەھمەد راسىخ ئىسىملىك بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشكە چاقىرىلغان ئىدىم. مەن خىزمەت ئۈستىلى ئۈستىدە ئەھمەد راسىخ دىگەن ئىسىم يېزىلغان كارتوچكا كۆرگەن ئىدىم. ئەڭ قىززىق يېرى شۇكى، بۇ يېڭى ئەھمەد راسىخ ماڭا ئىككى كۈن ئىلگىرى مېنى زىيارەت قىلغان كىشىنىڭ گېپىنى قىلدى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن ئېسىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىمۇ ئوخشاشلا ئەھمەد راسىخ ئىدى. ئۇچىلا كىشىنىڭ ئىسمى ئەھمەد راسىخ، ھەممىسىلا مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدۇ.

زىيارەتچى مېنىڭ ئەجەپلەنگەن كۆزلىرىمگە قاراپ:

ــ مېنىڭ زىيارىتىمدىن ھەيران قالغان ئوخشىمامسىز، زەينەب ھاجىم!

مەن مەسخىرە ئارىلاشتۇرماستىن:

ــ مەن باشقا ئىشتىن ھەيران قېلىۋاتىمەن. دائىم چاقىرىلغان ۋە چاقىرىلمىغان مېھمانلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتىۋالىمەن، مەن سىزنى كۆرۈپ «ئېھرام» ژورنىلىدا ئوقۇغان بىر ھېكايىنى ئەسلەپ قالدىم. ئىككى يۈز يىللار ئىلگىرى، ئەنگىلىيە پادىشاھى گوللاندىيە ئايال پادىشاھىنىڭ كۈتىۋېلىش زالىدىكى بىر ئىتقا دىققەت قىلىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىتنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى سۆيۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن ئۇنى يولدىشىغا بېرىپ يولدىشىنىڭ قۇلىقىغا بىر نىملەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن، يولدىشىمۇ ئىتنى سۆيۈپ كىتىپتۇ. ئايال پادىشاھ ئىتنى يەنە يولدىشىنىڭ قولىدىن ئېلىپ خۇددى ئۆز بالىسىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ مەگزىلىرىگە يېقىپ كېتىپتۇ. ئەنگىلىيە پادىشاھى ناھايىتى ھەيرانلىق ھېس قىلىپتۇ، ئۇلار تاماققا كىرگەندە گوللاندىيە ئايال پادىشاھى ئىتنى

ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى بىر نەرسە يېگۈزۈپتۇ. ئەنگىلىيە پادىشاھى ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن نېمشقا بۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ، بۇ ئىت قىزىمنىڭ ئىدى بولمىسا سىزگە سوۋغا قىلاتتىم، دەپ قوشۇپ قويۇپتۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن. روھىنىڭ قايتىدىغانلىقىغا ئىشىندىغان بۇ گوللاندىيە ئايال پادىشاھى جاۋابەن، مېنىڭ بىر ئوغلۇم قازا قىلغان ئىدى، بۇ ئىتنىڭ كۆزى شۇ قازا قىلغان ئوغلۇمنىڭكىگە ئوپمۇ-ئوخشاشكەن، مەن ئوغلۇمنىڭ روھىنىڭ دۇنياغا قايتىپ بۇ ئىتقا كىرگەنمىكىن دەپ ئويلايمەن، دەپتۇ. ئەنگىلىيە پادىشاھى قىزىنى قايىل قىلىپ بۇ ئىتنى گوللاندىيە پادىشاھىغا سوۋغا قىپتۇ. مەن ھىكايىنى سوزلەپ بولۇپ مېھمانغا ــ راسىخ ئەپەندىم، روھىنىڭ قايتىشىغا ئىشەنگەن كىشىلەر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھىنىڭ قايتىدىن بىر يېڭى ھاياتلىققا كۆچىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مەن ئۈچ نەپەر ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمىنى كۆردۇم،ئۈچ كىشى ئورۇق-سېمىز، ئېگىز-پەس ھېچبىر ئوخشاشلىق يوق، لىكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى ئەھمەد راسىخ دەيدۇ. سىلەرنىڭ جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى روھىنىڭ قايتا تىرىلىشگە ئىشىنىپ سىلەرنىمۇ ئىشىنىشكە بۇيرىغان ئوخشىمامدۇ؟ــ

كەلگەن كىشى قايمۇققان ھالدا:

ــ خانىم، مەن ھەقىقي ئەھمەد راسىخ، بىز ياخشى كىشىلەر، بىز سىز بىلەن كېلىشىم تۈزمەكچى،-دېدى.

ــ كىمنىڭ ئەھمەد راسىخ بولۇشى مۇھىم ئەمەس، نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

ــ ھۆكۈمەت تەرەپ سىز بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى بەكمۇ خالايدۇ،بىز بىلىمىز مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ھەر خىل ئامالالار بىلەن سىلەرنى ئالدىدى. مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ تارقىتىلىشى پۈتۈنلەي قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇتراتقۇچىلار، بىز ھەقىقەتەن سىزبىلەن كېلىشىم تۈزۈشنى خالايمىز،بىزنىڭ تەلىپىمىز بەك ئاددىي، پەقەت بىزگە

قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى ئەزالارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، زۇڭتۇڭ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئۇزۇنغا قالماي سىز بىز بىلەن ھەمكارلاشقانىڭ پايدىسىنى كۆرىسىز،سىز ئەقىللىق ئايال ،ئاللاھ ئۆمرىڭىزنى ئۇزۇن قىلسۇن،سىزنىڭ قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ پىلانى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىڭىز يوق.ئۇلارنىڭ سىزگە تېپىپ بەرگەن ئاۋارىچىلىقلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى،ـ ئىمام ھۇدەيبى بىلەن ئىمام سەئىد قۇتۇب رەئىس بىلەن ھەمكارلىششقا تىرىشۋاتىدۇ، لېكىن زۇڭتۇڭ ئۇلارغا ئىشەنمىدى. ئەگەر قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ سىز توغرىلىق نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىلسىڭىز چوقۇم بىز بىلەن ھەمكارلاشقان بولاتتىڭىز، سىزنى ۋە ئايالالار بىرلەشمىسىنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بۇ كىشىلەردىن يىراقلاشقىنىڭىز ياخشى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم، ئاندىن ئۇنىڭغا:

ــ ئىسمىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن سىزنى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خادىمى دەپ ئويلايمەن. بىرىنچىدىن، ئىسلامنى مۇنداقلا چۈشەنگەن مۇسۇلمانلارمۇ سىلەرنى ئىسلامدىن يىراق دەپ ئويلايدۇ، سىلەر باتىلغا ئەگىشىپ تۇرۇپ ھەق بىلەن كېلىشىم تۈزەلەمسىلەر؟ سىلەر شەرق ۋە غەرپنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدىڭلار. سىلەر بىردەم كوممۇنىزىمنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىسىلەر، بىردەم بولسا كاپىتالىستلاردىن ياردەم سورايسىلەر، سىلەر بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۆزلۈكلارنى يوقىتىپ قويۇۋاتىسىلەر، سىلەر مۇشۇ ھالىڭلارغا قانۇن تۈزىسىلەر. مەن ناھايىتى سەمىمي، مېنىڭ گەپلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق، يەنە قايتىدىن چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق. ئىسلام ھەگىزمۇ سىلەر ئويلىغاندەك ئۇنداق ئەمەس.

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ جۇمە نامىزىغا بارىمەن،زەينەب ھاجىم. مەن جۇمەگە بارىمەن،داداممۇ شۇنداق قىلاتتى.

-سىز دادىڭىزدىن نېمىشقا جۇمە كۈنىلا ناماز ئوقۇيدىغىنىڭىزنى سورىمىدىڭىزمۇ؟

ــ بىز «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسەكلا مۇسۇلمان بولىمىز.

ــ«لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپلا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا ئاللاھنىڭ ئالدىدا سىلەرگە ياخشىلىق بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلارنىڭ دىنى ئۈچۈن سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ!

ــ مەن سىز بىلەن كېلىشىشكە تىرىشۋاتىمەن.

ــ تارىختىن بۇيانقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى، ئازغانلارنى كۆرگەندە ئۇلارنى ھەق دىن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش.{ ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇتلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك سىلەر يالغۇز بىر ئاللاھقىلا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ. پەرۋەردىگارىمىز ساڭىلا تەۋەككۈل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىرى قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋاردىگارىمىزا كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن ( ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ،بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاپ بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن). پەرۋەردىگارىمىز، بىزنى مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. (سۈرە مۇمتەھىنە 4-5-ئايەتلەر)}

ــ زىيارەتكە كەلگەن بۇ كىشى مېڭىشقا تەمشىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچچىقلانغانچە:

ــ مەن ئەمدى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەلمەيمەن، ئەگەر بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىسىڭىز بۇ مېنىڭ تېلېفۇن نومۇرۇم،-دېدى.

ــ كېرەك ئەمەس.-دېدىم مەن.

1965-يىلى6-ئاينىڭ3-كۈنى ھۆكۈمەت قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئەزالىرىنى چوڭ كۆلەمدە قولغا ئالدى.

# ئىككىنچى باپ

## مېنىڭ بەيئىتىم

مېنىڭ قېرىنداشلار تەشكىلاتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم باشقىلار ئويلىغاندەك يېڭى تۈرغۈزۈلغان مۇناسىۋەتلەردىن ئەمەس. مېنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى سۆزلەشكە توغرا كەلسە 1937-يىلدىن باشلاپ سۆزلەش كېرەك .1937-يىلى مەن مۇسۇلمانلار ئايالлар بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ باش ئورگىنىدا لېكسىيە سۆزلىدىم. لېكسىيەدىن كېيىن شېھىد ھەسەنۇل بەننا بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ ھەقىقەتەن بىر خاسىيەتلىك كۈن بولغان ئىدى.

ھەسەنۇل بەننا مېنى قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر تارمىقى بولغان ھەمشىرىلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان ئايالлар بىرلەشمىسىنىڭ قېرىنداشلار تەشكىلاتى بىلەن بىرلىشىشىدىن دېرەك بېرەتتى، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى پەخىرلەنگەن ئىدىم. مەن ئايالлар بىرلەشمىسىدىكى پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ جاۋاب بېرىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. پارلامېنت ئەزالىرى ئۇلار بىلەن بىرلىشىشكە قارشى تۇردى ۋە ئۇلار بىلەن مەخپىي ھەمكارلىشىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەسەنۇل بەننا بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشتىم، گەرچە بىز ھەر ئىككىمىز ئۆز پىكرىمىزدە چىڭ تۇرغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئىسلامىي مۇناسىۋىتىمىزگە ئازراقمۇ تەسىر يەتمىگەن ئىدى. ئايالлар بىرلەشمىسىنىڭ باش ئورگىنىدا ئېچىلغان ئەڭ ئاخىرقى يىغىنىدا، ھەسەنۇل بەننانىڭ ئازراق ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن مەن بۇ تەكلىپنى بەردىم: ئايالлар بىرلەشمىسى ھەمشىرىلەر تەشكىلاتىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ، لېكىن ئۆز نامى ۋە دەۋەتتىكى مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا بولۇشى كېرەك.

ئەمما مۇرەسسە قىلىشقا بولمىدى، ئۇ تولۇق بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇردى.

ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتتۈۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي 1948-يىلدىكى ۋەقە يۈز بەردى.

قېرىنداشلار تەشكىلاتى تارقىتىۋېتىلدى، تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ مال مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ زىندانغا تاشلاندى. تەشكىلات تارمىقىدىكى ئورگانلارمۇ تاقالدى. ھەمشىرىلەر تەشكىلاتى بۇ جەرياندا ئاكتىپ ھالدا ياخشى خىزمەت قىلغان ئىدى. ھەمشىرىلەر تەشكىلاتىدىكى تاھىيە جۇبەيلى مېنىڭ نەۋرە سىڭىم ئىدى، مەن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئۇنىڭدىن بىلگەن ئىدىم. بۇ چاغدا مەن ھەسەنۇل بەننانىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ نېمىشقا پۈتۈنلەي بىرلىششتە چىڭ تۇرغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم، قېرىنداشلار تەشكىلاتى تارقىتىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مەن ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ (مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى) باش ئورگان ئىشخانىسىغا يەنى مەن ھەسەنۇل بەننا بىلەن يىغىن ئاچقان ئاچقان ئىشخانىغا كەلدىم.

قوللىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ بىر ھازا يىغلىدىم، ئۇنىڭ دىگەنلىرى توغرا ئىكەن، ھەممە مۇسۇلمانلار ئەسلى ئۇنى قوللىشىمىز كېرەك ئىدى، ھەممىمىز بىرلىكتە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ ، ھەقىقىي بىر مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن، قۇرئاننى قانۇن قىلغان ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئۇ خىزمەتتە مەندىن غەيرەتلىك ۋە مەندىن ئوچۇق ئىكەن، ئۇنىڭ باتۇر، جەسۇرلۇقى ئەسلى ھەر بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتلەر ئىدى.

مەن كاتىپىمغا ئابدۇلھافىز سەيىف بىلەن ئالاقىلىشىپ بېرىشنى ئېيتتىم، مەن ئۇنىڭدىن ھەسەنۇل بەنناغا ئاغزاكى خەۋەر يەتكۈزۈپ مېنىڭ بەننا بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقاندىكى ۋەدەمنىڭ ئېسىمدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم، ئۇ بەننانىڭ سالام ۋە دۇئاسىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئىنىم مۇھەممەد غەززالى جۇبەيلىدىن ئۆزىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ بەنناغا بىر خەت يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم، خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«سەئىدى ئىمام ھەسەنئۇل بەننا:

مەن زەينەب غەززالى بۇگۈن ئاللاھقا بويسۇنۇش ۋە ئىسلام دەۋىتى قىلىشتىن باشقا ھەممىدىن يىراقلاشقان ھالدا ئۆزۈمنى سىزگە تاپشۇرىمەن، ھازىر سىز ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بۇ ئۈممەتنى ئىسلامغا چاقىرىشتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر كىشى، سىزنىڭ يوليورۇقىڭىزنى كۈتىمەن.»

ئۇزاق ئۆتمەي ئىنىم ماڭا تېزدىن مۇسۇلمان قېرىنداشلارئۇيۇشمىسىنىڭ باش ئورگىنىغا بېرىپ ئىمام بىلەن كۆرۈشىشىمنى ئېيتتى، بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش شۇنداق تاسادىپىي ئىدى ، ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە مەن ئۇنىڭ بىلەن ئورگاننىڭ پەلەمپىيىدە كۆرۈشتۈم. مەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزەمنى ئاتايمەن، قېنىمدىن كېچىشكىمۇ رازىمەن. مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا بىرلەشتۈرۈشكە قوشۇلىمەن.- دېدىم.

ـ بەيئىتىڭىزنى قوبۇل قىلىمەن، بىراق ئاياللار بىرلەشمىسى ھازىرقى ھالىتىدە تۇرىۋەرسۇن.- دېدى ئىمام. بىز كېيىنكى ئۇچرىشىنى ئىنىمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئايرىلدۇق.

ئىمام بەننا ماڭا تاپشۇرغان تۇنجى ۋەزىپە نەھھاس ۋە قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى ياراشتۇرۇش ئىدى. مۇستافا نەھھاس بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن چېكىنگەن ئىدى. كېيىن ئەمىن خەلىل بۇ ئىككى گۇرۇپپىنى ياراشتۇرۇشقا تەيىنلەندى، مەن ئالاقىچى بولدۇم.

1949-يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ بىر كېچىسى ئەمىن خەلىل جىددىيلەشكەن ھالدا مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدىلا، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ھەسەنئۇل بەننانى بۇ دۆلەتتىن كەتكۈزۋېتىش كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن،دېدى. مەن تېزلا بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇردۇم ۋە ئىنىم ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى

يەتكۈزمەكچى بولدۇم، بىراق ئىنىمۇ قولغا ئېلىنغان ئىدى. مەن ئامالسىز ئۆزۈم ئىمام بىلەن ئالاقىلاشماقچى بولدۇم، بىراق مەن تولىمۇ كىچىككەن ئىدىم. مەن ئىمامنىڭ ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ خېلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ روھىنىڭ پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالامنىڭ روھىغا قوشۇلۇپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدۇق.

ناھايىتى ئازابلاندىم، ئۇنىڭ قاتىلىغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى يوشۇرۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كۆپ پارتىيە بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى تاقالدى، بىز ئابدۇلفەتتاھ ھەسەننى ئادۋوكاتلىققا تەكلىپ قىلىپ سوتقا ئەرز قىلدۇق. 1950-يىلى ھۆسەيىن سىررى ھۆكۈمىتى ۋاقتى ئىدى، سوت بىرلەشمىنى قايتا ئەسلىگە كەلسە بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. كېيىن خافىد ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن قېرىنداشلار تەشكىلاتىمۇ مۇرشىد ھەسەنۇل ھۇدەيبىنىڭ باشلامچىلىقىدا ئەسلىگە كەلدى. مەن ئوچۇق ھالدا دەۋەت ئىشلىرى ئۈچۈن قېنىمنىمۇ ئايىمايدىغانلىقىمنى جاكارلىماقچى بولدۇم، لېكىن پەيت پىشىپ يېتىلمىگۈچە ھەرىكىتىمىز يوشۇرۇن بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئۆيۈمدىكى ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۆي جاھازىسىنى تەشكىلات ئىشخانىسىغا ھەدىيە قىلدىم. ئىشلارنىڭ ھەممىسى تىپ-تىنچ ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى ،بىر كۈنى ئابدۇلقادىر ئەۋدا مېنى زىيارەت قىلغىلى كەلدى، ئۇ مىنىڭ سوۋغامغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەچ:

ـــ سىزنىڭ قېرىنداشلار تەشكىلاتىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىڭىزدىن تولىمۇ خۇشالمىز.-دېدى.

ـ ئاللاھ نېسىپ قىلسا سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن.

ـ سىز ئاللىبۇرۇنلا بىزنىڭ ئەزايىمىزسىز، ئەلھەمدۇلىللاھ.-دېدى ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن.

مەن قېرىنداشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدىم. كېيىن

مۇھەممەد ناجىب ھەربىي سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ باردى. ھەربىي ئۆزگىرىشتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن سەئۇدى پادىشاھى ئابدۇللاھ فەيسال مىسىردا زىيارەتتىكى ۋاقتى ئىدى. مۇھەممەد ناجىب پادىشاھ ئابدۇللاھ فەيسال، سىراجىددىن، شەيخ باقۇرا ۋە مېنىڭ ئىنىم ئەلى غەززالى بىلەن مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى. باشتا قېرىنداشلار تەشكىلاتى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسى بۇ ھەربىي ئۆزگىرىشنى قوللىدۇق. كېيىن مەن ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئىشنىڭ تەرەققىياتى بىز ئويلىغاندەك بولمايۋاتاتتى. ھەربىي ئۆزگىرىش بىز تىرىشىپ دۆلەتنى قۇتقۇزماقچى بولغان ئىنقىلاب ئەمەسكەن. مەن كۆز قارىشىمنى قېرىنداشلارغا ئېيتتىم. ھۆكۈمەت تەرەپ قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى بىر نەچچە قېرىندىشىمىزنى ھۆكۈمەت خادىملىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشكە چاقىرغاندا، ئاياللار ژۇرنىلىدا ئۆز كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن ھېچقانداق ئادەم ئاللاھنىڭ قانۇنىنى قانۇن قىلمىغان ھۆكۈمەتكە قەسەم بېرىپ خىزمەت قىلمىدى. ئەگەر بىرەرى شۇنداق قىلىپ قالسا، قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىن چېكىندۈرۈلەتتى. قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى ئەزالارمۇ ھۆكۈمەتنىڭ پىلانىغا قارشى ئۆز مەيدانىنى ئىپادىلىدى.

ئابدۇلقادىر ئەۋدا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ مېنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدا ماقالە يېزىشىنى كېچىكتۈرۈشۈمنى سورىدى. مەن قىسقا ۋاقىت ئۆزۈمنى بېسۋېلىپ بىر نەرسە يازمىدىم. لېكىن بۇ ئىشنى ناھايىتى مۇھىم بىلىپ يەنە يېزىشقا كىرىشتىم. ئابدۇلقادىر ئەۋدا مېنى يەنە يوقلاپ كەلدى ۋە ھۆدەيبىينىڭ مېنى ماقالە يازماسلىققا بۇيرىغىنىنى ئېيتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىمامغا بەنناغا بولغان بەيئىتىمنى ئەسلىدىم. مەن ئۇنىڭ ئىز باسارىغىمۇ بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا مەن يەنە يېزىشتىن توختىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بەيئىتىم مېنىڭ ھەرىكىتىمنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئىدى. مەن شەخسىي ئىشلىرىمدىمۇ بەيئىتىمنى ئۇنۇتمىغان ئىدىم، ھەتتا ۋېنادىكى تىنچلىق

يىغىنىغىمۇ مۇرشىد ھەسەن ھۇدەيبىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ باردىم.

## نىقاب ئېلىپ تاشلاندى

ۋاقىت ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شەرمەندىچىلىك ۋە بالايى ئاپەت بىلەن تولغان 1956-يىلىدىكى ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئابدۇناسىرنىڭ نىقابى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئىسلامغا، ئىسلامىي دەۋەت ۋە دەۋەت باشلامچىلىرىغا بولغان دۈشمەنلىكى ئاشكارىلاندى. ھۆكۈمەت ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى رەھبەرلىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش بۇيرىقى چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇلقادىر ئەۋدا، 1951-يىلى ئەنگىلىيە تەرەپ ئون مىڭ ياۋرو چىقىرىپ تىرىكىنى ياكى ئۆلۈكىنى ئالماقچى بولغان ئەزھەر ئۆلىماسى مۇھەممەد فەرغەلى بار ئىدى. كىم مۇھەممەد فەرغەلىنى تۇتۇپ ئەنگىلىيەگە تاپشۇرۇپ بەرسە، نۇرغۇن مۇكاپات ئالاتتى. ئەمدى مىسىر ھۆكۈمىتى بۇ بۇيرۇقنى چىقىرىۋىدى ھېچكىم بۇ پۇلنى ئالمايدىغان بولدى، سان-ساناقسىز ئۆلتۈرۈش بۇيرىقى چىقىرىلدى. بىز بۇ ئىسلام ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان شېھىدلىرىمىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز.

ھەتتا ئۇلۇغ مۇجاھىد ئىمام مۇرشىد ھەسەنۇل ھۇدەيبىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئىدى. لىكىن ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ھەمدە دوختۇرمۇ ئۇنىڭ ئاران نەچچە كۈنلۈك ۋاقتى قالغانلىقىنى ئېنىقلىغىنى ئۈچۈن بۇ بۇيرۇق ئىجرا قىلىنمىغان ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇناسىر كېيىنكى كۈنلەردە گېزىتلەردىن مۇرشىد ھەسەنۇل ھۇدەيبىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانىدى. لېكىن ئاللاھنىڭ باشقىچە بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئىدى. ئىمام ھۇدەيبى مۆجىزە بىلەن ھايات قالدى. ئاللاھ بۇ قاراڭغۇ-زۇلمەت بىلەن تولغان جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىسلام دەۋىتىگە باش بولۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىدى. گەرچە ئۇ نۇرغۇن كېسەل ۋە قىيىن-قىستاق ئازابىنى تارتقان بولسىمۇ، ھەق يولىدا ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسىنى

نامايەن قىلدى. ناسىرنىڭ چوماقچىلىرى بۇ مۆجىزىگە ھەيران قالدى، ئۇلار ئىمامنى يەنە تۈرمىگە قامىدى. گەرچە ئۇ ھەربىي  لاگېردا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناشلار بىلەن قىينالغان بولسىمۇ، ھەق يولىدا تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇردى، ناسىر ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگىچە ياشىدى. ئۇ ھۆكۈمەتكە ساداقەتنامە يېزىپ بەرسىلا ئۆيىدە تىنچ ئارام ئالالايتى. بەزى ئۆلىمالار ئىمامنىڭ بۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقىغا پەتىۋامۇ بەرگەنىدى. لېكىن ئۇ بۇنداق قىلىشقا قوشۇلمىدى.

ئۇنىڭ بولىۋاتقان ئىشلارغا چىدىماي ساداقەتنامە يېزىشقا ئۈندەۋاتقان كىشىلەرگە قىلغان جەسۇر، كەسكىن، تەرپىلەشكە ئەرزىگۈدەك سۆزلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇلار ئىمام ھۇدەيبىنى ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇشقا ئۈندىگەندە، ئۇ جاۋابەن: «مەن ھېچكىمنى ساداقەتنامىنى رەت قىلىپ مەن بىلەن بىللە بولۇشقا زورلىمايمەن. لېكىن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى قانداقتۇر ساداقەتنامە بىلەن ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ.»

ئىمام ھۇدەيبى بۇ سۆزلەرنى 80 يېشىدا، تۈرمىدىكى ۋاقتىدا قىلغان ئىدى. ئۇ ناسىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قويۇۋېتىلگەن ئەزاسى ئىدى.

## چۇقانلار مېنى مەجبۇرىيەتكە ئۈندەۋاتىدۇ!

1955-يىلى مەن قايتىدىن دەۋەت ئىشلىرىغا چۆكتۈم. يېتىم قالغان باللارنىڭ چۇقانلىرى، تۈرمە پاسىلى بىلەن يولدىشىدىن ئايرىلغان ئاياللارنىڭ ۋە بالىلىرى ناسىر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ئاھۇ-پەريادلىرى يۈرىكىمنى مۇجىماقتا ئىدى. مەن بۇ يوقىتىشلارغا، ئاچلىقلارغا، ئىگىدارسىزچىلىقلارغا، بۇرۇقتۇرمىچىلىقلارغا نىسبەتەن مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلىدىم. ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتاتتى. بۇ يۈك

مېنىڭ يالغۇز كۆتۈرۈشمگە ئېغىرلىق قىلىۋاتاتتى. مەكتەپلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلارغا خېلى پۇل كېتەتتى. ئىجارىكەشلەر ئۆي ئىجارىلىرىنى سۈيلەۋاتاتتى. مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1956-يىلى بىر نەچچە قېرىنداشىمىز تۇرمىدىن چىققاندا ئەھۋال تېخىمۇ تەسلەشتى، ئۇلار جىددى پۇل، يېمەكلىك، تۇرالغۇغا مۇھتاج ئىدى.

ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ئەزھەردىكى ئاز ساندىكى تەقۋادار، ئىخلاسمەن كىشىلەردىن بىرى بولغان ئۇستازىم مۇھەممەد ئەدۋاننىڭ قېشىغا باردىم. مەن داۋاملىق ئۇنىڭدىن دەۋەت ھەققىدە ۋە ئىسلامىي بىلىملەر ھەققىدە تەلىم ئالاتتىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش، مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنى قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا بىرلەشتۈرمەسلىكنىڭ كېيىنچە تەشكىلاتقا تېخىمۇ كۆپ پايدىسى تېگىدۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇ مېنىڭ ئىمام ھەسەنۇل بەنناغا بولغان بەيئىتىمنى بىلەتتى ھەم قوللىغان ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا ناسىر تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلىغان ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىمنى ئېيتتىم. شەيخ مېنىڭ باشلىرىمغا سۆيۈپ:

-ئۇلارغا ياردەم بېرىشتە ھەرگىز ئىككىلەنمەڭ. ئاللاھ قىلغانلىرىڭىز ئۈچۈن سىزنى پاناھىدا ساقلىسۇن،-دېدى. ئۇنىڭغا ئەھۋالىمنى ۋە ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسىنى تەكىتلىدىم. ئۇ مېنىڭ ۋەزىپەمنى ئەسكەرتىپ:

-ھازىر بۇ سىزگە ئېنىق بولغان ۋەزىپە، ھەرقانداق تىرىشچانلىقنى ئىسراپ قىلماڭ. قىلغانلىرىڭىز سىز ۋە ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىيەتلىك بولسۇن. ئاللاھ خالىسا ئاشۇ بەختسىز تەشكىلات ئەزالىرى دەل ئىسلامنىڭ قۇتقازغۇچى يۈلتۇزلىرى. ئاللاھتىن قالسلا ئەنە شۇ ئىخلاسمەنلەر بىزنىڭ ئۈمىدىمىز. ئۇلار ئۈچۈن قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ زەينەب، دېدى.

ھەقىقەتەن مەن قولۇمدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. بېرىدىغان نەرسىلەرنى

بىر-ئىككى ئادەمنىڭ باشقىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن بېرەتتىم ھەمدە بۇنى باشقىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قىلغانلىقىمنى ئېيتاتتىم. شۇڭا مەن قىلىۋاتقان ئىشلارنى ھېچكىم بىلمىگەنىدى.

كېيىن مەن ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇجاھىد مۇرشىد ھەسەن ھۇدەيبىنىڭ ئايالىنىڭمۇ بۇ ئائىلىلىكلەر ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلدىم. يەنە ھەمشىرىلەر تەشكىلاتىدىكى مۇجاھىد مۇنىرىدىنىنىڭ ئايالى ئاشاۋى، ھەمشىرىلەر تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى ئامىرا، خالىدە ھەسەنۇل ھۇدەيبى، ئامىنە قۇتۇب، ھەمدە قۇتۇب، فەزىيە بەكىر، ئامىنە جەۋھەرى، ئالىيە ھەسەنۇل ھۇدەيبى، تەھىييە سۇلايمان ھۇدەيبى قاتارلىقلارمۇ خېلى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى.

ئاستا-ئاستا ئالاقە دائىرەم كېڭىيىشكە باشلىدى، مەخپىي ھالدا خالىدە ھۇدەيبى، ھەمدە ۋە ئامىنە قۇتۇبلار بىلەن ئالاقىلاشتىم. بۇنىڭ ھەممىسى شۇ ئىگە-چاقىسىز قالغان يېتىملار ئۈچۈن ئىدى.

## ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل

مەن ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل بىلەن تۇنجى قېتىم 1957-يىلى ھەج مەزگىلىدە كۆرۈشتۈم. مەن مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىدىكىلەرنى باشلاپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىش ئۈچۈن سۇۋىس پورتىغا كەلگەن ئىدىم، ئىنىم مۇھەممەد غەززالى يۈزلىرى نۇرلۇق، بەستلىك بىرى بىلەن يېنىمغا كەلدى ۋە ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ:

-بۇ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل بولىدۇ. قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ شېھىد ئىمام ھەسەنۇل بەننا ياخشى كۆرىدىغان ئەزالىرىدىن بىرى. ئىمام ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىشىنەتتى، ئىمام ماڭا ئۇنى سىزگە مۇشۇنداق تونۇشتۇرىشىمنى ئېيتقان،-دېدى.

ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل ماڭا سالام بەرگەندىن كىيىن، ئۆزىنىڭمۇ بىز بىلەن بىر پاراخوتقا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىزدىن ئايرىلدى.

پاراخوتقا چىقتۇق، پاراخوت پورتتىن يىراقلاپ، مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن بىرلەشمىدىكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، چۈشلۈك تاماقتىن كىيىن ئاران ئۆز بۆلۈمچەمگە ئارام ئېلىشقا كىردىم.تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى، كىرىشكە رۇخسەت قىلغان بولسامۇ، قايتا-قايتا ئۈچ قېتىم چېكىلدى. مەن ئۈچ قېتىم رۇخسەت قىلغاندىلا قارشى تەرەپ كىردى. ئۇ ھېلىقى ئىنىم ماڭا تونۇشتۇرغان كىشى ئىدى. ئۇ ماڭا سالام قىلغاندىن كىيىن، مېنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت قوشۇلماي يۈرۈپ ئاخىرىدا ئىمام ھەسەنۇل بەنناغا بەرگەن بەيئىتىمنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن نەدىن ئاڭلىغانلىقىنى سورىسام، ئۇ ئىمام بەننا ئۆزى دېگەنلىكىنى ئېيتتى.ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى سورىسام، ئۇ ئاللاھ خالىسا مەن بىلەن مەككىدە كۆرۈشۈپ، بەننانىڭ مەندىن نېمىلەرنى كۈتىدىغانلىقى توغرىلىق پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاددى ۋە سىلىق بولسىمۇ، بۇيرۇق تەلەپپۇزى ئالغان بولۇپ، ئويلىشىپ بېقىشقا ئورۇن يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاللاھ خالىسا بىرلەشمىنىڭ مەككە ياكى جىددېدىكى تۇرۇشلۇق ئورنىدا كۆرۈشۈشنى ئېيتتىم. ئۇ ئادرىسىنى سورىدى، مەن شەيخ ئاشماۋى ۋە مۇستافا ئالىمنى تىلغا ئالدىم، ئۇ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئادرىسنى شۇلارغا بېرىپ قويىدىغىنىمنى ئېيتتىم. ئۇ سالامدىن كىيىن ئايرىلدى.

زۇلھەججىنىڭ بىر كەچلىكى، شام نامىزىدىن كىيىن، سەئۇدى مۇفتىسى شەيخ مۇھەممەد ئىبراھىم بىلەن ئۇچرىشىشىم بار ئىدى. بىز مەن سەئۇدى پادىشاھىغا سۇنماقچى بولغان قىزلارنىڭ تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى باياناتنامەمنى مۇلاھىزە قىلىشتۇق، ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ دۆلەتكە پايدىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ،ئۇلارنىڭ تېزراق بېجىرىشنى سۆيلەپ، ئىككى سائەتكە سوزۇلغان بۇ سۆھبەتتىن كېيىن، باياناتنامىنى ئۇنىڭ پادىشاھقا

بېرىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بابۇلسالامغا قاراپ ماڭدىم. تۇيۇقسىز بىرى سالام بىلەن مېنى چاقىردى ، قارىسام ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ئىكەن. مېنىڭ كەبىگە كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ مەن بىلەن بىللە باردى. بىز تاۋاپنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن كەبە ئىشىكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

-مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ تارقىتىلغانلىقىغا قانداق قارايسىز؟-دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

-بۇ ئىسلامغا ئۇيغۇن ئەمەس.

-مەن سىز بىلەن دەل مۇشۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشماقچى.

مەن ئۇنىڭغا ھەج ئۆمىكى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بېرىپ پاراڭلىششىنى ئېيتتىم. ئۇ ئۇ يەرنىڭ پاراڭلىششقا ئەپسىز ئىكەنلىكىنى، ناسىرنىڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ ئۇنى تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز تەقۋادار شەيخ سالاھۇلقەززازنىڭ ئىشخانىسىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق. بىز شۇ يەردە كۆرۈشتۇق. لېكىن ئۇ ئاستاغىنە باشقا يەردە كۆرۈشسەك ياخشى بولىدىغىنىنى ئېيتىپ، كەبىنى ئىشارە قىلىپ ئايرىلدى.

بىز شۇ يەردە كۆرۈشتۇق. سۈننەت نامازدىن كېيىن، بىز زەمزەم بۇلىقىغا يېقىن يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. ئۇ قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى تارقىتىشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ تەشكىلاتنى قايتىدىن قۇرۇپ، ھەركەتلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىز ھەجدىن قايتىپ، ئىمام ھەسەنۇل ھۇدەيبىنى ئىزدەپ، قايتا ھەرىكەتلىنىشكە ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشقا كېلىشتۇق. ئايرىلىش ئالدىدا ئۇ: «بىز بۇ ئۇلۇغ جايدا ۋەدە بېرەيلى، ئاللاھ يولىدا ئاداققىچە لۈرەش قىلىمىز، قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىمىز. خىزمەت قىلىشنى خالىمايدىغانلارنى ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولىشىدىن قەتئىنەزەر تەشكىلاتتىن چىقىرىمىز.» دېدى.

بىز ئاللاھنىڭ دەۋىتى ئۈچۈن لۇرەش قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمىز دەپ قەسەم قىلدۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن مىسىرغا قايتىپ كەلدىم.

## ھەرىكەت قىلىش تەستىقلاندى

1958-يىلىنىڭ باشلىرى، مەن ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل بىلەن ئۆيۈمدە ۋە ئىشخانامدا كۆپ قېتىم كۆرۈشتۈم. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشاتتۇق. مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ توغرا ئەقىدىسىنى، بۇرۇنقى شان-شەرىپىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشاتتۇق. بىز يولىمىزنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن بولىشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆگىنىشنى ئويلاشتۇق.

بىزنىڭ پىلانىمىز ئالدى بىلەن ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلارنى يىغىپ بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا قوشۇش.

بىز نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ناسىرنىڭ تەشكىلاتنى تارقىتىۋىتىشى پۈتۈنلەي خاتا دېگەن يەكۈنگە كەلدۇق، ئۇ ئىسلامغا قارشى چىقتى ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنىنى قانۇن قىلمىدى، شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇش مەجبۇرىيىتى يوق ھەم بويسۇنۇشقىمۇ بولمايدۇ.

ھازىر بىز پەقەت مۇرشىد ھۇدەيبىنىڭ خىزمىتىمىزنى باشلاشقا رۇخسەت قىلىشىنىلا كۈتۈپ قالغان ئىدۇق. بىر نەچچە قېتىملىق يىغىندىن كېيىن، بىز ئىش باشلاشقا رۇخسەت ئالدۇق. پىلانىمىزنىڭ بىرىنجى قەدىمى بويىچە ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل مىسىرنىڭ ھەممە ئۆلكە، ناھىيە، يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ، كىمنىڭ بىز بىلەن خىزمەت قىلىشقا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈدىغان بولدى، بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن تەشكىلاتنىڭ بۇرۇنقى ئەزالىرىدىن باشلىدى، كېيىن ئۇلار ئاساسلىق خىزمەتچىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

تۇرمىدىن چىققان قېرىنداشلارنىڭ ئىرادىسى سۇندىمۇ يوق، ئۇلار يەنە تۇرمىگە كىرىش مۇمكىنلىكى بولغان بۇ ئىشنى قىلالامدۇ يوق، ئۇلار يەنىلا جېنىنى قۇربان قىلىشقا رازىمۇ، بۇلارنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى،

بۇ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىزنىڭ دەۋەتكە ھەقىقىي ماس كېلىدىغان ئاساسلىق خادىملارنى تېپىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئىدى. مەن ئابدۇلفەتتاھ  ھەرقايسى رايونلاردىن ئىگەللىگەن ئەھۋاللارنى باش يېتەكچى ھەسەنۇل ھۇدەيبىگە دوكلات قىلدىم. ئۇنىڭغا بىز ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلارنى ئىنكاس قىلغىنىمدا، ئۇ: «خىزمىتىڭلارنى داۋاملاشتۇرۇڭلار، بەزى كىشلەرنىڭ نام-ئەمىلى سىلەرنى ئىككىلەندۇرمىسۇن، سىلەر ھازىر بىر يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىسىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ بەزىدە بىز ئۇنىڭغا دوكلات قىلغان مەسىلىلەرنى تەستىقلايتتى، بەزىدە بىزگە يول كۆرسىتەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئۆگىنىش ماتىرىيالىمىزغا ئىبنى ھەزىم تۈزگەن «ئەلمۇھەللە» دېگەن كىتابنى كىرگۈزۈشنى تەۋسىيە قىلدى.

1959-يىلى بىز نۇرغۇن ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئىسلام تەربىيىسى پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتۇق. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ يەردە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلالايمەنكى، بىزنىڭ پروگراممىمىزدا مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي تەربىيىسى، يەنى ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ ئالدىدا بىلىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ۋە جاھىلىيەتكە پۈتكۈل ئوخشىمىغان ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇشتىكى بۇرچىدىن باشقا ھېچقانداق غەيرى مەزمۇن يوق ئىدى.

## يولدىشىم بىلەن بولغان سۆھبەت

مېنىڭ بۇ مەخپىي خىزمىتىم مېنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى خىزمىتىمگە ياكى ئائىلىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمغا تەسىر كۆرسەتمىدى. لېكىن مېنىڭ ھۆرمەتلىك يولدىشىم مۇھەممەد سالىم مۇسۇلمان ياشلار ۋە ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىللارنىڭ دائىم ئۆيىمىزگە كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مەندىن سورىدى:

-قېرىنداشلار تەشكىلاتى يەنە ھەرىكەت قىلىۋاتامدۇ؟

-ھەئە ،-دەپ جاۋاب بەردىم قىسقىلا قىلىپ.

ئۇ مەندىن ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى ۋە كۆلىمىنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ قايتا قۇرۇلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ مەن بىلەن بۇ ئىشنى قايتىدىن تەھلىل قىلىشقا باشلىغاندا، مەن ئۇنىڭغا بىر-بىرىمىزگە بولغان ۋەدىمىزنى ئەسلىتىپ:

-قەدىرلىك ھەمراھىم، مېنىڭ توي تەكلىۋىڭىزگە قوشۇلغاندا، سىزگە نېمىلەرنى دېگىنىم ئېسىڭىزدىمۇ؟

-ھەئە. سىز بىر قانچە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىڭىز. لىكىن مەن سىزنىڭ مۇستەبىتلەرنىڭ زىيانلىكەشلىكىگە ئۇچرىشىڭىزدىن قورقىۋاتىمەن.

-مېنىڭ سىزگە نېمىلەرنى دېگىنىم ئېنىق ئېسىمدە. مەن سىزگە: سىز مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمرايىم بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتىسىز شۇنداق بولغانىكەن ھاياتىمدىكى بەزى ئىشلارنى بىلىشىڭىز كېرەك. مەن سىز بىلەن توي قىلىشقا قوشۇلدۇم، شۇڭا سىزگە بۇ گەپلەرنى دېيىشنى لايىق كۆردۇم، لېكىن بۇندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى مەندىن قايتا سورىماسلىقىڭىزنى ئۆتىنىمەن.

مەن بۇ ئىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. مەن مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسىنىڭ باش رەئىسى، بەزىلەر مېنى ئەل ۋەفد سىياسىي پارتىيىسىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى قوللايدۇ دەپ

قارايدۇ. بۇ پۈتۈنلەي خاتا قاراش، مېنىڭ مۇستافا نەھھاس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم پەقەت دوستلۇق مۇناسىۋىتى، لېكىن مېنىڭ ھەقىقىي ئەمەل قىلىدىغىنىم مېنىڭ شېھىد ھەسەنۇل بەنناغا بەرگەن ۋەدەم.

بىراق مەن ماڭا رەھمەت يۈزىسىدىن يۈكلەنگەن بۇ شەرەپلىك ۋەدىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھېچقانچىلىك ئىش قىلالمىدىم. لېكىن مەن ھامان بىر كۈنى ئۆزۈم چۈشلىرىمدە ئارزۇ قىلغان بۇ ۋەدىنى ئورۇندايمەن. ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سىزنىڭ شەخسىي ياكى ئىقتىسادى مەنپەئەتىڭىز بىلەن مېنىڭ ئىسلامدىكى خىزمىتىم ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ پەيدا بولۇپ قالسا، مېنىڭ نىكاھىم مېنىڭ ئىسلام دەۋىتى يولۇمدىكى بىر قورام تاشقا ئايلىنىدۇ. ئاندىن ھەر ئىككىلىمىز ئۆز يوللىرىمىزغا ماڭىمىز.

ھېلىھەم يادىمدا، سىزگە بۇلارنى دېگىنىمدە، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە ياش تولغانىدى. سىز ماڭا: مەن سىزنىڭ ماددى جەھەتتىكى تەلەپلىرىڭىزنى بىلمەكچى، سىز تېخى ماڭا تويلۇق ۋە تويغا كېتىدىغان كېتەرلىك لازىمەتلىكلەرنى دېمىدىڭىز. پەقەت مەندىن سىزنى دەۋەت يولىدىن توسماسلىقنىلا سورىدىڭىز. ئەمەلىيەتتە مەن سىزنىڭ شېھىد ئىمام بەننا بىلەن ئالاقىڭىزنىڭ يوقلىقىنى، سىزنىڭ ئۆينىڭ قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن خانىملار بىرلەشمىسىنى بىرلەشتۈرۈش تەكلىپىگە قوشۇلمىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، دېدىڭىز. مەن داۋاملاشتۇرۇپ: ئەلھەمدۇلىللاھ، مەن 1948-يىلىدىكى جاپالىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىمام بەننا شېھىد بولۇشتىن نەچچە كۈن ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزدۈم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن توي قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ئۆمرۈمنى دەۋەت ئىشلىرىغا ئاتىماقچى ئىدىم. مەن ھازىر سىزنىڭ بۇ ئۇرۇلۇش-سوقۇلۇشلارنى مەن بىلەن تەڭ تارتىششىڭىزنى خالىمايمەن. لېكىن سىزدىن ئاللاھنىڭ يولىدا لۈرەش قىلىشىمنى توسماسلىقىڭىزنى سوراش ھوقۇقۇم بار دەپ قارايمەن. يەنە سىز مېنىڭ باشقا مۇجاھىدلار بىلەن بولغان ئالاقەمنى سورىماسلىقىڭىز كېرەك، ئارىمىزدا كۈچلۈك ئىشەنچ بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بىر ئەر ۋە 18 ياشتىلا  ئۆزىنى ئاللاھقا ئاتىۋەتكەن بىر ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ. ئەگەر نىكاھ بىلەن دەۋەت ئوتتۇرىسىدا ھەرقانداق توسالغۇ پەيدا بولىدىغان بولسا، نىكاھىمىز شۇ ھامان ئاخىرلىشىدۇ، لېكىن دەۋەت مېنىڭ ھاياتىمدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىدۇ، دېگەن ئىدىم. بۇ گەپلىرىم ئېسىڭىزدىمۇ؟

-ھەئە، ئېسىمدە.

-مەن سىزنىڭ ۋەدىڭىزدە تۇرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئاللاھ مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ ئەجرىنى ئۆزى بېرىدۇ. ئەگەر ئاللاھ قوبۇل قىلسا، ساۋابىنى سىز بىلەن تەڭ كۆرۈشنى خالايمەن. سىزنىڭ ماڭا بۇيرۇق قىلىش ھوقۇقىڭىز بار ۋە مېنىڭمۇ ئاڭلاش مەجبۇرىيىتىم بار. لېكىن ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ يولىدىكى لۈرەشنى بىزنىڭ  ئائىلە ھاياتىمىزدىن مۇھىم دەپ قارايمەن، ھازىر دەۋەت ناھايىتى خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرىۋاتىدۇ.

-مېنى كەچۈرۈڭ، ئاللاھنىڭ پاناھلىقى بىلەن خىزمىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. ھاياتىمدا ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇلغىنىنى كۆرەلىگەن بولسام، نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە!

شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ خىزمىتىم ۋە ھەرىكەتلىرىم كۆپەيدى. نۇرغۇن مۇسۇلمان ياشلار كېچە-كۈندۈز مېنى يوقلاپ كېلىشكە باشلىدى. مېنىڭ تەقۋادار يولدىشىم يېرىم كېچىدە ئىشىك چېكىلگەننى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئاچاتتى. ئەگەر مېنىڭ زىيارەتچىلىرىم بولسا، ئۇلارنى ئۆگىنىش ئۆيىگە باشلاپ قويۇپ، ئۆي خىزمەتچىمىزنى ئويغىتىپ ئۇلارغا چاي دەملەشكە بۇيرۇيتتى. ئاندىن مېنى ئېھتىيات بىلەن ئويغىتىپ، سىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭىز ئۆگىنىش ئۆيىدە ، ئۇلار سەپەردىن ھارغىن كۆرىنىدۇ، دەيتتى.

شۇندىلا مەن كىيىملىرىمنى كىيىپ،  زىيارەتچىلىرىم بىلەن كۆرىشەتتىم. يولدىشىم بولسا، ئەگەر سىلەر بىرلىكتە ناماز ئوقۇساڭلار مېنى ئويغىتىڭلار، سىلەرگە دەخلىسى بولمىسىلا، دەپ قويۇپ ئۇخلاپ قالاتتى.

مەن ئۇنى بىز بىلەن بىرگە بامدات نامىزى ئوقۇشقا چاقىراتتىم. يولدىشىم دائىم مېنىڭ

زىيارەتچىلىرىمنى دادا ئـۆز بالىسـىنى كۈتكەنـدەكلا مېھىر-مۇھەببەت، قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالاتتى.

## شېھىد سەئىد قۇتۇب بىلەن بولغان ئالاقە

1962-يىلى ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىل ئىككىمىز، مۇرشىد ھەسەن ھۇدەيبىنىڭ رۇخستى بىلەن ئۇلۇغ مۇجاھىد، ئىمام، ئۆلىما سەئىد قۇتۇبنىڭ سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشتۇق. بىز ئۇ ئارقىلىق سەئىد قۇتۇب بىلەن ئالاقىلىشىش يولىنى بىلىپ ئۇنىڭ يول-يورۇقلىرىنى ئالماقچى ئىدۇق. ئاندىن مەن ھەمىدە قۇتۇبقا بىزنىڭ ئۆگەنمەكچى بولغان كىتابلىرىمىزنىڭ تىزىملىكىنى بەردىم. تىزىملىكتە تەپسىرى ئىبنى كەسىر، ئىبنى ھەزىمنىڭ ئەلمۇھەللە، شافىينىڭ ئەلئۇممە، بىر نەچچە تەۋھىدكە ئالاقىدار كىتاب ۋە سەئىد قۇتۇبنىڭ فىزىلالۇل قۇرئان دېگەن كىتابلار بار ئىدى. ھەمىدە بىزگە بۇ كىتابتىكى سۈرە ئەنئامنىڭ تەفسىرىنى ئۆگىنىش تەكلىپىنى بەردى ۋە بىزگە بىر قانچە كىتابچە بەردى. بۇ سەئىد قۇتۇبنىڭ تۈرمىدە يازغان كىتابى ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە بۇ كىتاب يېقىندا «يول بۇيەردە» دېگەن ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنماقچى ئىكەن، كىتاب پۈتكەندە بىزگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى.

مەن كېيىن ھەسەنۇل ھۇدەيبىنىڭ كىتابىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئوقۇپ، ئۇنى نەشىر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن كىتاب توغرىسىدا سورىدىم. ئۇ ماڭا: «بۇ كىتاب مېنىڭ سەئىد قۇتۇبقا بولغان ئىشەنچەمنى تېخىمۇ ئاشۇردى، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئاللاھ خالىسا ئۇ دەۋرىمىزدە چاقنىغان بىر ئۈمىد يۇلتۇزى بولۇپ قالىدۇ» دېدى.

بىز ياشلارغا تارقىتىلغان مەكتۇپ شەكلىدىكى ئوقۇشلۇقلارنى قايتىدىن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق

قىلىشقا كىرىشتۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىدىيە، ئوي-پىكىرلىرىمىز ۋە نىشانىمىز ئۇستاز سەئىد قۇتۇبنىڭ كىتابىدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە بىلەن ئوخشاش ئىدى.

مۇسۇلمان ياشلار ساھابىلەرگە ئوخشاش ئون- ئون بەش بولۇپ يىغىلىپ قۇرئاندىن ئون ئايەت ئوقۇيتتى، ئاندىن ئۇلاردىكى ھۆكۈملەرنى تەكىتلەپ ئۆز تۇرمۇشىغا، كېيىنكى نىشانلىرىغا باغلايتتى. بۇ ئون ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي چۈشۈنۈپ بولغاندا، ئاندىن يەنە ئون ئايەتكە ئۆتەتتى.

ئاللاھ بىزگە رەھمەت قىلغان بۇ گۈزەل كۈنلەر بىزنىڭ ئۆگىتىش، ئۆگىنىش ۋە ياشلارنى دەۋەتكە تەييارلىق قىلدۇرۇش بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىز بۇ ياشلار ئىچىدىن كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەيدىغان ئوقۇتقۇچى تەربىيەۋاتاتتۇق.

بىز سەئىد قۇتۇبنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئىمام ھۇدەيبىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن تەربىيەش، مەشىق قىلدۇرۇش ۋە تەۋھىد ئەقىدىسىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈش دەۋرىنى مەككىدىكى دەۋەت ۋاقتىغا ئاساسەن ئون ئۈچ يىلغا ئۇزارتىش قارارىغا كەلدۇق، بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدە ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ۋاقتى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

مىسىردىكى مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ تۈپ يىلتىزى شەرىئەتكە ئەمەل قىلغان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى ئىدى. بىز بۇ قوشۇنىمىزدا قۇرئاندا ۋە سۈننەتتە تىلغا ئالغان ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشقا تىرىشتۇق، ئۆز ۋەدىلىرىمىز بويىچە ئىمامغا بويسۇندۇق.

پۈتۈن دۆلەتتە ئىسلام قانۇنىنى يولغا قويۇشنى،ئىسلامى ھاكىمىيەت قۇرۇلغۇچىلىك كەينىگە سۈرۈش كېرەك ئىكەن. يەنە بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە دۆلىتىمىز ئىسلام قانۇنىغا ئومۇمىيۈزلۈك بويسۇنغۇدەك ئەھۋالدىمۇ ئەمەسكەن. شۇڭا ئاللاھنىڭ قانۇنىنى تۇرغۇزۇشنى ۋە يۈرگۈزۈشنى خالايدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان ئاما لۈرەشنى داۋاملاشتۇرىشى كېرەككەن، تاكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئىسلامغا پۈتۈنلەي قايتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئاللاھنىڭ دىنى پەقەت شۇئارغىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتىمىزدە ھەقىقىي ھاياتىمىزدا نامايەن بولغانغا

قەدەر!

بىز مۇسۇلمانلار دۆلەتلىرىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈردۇق ۋە ئۇلارنى تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىگە سېلىشتۇرۇپ قايسىسىنىڭ بىز يولغا قويماقچى بولغان ئەندىزە ئىكەنلىكىنى ئىزدىدۇق. كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ھازىر پۈتۈن دۇنيادا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن باشقا بىرەرمۇ ئىسلامىي ھاكىمىيەت قالمىغانلىقىنى بىلدۇق. ھەتتا بۇ دۆلەتنىڭمۇ بەزى بىر تۈزىتىشلەرنى كىرگۈزگەندىلا ئاندىن ئۇلگە دۆلەت بولالايدىغانلىقىنى بىلدۇق. بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا، گەرچە بەزى دۆلەتلەر ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزدۇق دەپ چۇقان سالسىمۇ، ئىسلامنى ھەقىقىي يۈرگۈزگەن مىللەت يوق ئىدى.

بۇ تەتقىقاتلاردىن كىيىن، بىز ئون ئۈچ يىل ئەر-ئايال، قېرى-ياشلارغا ئىسلام تەربىيىسى ئېلىپ بارغاندىن كىيىن، بۇ دۆلەتتە يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدۇق. ئەگەر بۇ تەكشۈرۈشتە ئاز دېگەندە 75% كىشىنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقەتەن ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ياخشى چىقىش يولى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلامىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئېنىقلانسا، ئاندىن بىز ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇشقا چاقىرىق قىلىشنى، ئەگەر چۈشىنىپ يەتكەن ئادەمنىڭ سانى بۇنىڭغا يەتمىسە، تاكى بۇ ئۈممەت ئىسلامنىڭ قانۇنلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلغۇچە، تەربىيلەش باسقۇچىنى يەنە بىر ئون ئۈچ يىل كەينىگە سۈرۈشنى قارار قىلدۇق.

بىز ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ھەرگىز بىئارام بولمايمىز، مۇھىمى بىزنىڭ تاكى جېنىمىزدىن ئايرىلغۇچە ياكى بۇ تەۋھىد تۇغىنى كيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگۈچە خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش.

بىز يەنە ئىمام ھەسەنۇل ھۇدەيبىنىڭ ماقۇللىقى بىلەن مۇھەممەد قۇتۇب بىلەن ئالاقىلاشتۇق. ئۇ ياشلارغا بەزى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان بولدى.

# 3-باب

## سۈيقەست

كىتابنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئەمەلگە ئاشمىغان ماشىنا ۋەقەسىدە مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش سۈيقەستىدىن ئالتە ئاي كېيىن، ئىمام شېھىد سەئىد قۇتۇب تۈرمىدىن چىقتى. كېيىنكى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىخەتەرلىك ئىدارىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ ئاسان ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلمۇ ئۆلتۈرۈلۈش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى.

بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتۇق. ئۇ مۇستەملىكچىلەر بولسا، بارچە ئامالLARنى ئىشلىتىپ بىزنى توسماقچى بولىشاتتى. قېرىنداشلار تەمىنلىگەن خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت تەرەپ بىزنى تۈرمە ئىچىدە سەئىد قۇتۇب، سىرتىدا مەن ۋە ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل باشچىلىقىدا ئىدىئولوگىيىلىك ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ دەپ گۇمانلىنىۋېتىپتۇ.

ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئاخبارات ئىدارىسى ۋە دۇنيا يەھۇدى دۆلەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەرەپدارلىرى بۇ ئەھۋاللارنى ئابدۇناسىرغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، بۇ ھەرىكەتنى يوقىتىشنى تەكىتلەپتۇ. بۇ دوكلاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، ناسىرنىڭ ئۈممەتنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە ئىسلام خەلىپىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئويىدىن ۋاز كەچكۈزۈش جەھەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى يوق بولارمىش.

ناسىرغا نىسبەتەن ئىسلامنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئۇنىڭ دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىدىن دېرەك بېرەتتى.

1965-يىلى ئاۋغۇستنىڭ باشلىرى مەن ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى ئىسلام ئۆگىنىش

ئەترىتىدىكىلەرنى قولغا ئېلىش تىزىملىكىنى تەييارلاۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، بۇ ئەترەت ئىسلام ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتقان ياشلاردىن تەركىب تاپقان، سەئىد قۇتۇپ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، مۇھەممەد يۈسۈف ھاۋاش ۋە مېنىڭ باشلامچىلىقىمدا ئىدى.

5-ئاۋغۇست ئىمام سەئىد قۇتۇپ يەنە بىر قېتىم قولغا ئېلىندى. بۇنىڭدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇستازنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد قۇتۇبمۇ مارسا تۈرمىسىگە قامالغان ئىدى. ئىشنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ قولغا ئېلىنغۇچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئايالالار بىرلەشمىسىنىڭ يىغىنلىرىمۇ ئارقىغا سۈرۈلدى. سەئىد قۇتۇپ قامالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمىتىنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا يېتەكچى ھەسەن ھۇدەيبىدىن باشقا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمەيتتى.

ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل بىلەن مەن بۇ ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان ئىدۇق. ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مېنىڭ ئىسكەندىرىيەدە بېرىپ ئۇستاز ھەسەن ھۇدەيبى ئۇستاز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كېلىشىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە بىر ياشنى تونۇشتۇرۇپ ئەگەر ئۇ ئۆزىمۇ تۇتۇلۇپ كەتسە شۇ ياشنى ئالاقىلاشقۇچى بولۇشقا كۆرسەتتى. ئۇ كېتىپ بىر نەچچە سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا، مېنىڭ سەپەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆيدە تۇرۇشىمنى تاپىلىدى، لىكىن بۇ چاغدا مەن ئاللىبۇرۇن يېتەكچى ئۇستاز ھەسەن  ھۇدەيبى بىلەن ئالاقىلىشىپ بولغان ئىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇستازنىڭ ئايالى ئىسكەندىرىيەدىن يېنىمغا كېلىپ ھۇدەيبى ئۇستازنىڭ مېنى ھەرۋاقىت ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشقا بۇيرىغانلىقىنى ۋە مۇرسى مۇستافا مۇرسىنى ئوتتۇرىمىزدا ئالاقىچى بولۇشقا  تاللىغانلىقىنى يەتكۈزدى.

دەرھال ئۇستازغا بۇ يەردە بولىۋاتقان ئىشلارنى ۋە ئىشنىڭ ئارقا كۆرنۈشلىرىنى يەتكۈزدۈم، ۋە بۇ ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى ھەققىدە ئويلاندۇق، يېتەكچى

ئۇستاز ھەسەن ھۇدەيبى ئۇستاز سەئىد قۇتۇبنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىگە بەك غەزەپلەندى.

كېيىنكى نەچچە كۈن ئىچىدە مىڭدەك مۇسۇلمان قولغا ئېلىنىپ زىندانغا تاشلاندى. مەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۈرمە مەسئۇلى شەمسى بەدىراننىڭ ئاغزىدىن بىلدىمكى، ئۇلار يىگىرمە كۈن ئىچىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يۈز مىڭدەك ئەزاسىنى قولغا ئاپتۇ.

ھەربى تۈرمە، قەلئە تۈرمىسى، ئەبۇزەبەر تۈرمىسى، فەييۇم تۈرمىسى، ئىسكەندىرىيە تۈرمىسى، تەنتا تۈرمىسى ۋە باشقا تۈرمىلەرمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن تولۇپتۇ.

ئون توققۇزىنجى ئاۋغۇست پەيشەنبە، سەكسەن بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئۇممۇ ئەھمەدنىڭمۇ تۇتۇلغانلىقىنى بىلدىم، ئۇ ئايىمىز ئەسلىدە ئىزچىل ھالدا دەۋەت خىزمىتىنى قوللاپ كەلگەن بولۇپ ھەسەنۇل بەنناغا ئەگىشىپ ناسىرنىڭ تۈرمىسىگە كىرىپ كەتكەن مۇجاھىدلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا نۇرغۇن ياردەم قىلغان ئايال ئىدى.

ئۇنىڭمۇ زىندانغا سولانغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك ھەيران قالدىم ۋە غەزەپلەندىم. مەن ئۇنىڭ جىيەنىگە تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئىرادىلىك ئايال ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ: «بىر ھېسابتا بۇمۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، بىر مۇسلىمە زالىملارنىڭ زېمىنىدا، سەكسەن بەش يېشىدا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن، ئىسلام خەلىپىلىكى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ مۇجاھىدلار ئۈچۈن شەرەپ!» دېدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن ئۆز قىزىمدەك كۆرىدىغان ھەمشىرەم غەدا ئۆمەرنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا تەشكىلاتنىڭ پۇلى قاچىلانغان كونۋېرتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۈگۈن شابرادا ئولتۇرۇشلۇق ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆھتەرەم مۇجاھىدە ئۇممە ئەھمەد ئايىمىز قولغا ئېلىندى. مەنمۇ پات ئارىدا قولغا ئېلىنىشىم مۇمكىن. سىز بۇ پۇللارنى ھۇدەيبى ياكى قۇتۇب ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭ. بۇ پۇللار قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر تاپشۇرغان ئەزالىق بەدەل پۇلى، دەۋەت ئىشلىرى ۋە قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ" دەپ چۈشەندۈرۈش بەردىم . مەن تۈرمىدىكى چاغدا بىلدىمكى ئۇ بۇ پۇللارنى ھەمشىرىمىز فاتىمە

ئەيساغا تاپشۇرۇپتۇ كېيىن فاتىمەنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن مۇستەبىتچىلەرنىڭ قولغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم.

## نۆۋەت ماڭا كەلدى

يىگىرمىنچى ئاۋغۇست جۈمە، سۈبھى ۋاقتى ئىدى. ناسىرنىڭ غالچىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمگە بۆسۈپ كىردى. مەن ئۇلارنىڭ تەكشۈرۈش بۇيرۇقىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇلار ناھايىتى سوغۇق ھالدا ماڭا: «تەكشۈرۈش بۇيرۇقى؟!» دېدى. ئۇلار قاتتىق كۈلگەن ھالدا: «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكىلەر قىپقىزىل ساراڭكەن، ئۇلار تېخى رەئىس ئابدۇناسىردىن ئاختۇرۇش بۇيرۇقى تەلەپ قىلىدىكەن.» دېيىشتى. ئاندىن ئۆيدىكى ھېچنىمىنى ئالا قويماي ھەممىنى ئۇرۇپ چېقىشقا باشلىدى. مەن مەنىستىمىگەن ھالدا جىمجىت قاراپ تۇراتتىم. ئۇلار جىيەنىمنى قولغا ئالدى، ئۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى ئىدى. مېنىڭ پەرزەنتىم بولمىغاچ ئۇ مېنىڭ يېنىمدا تۇرىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇلار ماڭا:

-ئۆيۈڭدىن ئايرىلما كالۋا!-دېدى.

-بۇ مېنىڭ ئولتۇراق جايىمنىڭ نەزەربەند قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟-دەپ سورىدىم.

-ھەئە، يېڭى بۇيرۇق چۈشكىچە شۇنداق بولىدۇ. بىلىشىڭ كېرەك، بىز سېنى ۋە سېنىڭ ئۆيۈڭنى ھەردائىم كۆزىتىپ تۇرىمىز، ئەگەر ئۆيۈڭدىن بىر قەدەم ئايرىلىدىغان بولساڭ، سېنىمۇ قولغا ئالىمىز.-دېدى.

مەن ئىشلار مۇشۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ دەپ ئويلىدىمىۇ، لىكىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى

يەنىلا قولغا ئېلىنىش تەييارلىقىنى قىلىپ قويدۇم. سىڭلىم ۋە ئۇنىڭ يولدىشى مېنى كۆرگىلى كەلدى. مەن ناسىرنىڭ غالچىلىرىنىڭ قايتىپ كەلسە، ئۇلارنىڭمۇ قولغا ئېلىنىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ئۇلارنىڭ تېزراق قايتىپ كېتىشىنى ئۆتۈندۇم، لېكىن ئۇلار قوشۇلمىدى. مەن ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، غالچىلار قايتىپ كەلدى. ئۇلار بۇ نۆۋەت بىخەتەرلىك ساندۇقىدىن باشقا ھەممە يەرنى قايتىدىن ئاختۇردى. مەن ئۇلارغا بىخەتەرلىك ساندۇقىنىڭ ئاچقۇچىنىڭ يولدىشىمدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇلار خۇددى پىشقان ئوغرىلارغا ئوخشاش، ھەرخىل ئىشكىلەرنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلارنى ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار قىينالمايلا بىخەتەرلىك ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ نەرسىلەر يولدىشىمنىڭ ئىدى. مەن ئۇلارغا ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە تىلخەت يېزىپ بېرىشنى، ئۇلارنىڭ مېنىڭ يولدىشىمغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىمدا، يەنە بىر قېتىم ناسىرنىڭ تىلخەت يازمايدىغانلىقى ئەسكەرتىلىپ زاڭلىق قىلىندىم. ئۇلار مېنىڭ يېرىمدىن نۇرغۇن كىتابىمنى ئېلىپ ماڭغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر ئەسىر ئىلگىرى نەشىردىن چىققان تەپسىر، فىقھى، ھەدىس كىتابلار بار ئىدى. مېنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بىر قانچە يىللىق ژۇرناللىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىممۇ بىكارغا كەتتى. ئۇلار تاپالىغان ھەرقانداق نەرسە مۇسادىرە قىلىندى.

ئۇلارغا بۇ ھەركىتىدىن كېيىن، مېنى قولغا ئېلىشى مېنى ئازراقمۇ ھەيران قالدۇرمىدى. مەن بىر كوزۇپقا ئېلىپ چىقىلدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ جىيەنىم ۋە بىر قانچە ياش مۇسۇلمان ياشلار بار ئىدى. مەن جىيەنىمدىن: «قانداق ئەھۋالىڭ مۇھەممەد؟» دەپ سورىدىم، ئۇ گەپ قىلمىدى. شۇندىلا مەن ئۇنىڭ گەپ قىلماسلىققا بۇيرۇلغانلىقىنى بىلدىم. بۇ قېتىم كەلگەن غالچىلار ئالدىنقى قېتىم كەلگەنلەر ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇلار جىيەنىمنى يول باشلاشقا ئېلىۋالغان ئىدى.

ماشىنا تېز سۈرئەتتە مېڭىۋاتاتتى. مەن دەرۋازا ئالدىدىكى بەلگىدىن بۇنىڭ ھەربىي تۈرمە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن كوزۇپتىن چۈشۈرۈلۈپ، سوراق ئۆيىگە ئىتتىرىپ ئېلىپ كىرىلدىم. بىر سوراقچى مېنى سوراق قىلىشقا باشلىدى. سېمىز، تەلەتى كۆرۈمسىز، ئېغىزى سېسىق گەپ بىلەن تولغان بىرىنىڭ ئالدىدا تۇردۇم. ئۇ كىشى مېنىڭ بىلەككىلىرىمدىن تۇتۇپ تۇرغان غالچىدىن بۇ كىم دەپ سورىدى. ئاندىن ماڭا بۇرۇلۇپ قوپاللىق بىلەن: «سەن كىم؟» دەپ سورىدى.

-زەينەب غەززالى،-دېدىم مەن. ئۇ مېنى ئېغىزىدىن چىققۇسىز سېسىق گەپ بىلەن تىللاپ قارغاشقا باشلىدى. مېنىڭ بىلەككىلىرىمدىن تۇتۇپ تۇرغان غالچا ماڭا ۋارقىراپ تۇرۇپ:

-بۇ دېگەن تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، جاۋاب بەر ئىتنىڭ كۈچۈكى،-دېدى. مەن ئۇلارغا:

-سىلەر مېنىڭ كىتابلىرىمنى مۇسادىرە قىلىپ، بىخەتەرلىك ساندۇقۇمدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتىڭلار. مەن سىلەرنىڭ بۇ نەرسىلەر ئۈچۈن تىلخەت يېزىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن. مېنىڭ كېيىن بۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقۇم بار،-دېدىم. باشلىق غەزەپلەنگەن ھالدا:

-بىز سېنى بىر سائەت ئىچىدە ئۆلتۈرىمىز. نېمە كىتاب، نېمە بىخەتەرلىك ساندۇقى، نېمە تىلخەتلەركەن ئۇ؟! كالۋا! بىز سېنى بىردەمدىن كېيىنلا دارغا ئاسىمىز. ساڭا ئوخشاش ئىتلاردىن نەچچىسىنى كۆيدۈرگەندەك سېنىمۇ بۇ يەردە كۆيدۈرىمىز. ئىتنىڭ كۈچۈكى!-دەپ تىللاپلا كەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنداق سەت ئىدىكى، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، گەپلىرىنى ئاڭلاشمۇ ئادەمگە ئېغىر كېلەتتى. ئۇ مېنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

-قەيەرگە؟-سورىدى غالچا.

-ئۇلار بىلىدۇ،-دېدى باشلىق. ئۇ مېنى ياۋۇزلارچە ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭدى. بىز ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، باشلىق ئۇنى توختىتىپ:

-ئۇنى يىگىرمە تۆتىنجى كامىرغا ئېلىپ كىر،-دېدى. مەن ئىچىمدە دۇئا قىلىپ: «ئى ئاللاھ، ساڭا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ، ماڭا تىنچلىق ئاتا قىلغىن. قەدەملىرىمنى توغرا يولدا مەھكەم قىلغىن. سېنى زىكىر قىلىش بىلەن ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن. ماڭا سېنى رازى قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىنئام قىلغىن...» دەيتتىم. مەن بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىلدىم. ئۆي ئىچىدە ئۈستەل ئالدىدا ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا كىچىك دەپتەر بار ئىدى. مەن تېزلا ئۇنى تونۇۋالدىم. ئۇ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنىڭ ئىدى. ئۇ قۇرئان ئۆگىنىشىمىزدە، دائىم بەزى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى بۇ دەپتەرگە خاتىرلەيتتى. مەن ئۇنىڭمۇ تۇتۇلغانلىقىنى بىلدىم. مەن ھەيران قالغان ئىدىم. لىكىن ئۇلارنىڭ مېنىڭ ھەيرانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم.

ئەسىر نامىزىغا ئوقۇلغان ئاۋازى تۈرمە تاملىرىدىن ھالقىپ ماڭا ئاڭلىناتتى. مەن ئۇلارنىڭ بايقاپ قېلىشىنى خالىماي، جىمجىتلا ناماز ئوقۇدۇم. ئەلھەمدۇلىللاھ، مەن يىگىرمە تۆتىنجى كامىرغا ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇن نامىزىمنى ئوقۇۋالدىم.

# يىگىرمە تۆتىنجى كامىرغا بېرىش يولىدا

يىگىرمە تۆتىنجى كامىرغا بېرىش ئۈچۈن، بۇ ئىككى قامچا تۇتقان غالچا مېنى قەستەن تۈرمىنىڭ ئىچىدىكى ھەرخىل يەرلەرنى ئايلاندۇرۇپ ھەيدەپ ماڭدى. مەن بۇ يەردىكى ۋەھشىيلىكنى كۆرۈپ ماڭدىم، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇزلۇقلارغا ئىشىنىشكە ئامالسىز ئىدىم.

دارغا ئېسىلغان ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ بەدىنىدىن ئۆلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر تاياق يېگەنلىكى، قامچىلانغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۆلارنىڭ بەزىلىرى ئىتلارغا تالىتىلاتتى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇلۇپ قامچىلىنىشنى ساقلاۋاتاتتى. مەن ئۆلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن ياشلارنى تونۇيتتىم. ئۇلار ماڭا ئۆز بالىلىرىمدىنمۇ قەدىرلىك ئىدى. بىز مېنىڭ ياكى ئۆلارنىڭ ۋە ياكى ئىبنى ئەرقامنىڭ ئۆيىدە قۇرئان ھەدىسلەرنى ئۆگەنگەن. بۇ مۇسۇلمان ياشلار، مۇسۇلمان شەيخلەر بىر-بىرلەپ قىيىن-قىستاققا ئېلىنماقتا ئىدى. ئۇلار تامغا قارىتىلىپ قامچىلىناتتى، ئۆلارنىڭ شۇ ئاللاھقىلا ئېگىلگەن باشلىرىدىن قانلار ئاقماقتا ئىدى. ئۆلارنىڭ تەۋھىد نۇرلىرى پارلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قىينىلىش، زارلىنىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىش چىقىپ تۇراتتى.

ئۆلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى:

-ئەي ئانا! ئاللاھ سىزنى بۇ يولدا مۇستەھكەم قىلسۇن!

غالچىلار چىراغنى يورۇتتى. چىراغ نۇرى يەرنى يورۇتۇپ، يەردىكى قىپقىزىل قانلار ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئۆلارغا قاراپ:

-بالىلىرىم! ۋەدىمىزنى ئۇنۇتماڭلار! سەبىر قىلىڭلار! ياسىر ئائىلىسى سىلەرنىڭ ئېرىشىدىغىنىڭلارجەننەت،-دەپ توۋلىدىم.

مېنى ھەيدەپ ماڭغان غالچا مېنىڭ بېشىمغا شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، قۇلاقلىرىم ۋە كۆزلىرىم خۇددى توك سوقىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. «ئاللاھ ئۈچۈن» دېدىم پىچىرلاپ ئۆزۈمگە. بۇ چاغدا خۇددى جەننەتتىن كەلگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: «ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلغىن. ئۇلارنى بۇ ياۋۇزلاردىن قوغدىغىن. ئەگەر سەن بىزنى ھىدايەت قىلمىساڭ بىز زاكات بەرمەس، ناماز ئوقۇماس ئىدۇق. بىزنى مۇشكۇلچىلىكتە قەدەملىرىمىزنى توغرا يولدا مۇستەھكەم قىلغىن!»

قامچا ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى. لېكىن ئىمانىنىڭ ئاۋازىمۇ كۈچلۈك ۋە ئېنىق ئىدى. يەنە بىر ئاۋاز: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق!» دەپ توۋلىدى. مەن يەنە: «سەبىر قىلىڭلار باللىرىم، بۇ بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ۋەدىمىز! سەبىر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ جايىڭلار جەننەت!» دەپ توۋلىدىم. مەن كەينى تەرىپىمدىن شۇنداق قاتتىق ئۇرۇلدۇم. لېكىن بۇ نۆۋەت مەن ئازراقمۇ تىز پۈكمەستىن: «ئاللاھۇ ئەكبەر! ئەلھەمدۇلىللاھ! ئى ئاللاھ! بىزنى سەبىر قىلغۇچىلاردىن، رازى بولغۇچىلاردىن قىلغىن! ئى ئاللاھ! بىزگە ئىسلامنى، ئىماننى ۋە سېنىڭ يولۇڭدا سەن ئۈچۈن بولغان جىھادنى ئىنئام قىلغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدۇ-سانا ۋە تەشەككۈرلەر بولسۇن!»

يىگىرمە تۆتىنجى كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. مەن بۇ قاراڭغۇ كامېرنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىلدىم. ئاندىن ئىشىك قاتتىق يېپىلدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى كامىردا

«تىنچلىق بەرگۈچى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» مەن بۇ كەلىمىنى توختىماي تەكرارلايتتىم.

ئىشىك تاقالدى-دە، كۈچلۈك بىر چىراغ يېقىلدى. ئۆي ئىچى ياۋۇز ئىتلار بىلەن تولغان ئىدى. مەن قانچە ئىت بارلىقىنى كۆرەلمىدىم. پەقەت قورقىنىمدىن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ، قوللىرىمنى كۆكسۈمگە قويالىدىم. مەن بۇ ئاچ قالغان ئىتلارنىڭ ماڭا ئۇلاشقىنىنى سېزەتتىم، بەدىنىمنىڭ ھەربىر ئەزايىدىن ئۆلارنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى سەزگەندەك بولاتتىم. مەن قوللىرىمنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ، توختىماستىن ئاللاھنى زىكىر قىلاتتىم: «ئى رەببىم، مېنى سەندىن باشقىغا دىققىتىمنى چاچمايدىغان قىلغىن. دىققىتىمنى پەقەت ساڭىلا مەركەزلەشتۈرگىن. سەن مېنىڭ رەببىمدۇرسەن، سەن يالغۇزدۇرسەن، سەن نۇقسانسىزدۇرسەن. مېنى بۇ ئەھۋالدىن ئايرىغىن. پۈتۈن دىققىتىمنى سېنىڭ زىكرىڭدە قىلغىن. مېنى سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا قىلغىن. مېنى تىنچلاندۇرغىن. مېنىڭ سېنىڭ مۇھەببىتىڭ بىلەن ئورىغىن. ماڭا سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلۈشنى نىسىپ قىلغىن. سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى، سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەيمەن. توغرا يولدىكى قەدەملىرىمنى مۇستەھكەم قىلغىن.»

مەن ئىچىمدە بۇ كەلىمىلەرنى تاكى ئىشىك ئېچىلىپ، ئىتلار مېنىڭ يېنىمدىن ئېلىپ كېتىلىپ، مەن بۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلغۇچە توختىماي تەكرارلىدىم.

مەن ئىتلار مېنىڭ ھەممە يېرىمنى چىشلەپ يارلاندۇردى، كىيىملىرىم چوقۇم قان بىلەن تولدى دەپ خىيال قىلغان ئىدىم. لىكىن ھەممىنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئىتلار خۇددى مېنىڭ خىيالىمدەك، كىيىملىرىمدە بىر تامچىمۇ قان يوق ئىدى. ئاللاھۇ كەرىم! ئاللاھ مەن بىلەن بىرگە، مەن ئۆزۈمدىن ئاللاھ ھەقىقەتەن ماڭا مۇشۇلارنى نېئمەت قىلدىمۇ دەپ سورايتتىم. مېنى ياللاپ ئېلىپ ماڭغان غالچىنىڭمۇ بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن

ئىدى. ئاسمانغا قارىدىم، ھەممە يەرنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى،ئۇ ئۆيگە تەخمىنەن ئۈچ سائەتتەك سولانغانلىقىمنى بىلدىم. مېنى بالادىن قۇتقۇزغان ئالالاھقا ھەمدىلەر بولسۇن!

غالچىلار مېنى يالاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر كامىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىك ئېچىلدى، ئىشىك بىر ئۇزۇن كارىدورغا تۇتاشقان ئىدى. بىز كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى نۇرغۇن تاقاقلىق ئىشىكلەردىن ئۆتتۇق. بىر ئىشىكنىڭ روجەكلىرى ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان يورۇقلۇق ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىشىنىڭ چىرايىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ مىسىرنىڭ ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى مۇھەممەد راشىدىن ئىدى. ئابدۇناسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ ئۇنى زۇكۇتۇڭ قىلىپ سايىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىمۇ قامال قىلىۋالغان ئىدى. مەن ئىككىنچى كامىرنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈچىنچى كامىرغا سولاندىم.

## ئۈچىنچى نومۇرلۇق كامىردا

مەن سولانغاندىن كېيىن، ئىشىك سىرتىدىن تاقالدى. ئاندىن تورۇسقا ئېسىلغان چىراغ ياندۇرۇلدى. چىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى شۇنچىلىك قوقۇنچلۇق ئىدىكى، بۇ نۇرلار يەنە ئېلىپ بېرىلىدىغان قىيناشلارنىڭ بەلگىسىدەك قىلاتتى. بىردەمدىن كېيىن مەن ئىشىكنى چېكىپ، تەلەتى سەت بىر ئالۋاستىدىن ھاجەتكە بېرىپ تاھارەت ئېلىۋېلىشنى سورىدىم. مەن ئىشىكنى يەنە چېكىشتىن، ھاجەتكە بېرىشتىن، تاھارەت ئېلىشتىن ۋە سۇ ئىچىشتىن چەكلەندىم. ئۇ: «ئەگەر يەنە ئىشىكنى چەكسەڭ، سېنى 50 قامچا ئۇرىمەن!» دېدى-دە، قامچىلىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، ئۆز تەھدىتىنىڭ ھەرقاچان ئەمىلىيەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىۋاتاتتى.

بۇ ئۆي قۇپقۇرۇق ئىدى، مەن يىگىرمىنچى كامىردا نەچچە سائەت ئۆرە تۇرۇپ ھېرىپ

كەتكەن ئىدىم، پۈركەنجەمنى سېلىپ يەرگە سالدىم. ئاندىن تەيەممۇم قىلىپ، شام ۋە خۇفتەن نامىزىمنى ئوقۇدۇم. نامازدىن كېيىن شۇ پېتى ئولتۇردۇم. لىكىن پۈتۈم يارىلانغانلىقتىن، كۆپ ئولتۇرالمايتتىم. مەن ئۆتىكىمنى سېلىپ ياستۇق قىلدىم-دە، پەرەنجە ئۈستىدە ياتتىم. كامىر دېرىزىسىنىڭ يېنىغا قويۇلغان ياغاچ كرىست جىمجىتلىقنى بۇزدى. بۇ غالچىلار بىر-بىرلەپ مۇسۇلمان ياشلارنى ئېلىپ چىقىپ، ياغاچ كرىستقا ئاستى ۋە ئۈنى قامچىلاشقا بۇيرىدى. كىمگە نۆۋەت كەلسە، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېنژېنىر، دوختۇر، كېڭەش پالاتاسى ئەزالىرى ئىدى. غالچىلار ئۇلاردىن ئوخشاش سۇئاللارنى سورايتتى.

-بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭ؟

جاۋاب ھەمىشە تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈن بولاتتى.

-زەينەب غەززالىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قاچان قەيەردە كۆرگەن ئىدىڭ؟

ئۇلار ئېسىمدە يوق دەپ جاۋاب بەرسە، غالچىلار ئۇلارنى قاتتىق قىينايتتى ۋە مېنى شۇنداق سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەشكە بۇيرۇيتتى. ئەلۋەتتە ئاق كۆڭۈل قېرىنداشلىرىم بۇنى رەت قىلاتتى، ئاندىن تازا قامچا يەيتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنچە چىداملىق ۋە باتۇر ئىدىكى، بۇ غالچىلارغا مېنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈل ۋە ھۆرمەتلىك ئايال ئىكەنلىكىمنى ئېيتاتتى-دە، قاتتىق تاياق يەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىرادەمنى سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن ئاللاھنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ياردىمىنى ۋە رەھمىتىنى تىلەشكە باشلىدىم. مەن بۇ غالچىلارنىڭ بۇ ياشلارنىڭ ئورنىغا مېنى قىينىشىنى ئۈمىد قىلىپ يىغلاپ كەتتىم. ئاللاھتىن مېنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا قويۇشنى، ئۇلارنىڭ ئازابىنى تەڭ تارتىشقا نىسىپ قىلىشنى تىلەيتتىم. مەن ئۇلارنىڭ غالچىلارنىڭ تەلىپى بويىچە مېنى تىللىشىنى، ئازراق بولسىمۇ تاياقنى ئاز يېيىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لىكىن ئۇلار بۇنى رەت قىلاتتى. قامچىلاش كۈچىيىشكە باشلىدى. قېرىنداشلىرىمنىڭ تاياقتىن ئېڭرىغان ئاۋازى يۈرىكىمنى لەختە- لەختە قانغا

تولدۇراتتى. مەن ھەسرەتلەنگەن ۋە ئىچىم ئاغرىغان ھالدا ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلدىم: «ئى ئاللاھ! مېنى ئۇلاردىن ئايرىپ، دىققىتىمنى سەندىلا قىلغىن. ئۇلارنى مەندىن ئايرىپ، دىققىتىنى سەندىلا قىلغىن. ئۇلارغا سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى نىسىپ ئەتكىن. مېنى بۇ ئازاپلىق يىغىلاردىن قانات ئاستىڭغا ئالغىن. سەن بىزنىڭ دىلىمىزدىكىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. بىز سەن ئورۇنلاشتۇرغان ھېكمەتنى بىلمەيمىز. سەن غەيبنى بىلگۈچىدۇرسەن. سەن بىزنىڭ قەلبلىرىمىزدىكىنى بىلگۈچىدۇرسەن. بىزگە رەھمەت قىلغىن!»

## خاسىيەتلىك چۇش

مەن ئاللاھنى زىكىر قىلىپ يېتىپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى سەزمەپتىمەن. مەن شۇ كېچە چۈشۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. چۈشۈمدە چەكسىز كەتكەن چۆللۈك ۋە تۆگە كارۋىنىنى كۆردۈم. ھەربىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە خۇددى نۇر چەمبىرەكلىرىدىن ياسالغانغا ئوخشاش تەختىراۋان ئۈستىدە يۈزلىرى نۇرلۇق تۆت ئەر كىشى بار ئىدى. مەن بۇ غايەت زور كارۋاننىڭ كەينىدە قوللىرىدا تۆگىنىڭ تىزگىنىنى تۇتىۋالغان بىر ھەيۋەتلىك كىشىنىڭ كەينىدە تۇراتتىم. مەن ئىچىمدە ئۆز-ئۆزۈمگە: «بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇمۇ؟» دەپ سوئال قوياتتىم. بۇ ھەيۋەتلىك كىشى ماڭا:

-زەينەب، سەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىۋاتىسەن،-دېدى.

-شۇنداقمۇ ئۇستاز؟ مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى بويىچە ماڭىدىمۇ؟

-سەن زەينەب غەززالى، ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىۋاتىسەن.

-سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز، مەن ھەقىقەتەن سىزنىڭ ئىزىڭىز بويىچە ماڭدىممۇ؟

-زەينەب، سەن توغرا يولدا، سەن توغرا يولدا. سەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىۋاتىسەن.

مەن سۇئالىمنى نەچچە رەت تەكرارلىدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتىم.

مەن خۇددى پۈتۈن دۇنياغا ئېرىشكەندەك خۇشاللىق بىلەن ئويغاندىم. ئەجەبللىنەرلىكى، مەن ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى، مېنى نېمىنىڭ كۈتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم. مەن بەدىنىمدىكى ئاغرىقلارنى سەزمەيۋاتاتتىم. دېرىزە سىرتىدىكىلەرمۇ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. مەن پەقەت يىراقتىن كەلگەن ئاۋازلارنى ئاندا-مۇندا ئاڭلاپ قالاتتىم. تېخىمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى زەينەب غەززالى دەپ چاقىردى. گەرچە مەن زەينەب ئەلغەززالى ئىسمى بىلەن تونۇلغان بولسامۇ، مېنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىمدا قويۇلغان ئىسمىم زەينەب غەززالى ئىدى. بۇ خاسىيەتلىك چۈش ماڭا ھەقىقەتەن ۋاقىت ۋە مەن تۇرىۋاتقان ئورۇننى ئۇنتۇلدۇردى. مەن تەيەممۇم قىلدىم-دە، ناماز ئوقۇپ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن سوۋغىتىغا ھەمدە ئېيتتىم. مەن سەجدىگە يىقىلدىم-دە، ئاللاھقا يېلىنىپ: «ئى رەببىم، ساڭا نېمە بىلەن رەھمەت ئېيتاي؟ مەن پەقەت ساڭا بەرگەن سەممىي ۋەدەمنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىيالايمەن خالاس. ئى ئاللاھ! ساڭا قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلگۈچە لۈرەش قىلىمەن. مېنىڭ تۈپەيلىمدىن باشقىلارنىڭ ئازابلىنىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنى سېنى رازى قىلىدىغان ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچىلاردىن قىلغىن. مېنى سېنى رازى قىلىدىغان توغرا ئىشلار بىلەنلا چەكلىگىن.» بۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنى باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك شۇنداق ئازادە ھېس قىلدىم. تۇيۇقسىز سىرتتىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ئاڭلىدىم. نۇرغۇن ئاپتوبۇسلار تۈرمىگە كىرىۋاتقان، بەزىلىرى تۈرمىدىن چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېيىن مەن

بۇنىڭ بۇ ياۋۇز غالچىلارنىڭ ئىسمىنا ئالمىشىش ۋاقتى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلاندى، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم.

مەن 8-ئاينىڭ 20-كۈنى جۈمەدىن باشلاپ، 8-ئاينىڭ 26-كۈنى پەيشەنبىگىچە بۇ يەردە قاملىپ تۇردۇم. بۇ ئالتە كۈن ئىچىدە مەن قامالغان كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ باقمىدى. ماڭا يىمەكلىك، ئىچىملىك بېرىلمىدى، ھاجەتكە چىقىشىم چەكلەندى. سىرتتىكى ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشىم چەكلەندى. پەقەت ماڭا قارايدىغان گۇندىپاي ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن پات-پات ماڭا قاراپ قويياتتى. قەدىرلىك ئوقۇرمەن، سىز ھېس قىلالامسىز، بىر ئىنسان بۇ شارائىتتا قانداقمۇ ياشىيالىسۇن؟ ئىنسان بىر نەچچە كۈن بىر نەرسە يېمىسە، بەلكىم ياشىيالايدۇ، لېكىن بۇنداق ئۇزۇن سۇ ئىچمىسە قانداقمۇ ياشىيالىسۇن؟ قەدىرلىك ئوقۇرمەن، بۇنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق بولغان 8-ئاي ئىكەنلىكىنى ئۇنتىماڭ. يەھۇدى باشقا غەيرىي دىندىكىلەرمۇ ئىنسانغا بۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغانلارنىڭ بۇ ئىشلارغا يول قويىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەي ئاللاھ! بۇ قەلبىدە قىلچە ئىمان ۋە ئەخلاق بولمىغان مۇستەبىد ھاكىمىيەتچىلەر ئىنسانلارنىڭ ئابروينى قىلچىلىك دەپسەندە قىلدى. لېكىن، ئاللاھقا، ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچ ئىمان ئېيتقۇچىلارغا ئىنساننىڭ ئىقتىدارىدىن يۇقىرى بولغان غايەت كۈچ تەلەپ قىلىدۇ.شۇڭلاشقا قەدىرلىك ئۇقۇرمەن مېنىڭ سۇ، يېمەكسىز، ھاجەتكە بارماي 6 كۈن ياشىيالىغىنىمغىمۇ ئەجەبلەنمەڭ. مەن بۇ ئالتە كۈندە ياشىيالىغانلىقىمنى تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەبتىن دەپ قارايمەن:

بىرىنچىدىن، ئاللاھنىڭ ماڭا رەھمەت قىلىپ ئاتا قىلغان ئىمانىغا تايىنىپ، ئىسلام بىزگە قىينىچىلىقلاردىن غالىب كېلىدىغان كۈچ بېغىشلايدۇ، ئىمان كىشىنى قىينىچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدىغان سەبىرلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ بۇ كۈچ ئۇ ياۋۇزلارنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ ئەلۋەتتە. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن دەپ ئويلايدۇ،

لېكىن ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ھاياتى ئاللاھ بىلەن باغلانغان، ئۇلار ئاللاھنىڭ پاناھلىقى بىلەن ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن بويىچە ياشايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھېلىقى كېچىدىكى خاسىيەتلىك چۈش ماڭا خۇددى قۇۋۋەت دورىسىدەك مېنى ئەتراپىمدىكى يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ئىشلاردىن ئايرىپ خۇشاللىق ئىچىدە ياشاشقا نائىل قىلدى.

يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە كۈزەتكۈچى گۇندىپاي ماڭا ئازراق سۇ، مەينەت بولكا، سارغىيىپ كەتكەن پىشلاق ئەكىردى. ئۇ بولكا بىلەن پىشلاقنى يەرگە تاشلاپ:«ھۇ، ئەبلەخ! ھازىرغىچە ھاياتكەنسەن ھە!؟ مانا بۇ سېنىڭ تامىقىڭ. » دېدى ۋەھشىيلەرچە ۋارقىراپ. مەن بولكا بىلەن پىشلاققا تەگمىدىم، گەرچە سۇ ناھايىتى پاسكىنا چەينەككە ئېلىنغان بولسىمۇ، چەينەكنىڭ پۈرىقىنى توسۇش ئۈچۈن، بۇرۇنلىرىمنى ئېتىپ كۆزلىرىمنى يۇمدۇم ۋە چەينەكنى ئالدىم-دە: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاسمان زېمىندىكى مەخلۇقاتلار ھېچ كىشىگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ. ئى ئاللاھ! ماڭا ئۇزۇقلۇق، ئۇسسۇزلۇق بەرگىن. ماڭا سەبىرچانلىق، بىلىم، ئىرادە ئاتا قىلغىن» دېگەن دۇئا بىلەن ئاستا سۇنى ئىچتىم.

قاش قارايغان ۋاقىتلاردا كۆزەتچى گۇندىپاي كامىرغا كىردى ۋە قامچىسىنى يەرگە ۋە تاملارغا قارىتىپ شىلتىپ:«ئورنۇڭدىن تۇر ئەبلەخ! سەن ھاجەتكە بارساڭ بولىدۇ.» دەپ ۋارقىرىدى.مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشەلدىم بىراق ھالسىزلانغىنىمدىن يىقىلدىم. ئۇ گۇندىپاي قوپاللىق بىلەن مېنى قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزدى ۋە مېنى ھاجەتخانىغىچە يۆلەپ ئېلىپ باردى. مەن ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىشقا تەمشەلگىنىمدە ئۇ ۋارقىراپ:«ئىشىكنى تاقاشقا بولمايدۇ!» دېدى.

-ئۇنداقتا مېنى كامىرغا ئېلىپ كىرىپ كېتىڭ. ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس.

-كىرە ئەبلەخ! ئىشىكنى تاقىۋالساڭ بىز سېنى قانداق كۆزىتىمىز!؟ -ئۇ ياۋايىلارچە

ۋارقىرايتتى. ئۇ پەقەت تەكەببۇرلۇق بىلەن مېنى شەرمەندە قىلىپ خۇشاللىق ئىزدەۋاتاتتى.

قانداق جاھىلىيەت بۇنداق ئەخلاقسىزلىققا يول قويۇشى مۇمكىن؟

مەن كامىرغا قايتتى. بۇ گۇندىپايىنىڭ يەنە مېنى ھاجەتكە ئېلىپ چىقىشىدىن، ماڭا ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى. كامىر ئىشىكىنىڭ تاقىلىشى بىلەن مەن دەرھال تەيەممۇم قىلىپ شام بىلەن خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدۇم.نامازنى ئەمدى تۈگىتىشىمگە مېنى ئىتلار بىلەن تولغان يىگىرمە تۆتىنجى نۇمۇرلۇق كامىرغا ئېلىپ كىرگەن سافۋاتۇل رۇبى ئىسىملىك غالچا ئىككى كىشىنى باشلاپ كامىر ئىشىكىنى ئېچىپ كەلدى.

-كىرىڭ دوختۇر ـ مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

بۇ ئىككى كىشىدىن بىرى مېنى يەردە ياتقۇزۇپ تەكشۈردى.

-ئۇ قانداقراق؟- سورىدى ئۈچىنچى كىشى.

-ھېچ ئىش يوق، ئۇنىڭ يۈرىكى ساق ئىكەن.- دەپ جاۋاپ بەردى مېنى تەكشۈرگەن كىشى.

سالامەتلىكىمگە دېئاگنوز قويغاندىن كېيىن، ئۇلار چىقىپ كېتىشتى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا، بىر نەچچە غالچا كىرىپ مېنى قاراڭغۇلۇقىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك، سوراقخانىغا ئوخشايدىغان بىر ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار مېنى تامغا قارىتىپ مىدىرلىماستىن ئىككى سائەتكىچە تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئۇلار سوراقخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋەتكەچ: «ھۇ، ئىتنىڭ كۈچىكى بۈگۈن ساڭا قىيامەت بولىدۇ...» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاللاھتىن پاناھلىق تىلىدىم ۋە سۈرە فاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرەنى ئوقۇشقا باشلىدىم. خۇددى بۇ ئايەتلەرنى تۇنجى قېتىم ئۇقۇۋاتقاندەك ئالدىرماي دانە-دانە ئوقۇدۇم.

مەن قۇرئان ئوقۇشنىڭ لەززىتىنى سۈرۈپ ھەممىنى ئۇنتىغان ۋاقتىمدا، قاتتىق تەگكەن بىر شاپىلاق مېنى ئويغاتقاندەك بولدى، چىراق يورۇتۇلدى. ياۋۇز غالچىلار مېنى

ۋەھشىيلەرچە قامچىلىدى. قاراڭغۇلۇق بۇ كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى سىرغىپ ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئىبلىسنى ئەسلىتەتتى . ئۇلار ماڭا ئۈچ بەت ئاق قەغەز بەردى ۋە ئۇلارنىڭ تەلپى بويىچە يېزىشقا بۇيرىدى.

بىردەمدە باشقا ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى ۋە تېخىمۇ قاتتىق قامچىلاشقا بۇيرىدى. ئاندىن بۇ ئۇنىڭ يازغاندا بىز تەلەپ قىلغان مەزمۇنلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دېيىشتى.

قامچىلاش توختىدى. بىر غالچا كېلىپ مېنى بىلەكلىرىمدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپ تام تەرەپكە ئاتتى. مەن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ھەمزە بەسيۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. يەنە بىر غالچا مېنى زەربە بىلەن سىلكىشلەپ يەرگە يىقىتتى. كېيىن ئۇلار بىر ھەربىي فورما كەيگەن ئەسكەرنى مېنى تېپىشكە بۇيرىدى.

بىر ئۇستەلنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىلدىم، قولۇمغا ئاق قەغەز تۇتقۇزۇلدى، بەدىنىمنىڭ ئاغرىقىدىن قەغەزنىمۇ ئاران- ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم. غالچىلاردىن بىرى ماڭا ۋارقىراپ:«سەن بىلىدىغان سەئۇدى ئەرەبىستان، سۇرىيە، سۇدان، لىۋان، ئىئوردانىيىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ چىق! ئەگەر يازمىساڭ، سېنى مۇشۇ يەردىلا ئېتىۋېتىمىز. قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى بارلىق تونۇشۇڭنى ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى يازا!» دېدى-دە، ماڭا بىر قەلەم بېرىپ، ئىشكىنى تاقاپ چىقىپ كەتتى.

مەن قەلەمنى ئېلىپ، مۇنۇلارنى يازدىم:

«ئىسلام دەۋىتى بىلەن مەن نۇرغۇن دۆلەتلەردە نۇرغۇن دوستلار بىلەن تونۇشتۇم. بىزنىڭ پائالىيىتىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. توغرا يول ئەلۋەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ساھابىلەرنىڭ يولى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاللاھنىڭ قانۇنىنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىش. مەن سىلەرنى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن جاھىلىيەتتىن يىراقلىشىپ، ئىمانىڭلارنى يېڭىلاشقا، سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنى بوغقان قاراڭغۇلۇقتىن ئاللاھنىڭ توغرا يولغا

قايتىشقا ۋە تەۋبە قىلىشقا چاقىرىمەن. ئەگەر سىلەر مۇشۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرنى جاھىلىيەتنىڭ ھاڭ ئازگىلىدىن قۇتقۇزۇپ، ئىسلامنىڭ يورۇقلۇقىغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بۇ چاقىرىقنى رەئىسىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇمۇ پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلسۇن، ئىسلامغا بېرىلىپ جاھىلىيەتتىن قول ئۈزسۇن. ئەگەر ئۇ رەت قىلسا، شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ قىلمىشىغا ۋە تاللىغان يولغا جاۋابكار بولىسىلەر. مەن ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى ئاللاھ، سېنىڭ خەۋىرىڭنى يەتكۈزگىنىمگە گۇۋاھچى بولغىن. ئەگەر پۇشايمان قىلسا ئۇلارنىڭ ۋە بىزنىڭ تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن. ئەگەر رەت قىلسا سەن ھەممىگە قادىرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. ئى ئاللاھ، بىزنى سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن، سېنىڭ رەھمىتىڭ بىلەن سېنىڭ يولۇڭدا شېھىد بولۇشقا نىسىپ قىلغىن.»

مەن ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن خەتنى يېزىپ تۈگەتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ئاللاھنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلىكىمدىن خوشال بولدۇم. خەتنى تۈگىتىش بىلەن تەڭ ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا باشلىدىم.

ئاخىرى سافۋات رۇبى قايتىپ كەلدى ۋە خەتنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، مەن يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدىم.

# قامچىلار ماڭا يۈزلەندى

ئۈزۈن ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ چىراقلار ياندۇرۇلدى، سافۋات تۆت ئادەم بىلەن بوراندەك ئېتىلىپ كىردى ۋە ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن «ھۇ ئىتنىڭ بالىسى، بىز سەن بىلەن چاقچاقلىشىۋاتامدۇق، نېمە بۇ يازغانلىرىڭ، ھەممىسى قۇرۇق گەپكەنغۇ؟!» دەپ مېنى تىللاشقا باشلىدى.

شۇئەسنادا بىرسى «ھەربى ئىشلار تۈرمىسىنىڭ باشلىقى ھەمزە بەسىيۇنى جانابلىرى كەلدى» دېدى، ھەمزەمۇ كىرىپلا ئەڭ سېسىق، قوپال، ئۆمرۈمدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان، كىشى ئاڭلاشقىمۇ تاقەت قىلالمايدىغان سۆزلەرنى ياغدۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن قارىدىم، قولىدا بىر نەچچە ۋاراق قەغەز تۇراتتى، غالچىلاردىن بىرى «جانابلىرى قارىسىلا ئۇنىڭ يازغان نېمىسىنى»دېدى ۋە ئۇنى يىرتىپ تاشلاپ ،سافۋاتنىڭ بايىقى سۆزىنى تەكرارلاپ يازغانلىرىمنى مەسخىرە قىلدى.

ھەمزە بەسىيۇنى« ئۇنى باغلاڭلار، ئۇنىڭغا يۈز خاتىر قىلىشنىڭ ئورنى قالماپتۇ» دەپ ۋارقىراپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ سافۋات ۋە يەنە بىر ئەسكەر بىلەن قايتىپ كىردى، ئەسكەر قوپاللىق بىلەن مېنى يەرگە يىقىتتى، مەن ئەس-ھوشۇمنى تېپىپ بولغۇچە پۇتۇمغا كىشەن سېلىپ، ھايۋاننى ئاسقاندەك مېنى دارغا ئاستى. گۇناھكارلارنى جازالاش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيلەنگەن ۋە بۇ جەھەتتە تولۇق تەجرىبىگە ئىگە بولغان بۇ گۇندىپاي تەرىپىدىن بولىشىغا تاياق يېدىم، بۇ چاغدا پەقەت توختىماي ئالاھنى زىكرى قىلدىم، تاكى ھوشۇمدىن كەتكەنگە قەدەر.

ھوشۇمغا كەلگىنىمدە بىر كارىۋاتتا يېتىپتىمەن، گەپ قىلغۇدەك ياكى مىدىرلىغۇدەك ھالىم يوقتى، بىراق ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ھېس قىلالايتتىم. گۇندىپايلار مېنى كامىرغا ئاپىرىۋەتتى، مەن يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم، ھوشۇمغا كەلگىنىمدە مەندىن قان

ئېقىۋاتقىنىنى بىلدىم، ئىشىكنى ئۇرۇپ دوختۇر چاقىرىپ بېرىشىنى، داۋالىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدىم، بىراق ئېرىشكىنىم يەنىلا شۇ جاھاندىكى ئەڭ مەينەت، سېسىق گەپلەر بولدى.

ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى، قۇدرەتلىك ئاللاھقا يالۋۇردۇم، بېشىمغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ «مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ساقلان، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا پەردە يوقتۇر» دېگەن مۇبارەك ھەدىسىنى ئەسلىدىم. ئاللاھتىن ئېقىۋاتقان قانىنىڭ توختىشىنى تىلىدىم. مېھرىبان ئاللاھ تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدى، ئېقىۋاتقان قان توختىدى، بىراق بەدد  ند مدد كى يارىلارنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي تولغىناتتىم، بولۇپمۇ كىشەنىنىڭ تەسىرىدىن پۇتۇم ئۇت بولۇپ يېنىۋاتاتتى، ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ناماز بىلەن كۆڭلۈمنى ئارام تاپقۇزۇپ ئاللاھتىن بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەرگە بەرداشلىق بەرگۈدەك چىدام-غەيرەت تىلىدىم.

دوختۇرنىڭ داۋالىشى ۋە دورا بولمىغان ئەھۋالدا مەن ئازابلىق كېچىلەرنى ئۆتكۈزىۋاتاتتىم. بۇ جەرياندا ئىشىك باقار گۇندىپاي ھەركۈنى بىر بۇردا نان، بىر پارچە پىشلاق ئەكىلىپ بەردى. يېمەكلىكلەرنىڭ ئېچىغان پۇرىقىغا پەقەت چىداپ تۇرالمايتتىم، شۇ سەۋەب بۇ نەرسىلەر قانداق ئېلىپ كېلىنگەن بولسا يەنە شۇنداق ئېلىپ كېتىلدى.

## ئاللاھ ئۇلارنى جەم قىلغۇسى

بىر كۈنى بىر ئـاۋاز مېنـى چاقىرۋاتقانـدەك بىلىنـدى، بـۇ ئايـاغ تىۋىشـى ئـدى، بـۇ ئايـاغ تىۋىشـى دىقـقەت-ئېتىبـارىمنى تـارتتى. ئىشـىككە ئېسـلىپ ئورنۇمـدىن تـۇردۇم، مېنـى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كىچىك تۆشۈكتىن ماراپ، بۇ ئاياغ تىۋىشنىڭ ئىگىسىنى كۆردۈم، ئـۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار جەمئىيتىنىڭ يېتەكچىسى ھەسەنۇل ھۇدەيبى ئۇستاز ئىدى، دېمەك ئۇمۇ تۇتۇپ كېلىنگەنىدى، تۆشۈككە يېقىن كېلىپ:«جىھادتىن» بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۆمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر. ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار) دۈشمەنلەرگىمۇ «بەدرى جېڭىدە» ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى...

{سۈرە ئال ئىمران 140، 139-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇۋدۇم.

ھەر كۈنى بۇ ئاياغ تىۋىشىغا دىققەت قىلىپ تـۇردۇم، ئۇيـان-بۇيـان ئېلىپ مېڭىلغىنىنى تۆشۈكتىن كۆرۈپ ئۆزۈمگە تەسەللى تاپاتتىم. ئۇستازنى كۆرگەندە مەن يۇقىرقى ئايەتلەرنى تەكرارلايتىم، ئۇستازمۇ گۇندىپايلارنىڭ بايقاپ قالماسلىقى ئۈچۈن تولىمۇ بوش ئـاۋازدا ئـۇ ئايەتلەرنى پىچىرلاپ قوياتتى.

ھەركـۈنى ئۇسـتازنى بىـر قېـتىم بولسـىمۇ كۆرىـۋېلىش ماڭـا زور تەسـەللى بـولاتتى ۋە ئازابلىرىمنى ئۇنتۇلدۇراتتى. بۇ خىل تۇيغۇنى پەقەت ئېتىقادلىقلار، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قېرىنداش بولغانلارلا ھېس قىلالايدۇ . ئىسلام مۆمىنلەرنىڭ قەلبىنـى بىـر-بىـرىگە شـۇنداق باغلايدۇكى،ئۇلار ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىـدۇ،ئاللاھ رازىلىقـى ئۈچۈن يـول باشـچى ۋە ئـۆزىنى بىـر پۈتـۈن گەۋدىـدەك ھـېس قىلىشـىدۇ.بـۇلارنى ئـويلاپ كۆڭلۈم ئارام تېپىپ قالدى.

# ئىككىنچى قېتىملىق قىيىن-قىستاق

بۇ ھوزۇر ئۇزۇن سۈرمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر كېچىسى، كامىرىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ شەي تان سۈپەت سافۋات باستۇرۇپ كىردى. كىرىپلا ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ۋە يۈزلىرىمگە قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە قوپاللىق بىلەن بىلىكىمدىن سۆرەپ تۈرمە ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى، ئاندىن يەنە 3-كامىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر ئىشخانىغا ئەكىرىپ شىرەنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا يەنە بىرى كەلدى ۋە زەينەپ غەززالى سەنمۇ دەپ سورىدى. ھەئە، مەن شۇ دېيىشىمگىلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا خۇددى جەھەننەمدىن ئەمدىلا چىققاندەك ئۈچ ئەسكەر كىردى، ئېگىز بويلىرى ۋە يوغان گەۋدىلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنىشىدىنمۇ زالىملىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر ئادەم كەلدى ۋە ئۇلاردىن مېنى تونۇپ-تونىمايدىغانلىقىنى، كۆرگەن-كۆرمىگەنلىكىنى سورىدى، ئۇلار ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تەڭلا «تونۇيمىز» دەپ جاۋاب بەردى ۋە ماڭا " ئەجىلىڭ توشتى " دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن فەرۇخ مىنشاۋىنى ئەكىردى، دارغا پۇت-قوللىرىنى باغلاپ ئاسقاندىن كېيىن ئۇرۇشقا باشلىدى، ۋە ئۇنىڭدىن مېنى قانچە قېتىم يوقلاپ بارغانلىقىنى سورىدى ۋە ماڭا تۆھمەت چاپلىشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. ئۇ قارشىلىق كۆرسەتكەنسېرى تېخىمۇ قاتتىق ئۇراتتى. بۇ مەنزىرە ئالدىدا يۈرىكىم بىرى پىچاق تىقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى، ئۆزەمنى يوقوتۇپ قوياي دېدىم، كەيپىياتىم بۇزۇلدى. ئۇلار ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋەتكەندى يەرگە يىقىلدى، ئاللىبۇرۇن شۈكلەپ كەتكەنىكەن، ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. ئەمما قۇدرەتلىك ئاللاھ ئۇنىڭ ياشىشىنى تەقدىر قىلغانىدى. ئاخىرىدا ئۇ ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇ زىنداندا دەۋەتنى داۋاملاشتۇردى، ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. كېيىن ئابدۇناسىرنىڭ يول-

يورىقى بىلەن مەيىنەت قولىلار ئۇنىڭغىمۇ سوزۇلدى ۋە «لىمان» زىنداننىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئىسلامىيەت ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلغان شېھىدلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

قاتىللار فەرۇخنى ئېسىش ۋە ئۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلمىدى. قېرىنداشلىرىمدىن يەنە بىرىنى تۇتۇپ ئەكىلىپ فەرۇخنى قىيىنىغان ئۇسۇللار بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا قىيناپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئوخشاش سوئاللارنى سورىدى، سوئاللىرىغا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك جاۋاپ بەرمىگەنسېرى تېخىمۇ قاتتىق ئۇراتتى. پۈخادىن چىققۇچە ئۇرغاندىن كېيىن قولىنى بوشاتتى، ئۇ جانسىز ۋە ھۇشسىز ھالەتتە يەرگە يىقىلدى، ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلىغان گۇندىپايلار كېسەل كارۋىتىغا سېلىشىپ ئېلىپ كەتتى، ھېچكىممۇ ئۇنى نەگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۇقمايتتى.

بۇ ئەھۋاللارنى ماڭا كۆرسەتكەندىن كېيىن مېنى ئىقرار قىلدۇ دەپ ئويلىشىپ، يېنىمغا پۈتۈنلەي مەن ئۈچۈن كەلگەن، ماڭا ياخشى بولسۇن دەپ نەسىھەت قىلىۋاتقان ھېيلىگەر بىرسىنىڭ قىياپىتىدىكى بىرسىنى كىرگۈزدى. ئۇ كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنى تەپتىش ياردەمچىسى ئۆمەر ئەيسا دەپ تونۇشتۇردى. كېيىن بىلىشىمچە ئۇمۇ شۇ جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىدىن بىرى ئىكەن.

ئۇ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. « زەينەب ھاجى ،سىز بىلەن ياخشى پاراڭلاشقۇم بار، سىزنى بۇ قانخورلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزىمەن، سىز ھۆرمەتكە لايىق ۋە ئېپپەتلىك بىر ئايالسىز، ئۆزىڭىزنى بۇ مۇشەققەتلەر قوينىغا قانداقمۇ تاشلىغۇڭىز كەلدى؟ قاراڭ، بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئەڭ باشتا ھەسەنۇل ھۇدەيبى ھەممە ئىشنى ئېتىراپ قىلدى. سىزنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشقا لايىق ئىقرارلارنى قىلدى. ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەممە ئىشنى سىزگە ئارتىپ قويدى. سىزمۇ كىچىكمەستە ئۆز ھاياتىڭىزنىڭ غېمىنى قىلىڭ، بۇ ئادەملەرنىڭ نېمە قىلماقچى بولغانلىقىنى، ئورنىنى ۋە ئەھۋالىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىشىڭىز كېرەك، مەن سىزنىڭ گۇناھسىزلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن.

بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. ئۇ يەنە « زەينەب، ئالدىرىماي ياخشى ئويلىنىپ جاۋاپ بېرىڭ، بىزنىڭ ھەقىقى ئەھۋالنى بىلگۈمىز بار» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چىداپ تۇرالماي: « مېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان، ھەتتاكى ئەقلى جايىدىلا بولغان بىر ئىنسانغا غەلىتىلىك بىلىنىدىغان ھېچ ئىش قىلمىدۇق، نېمە قىپتىمىز؟ ئىسانلارغا ئىسلامنى ئۆگىتىۋاتاتتۇق، ئەجىبا بۇ خاتامۇ؟" دېدىم.

بۇ گەپلىرىمگە جاۋابەن ئۇ: « ئەمما گۇۋاھچىلار ۋە ئىقرارلاردىن سۇيىقەست پىلانلىغانلىقىڭلار ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، بۇلارنىڭ بىرسى بولسا، دۆلەت رەئىسى ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش ۋە دۆلەتنى ۋەيران قىلىش. بۇ ئىشلارنى سىزنىڭ پىلانلىغانلىقىڭىزنى دېدى، مەن پەقەت تەپتىش ياردەمچىسى، ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىشتىن باشقا مەقستىم يوق، ئەمدى يەنە نېمە دەيسىزكىن؟» دېدى.

مەن: «مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش ياكى باشقا بىركىشىنى ئۆلتۈرۈش ، دۆلەتنى ۋەيران قىلىش مەقسىتى يوق، دۆلەتنى ۋەيران قىلىۋاتقان ئابدۇناسىر ئۆزى، بىزنىڭ مەقستىمىز بۇنداق ئىشلاردىن خالىي، مەقستىمىز ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتتۇر، يەر يۈزىدە تەۋھىد دەۋاسى قىلىشتۇر، ئاللاھنى تونۇش دەۋاسى، يالغۇز ئاللاھقىلا قۇللۇق قىلىش دەۋاسى، قۇرئاننى ۋە سۈننەتنى ئۈستۈن قىلىش دەۋاسىدۇر. مەقستىمىز ۋە ۋەدىمىز ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان كۈن بۇتخانىلارنى چاقىمىز، پىتنىلەرگە خاتىمە بېرىمىز، مەقستىمىز ۋەيران قىلىش ئەمەس ئىسلاھ قىلىش، بۇزۇش ئەمەس تۈزەش» دېدىم.

ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا كۈلدى ۋە :« دېمەك سىلەر ئابدۇناسىر ۋە ھاكىمىيەت ئۈچۈن سۇيىقەست پىلانلاۋاتىسىلەر، سۆزلىرىڭىزدىن بۇ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ» دېدى.

- ئىسلام سۇيىقەست ۋە زىيانكەشلىكلەردىن يىراقتۇر، ئۇ باتىلغا قارشى ھەق يولدۇر،

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ يولىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، توغرا بىلەن باتىلنى ھەقىقەتنى بىلەن كۆرسىتىدۇ، شەيتاننىڭ يولىغا كىرگەنلەر زەئىپ ۋە ئاجىز كىشىلەردۇر، ئۇلارغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت ئىچىدە قولىمىزنى سۇنۇپ قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىمىز. بۇ ئاللاھنىڭ دەۋىتى، ئاللاھنىڭ دىنى، ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر.

‹بىز مۆمىنلەرگە( يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپاھ ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ‹يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ.› {سۈرە بەنى ئىسرائىل 82-ئايەت}

تەپتىش ياردەمچىسى ئىككەنلىكىدە چىلك تۇرغان، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ جاللاتلار بىلەن بىر يولدا بولغان بۇ سەئىد ئابدۇلكېرىم دېگەن ئەبلەخ بىردىنلا بۆرە تېرىسىنى كىيىپ: "مەن ساڭا ياخشى بولسۇن دېۋىدىم، ئەمما سەن تېخىچە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ساڭا دېگەنلىرىگە ئالدىنىۋاتىسەن" دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئارقىدىن سافۋات رۇبى كىرىپ تامغا قارىتىپ سائەتلەرچە تۇرغۇزۇپ قويىدى،مېنىڭ كۆز ئالدىمدا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ئۇرۇپ-قىيىندى. قېرىنداشلىرىم ھەر ۋارقىرىغاندا مېنىڭ يۈرىكىمگە بىر قامچا تەگكەندەك بولاتتى.

مېنىڭ ئالدىمدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان قېرىنداشلىرىم :مۇرسى مۇستافا ،فەرۇخ،تاھىر ئابدۇلئەزىز سالىم قاتارلىقلار ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن ئاتالمىش تەپتىش ياردەمچىسى، ھەمزە بەسيۇنى، سافۋات رۇبى قاتارلىق ئۈچى بىللە كەلدى. ھەمزە ماڭا يېقىنراق كېلىپ: «نىمشقا تەپتىش ياردەمچىسى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلالمايسەن؟ بىز سېنى قەپەستىن قۇتقۇزماقچى بولىۋاتىمىز، ئېرىڭنى ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن، تولىمۇ ياخشى بىر ئادەم، ئەمما سەن ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلەرنىڭ بىرىسەن، ھەسەنۇل ھۇدەيبى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى

بــارلىق ئىشــلارنى ئىقــرار قىلــدى، ســەن نېمىشــقا ئــۇلاردەك ئــۆزۈڭنى ئۆلۈمــدىن قۇتقۇزمايسەن؟» دېدى.

-ھەئە، مۇســۇلمان قېرىنداشــلار ئىقــرار قىلغــانلىقلىرى ئۈچــۈن دارغــا ئېســىپ قويــۇپ قىنىايسلەر، شۇنداقمۇ؟ مەن ئۆزۈمگە ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا يالغان سۆزلىمەيمەن، بىـز مۇسـۇلمان، ئىسـلام ئۈچـۈن خىـزمەت قىلىمىـز، قىلىـۋاتقىنىمىز پەقەت مۇشـۇ خـالاس! دېدىم.

ھەمــزە ۋە باشــقا ئىككىســىنىڭ ئارقىســىدا تــۆت ئەســكەر بــار ئىــدى، ئــۇلار غەزەپــتىن قـامچىلىرىنى توختىمـاي يەرگە ئـۇراتتى. بـۇ تـۆت ئەسـكەر دەل مۇسـۇلمان قېرىنداشـلارنى قىيناپ، ئۇرغان تۆتى شۇ ئىدى .

تەپتىش ياردەمچىسگە: «جانابىي ئەپەندى، بۇ قامچىلارنى كۆردىڭىزمۇ ؟ ئەجىبـا قـانۇن فاكۇلتېتىدا بۇ ھۈنەرنىمۇ ئۆگىتىـدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دېـدىم. گېپىم تـۈگە-تـۈگىمەيلا ھەمزە يۈزۈمگە بىر شاپىلاق قويـدى ۋە :« سـەن بىزنـى سـاراڭ چاغلاۋاتامسـەن؟ سـەندەك ئادەمدىن كۈنىگە نەچچە ئوننى كۆمۈۋەتكىنىمدەك سېنىمۇ كۆمەلەيمەن» دېدى. مەن يەنە تەپتىش ياردەمچىسگە قاراپ غەزەپ بىلەن: «سوراق قىلىپ ئارخىپ قالدۇرىمەن دەيسىز، ئەمما نېمىشقا بۇ سۆزلەرنى خاتىرلىۋالمايسىز؟» دېدىم.

ھەمــزە ئۆمــۈدىنى ئــۈزگەن قىيــاپەتتە: «بولدى،ســىلەر خـالىغىنىڭلارنى قىلىڭـلار، ئـۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كېلىۋېدىم ئەپسۇس ئۆزى خالىمىدى" دېدى.

بۇ گەپ سافۋات ۋە قامچىلىرىنى تامغا، يەرگە ئۇرۇپ قولى قىچىشىپ تۇرغـان بـۇ يـاۋۇزلار ئۈچۈن بىر پەرمان بولدى دە ،ھەممىسى مېنى قامچىلاشقا باشلىدى، قامچىنىـڭ كـۆزۈمگە تېگىــپ كېتىشــىدىن قورقــۇپ، كــۆزلىرىمنى چىــڭ يۇمۇۋالــدىم، قامچـا ھەمــمە يېرىمــدە ئوينـايتى، ھەر قامچـا تەگكىنىــدە ئاللاھقـا يـالۋۇراتتىم ۋە « يـا رەب، يـا ئـاللاھ مېنــى قۇتقۇزىـۋالغىن، ماڭـا بەرداشـلىق بەرگـۈدەك مـادار بەرگىــن» دەپ ئاۋازىمنىــڭ بېرىـچە

ۋارقىرايتىم. جاللاتلار ئۇرۇپ هارغان ۋاقىتتا  سافۋات قولۇمنى بوشاتتى ۋە يۈزۈمنى تامغا چاپلاپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى، شۇ هالەتتە تۇردۇم.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن سافۋات سامبو ئىسىملىك بىر قاپقارا جاللات بىلەن بىللە كېلىپ، يۈزۈمگە بىر نەچچە شاپىلاق ئۇرغاندىن كېيىن كامىرغا ئەكىرىپ سولاپ قويدى.

كامىر ئىشىكى تاقىلىپ نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلانغاننى ئاڭلىدىم، نامىزىمدا جانابىي ئالالھقا يىغلىنىپ دۇئا قىلدىم: ئىي ئاللاھ، سەنلا ماڭا غەزەپ قىلمىساڭ مەن قالغىنىدىن قورقمايمەن، پەرۋا قىلمايمەن، سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭ چەكسىزدۇر، پەقەت سەندىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمەن، سېنىڭ مەغپىرىتىڭ مەن ئۈچۈن بۈيۈك نېئمەتتۇر، قاراڭغۇلۇقنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى يورىتىدىغان يۈزۈڭنىڭ نۇرىغا سېغىنىمەن، رازىلىقىڭغا ئېرىشكەنگە قەدەر ھەر قانداق ئىشقا بەرداشلىق بېرىمەن، غەيرەت ۋە قۇۋۋەت پەقەت سەندىدۇر ۋە سەن بىلەن بىللىدۇر.

## چاقىرىلمىغان مېھمانلار مېنىڭ يېنىمدا

مېنى كامىرغا ئۈچ كۈن سولاپ قويغاندىن كېيىن ئۇلار مېنى يەنە ھېلىقى ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئىشخانىدا ئاق پىشماق، ئېگىز بىر ئادەم ئولتۇرغانىكەن، ئۇ ئادەم تولىمۇ سىپايە ھالدا گېپىنى باشلىدى.

- زەينەب خانىم، قېنى ئولتۇرۇڭ. بىلىمەن، بۇ يەردىكىلەر سىزگە ئازار بەردى، ئاۋال ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، مەن رەئىس ئىشخانىسىدىن كەلدىم،  سىز بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلغۇمىز بار، خەلق سىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمىز، لېكىن سىز دائىم بىزدىن قاچىسىز، بىز بىلەن دۈشمەنلىشىسىز، بىز بىلەن چۈشىنىش

هاسىل قىلىشنى خالىمايسىز.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز بىلەن ئوبدان پاراڭلاشسىڭىز، سىزنى بۇگۈنلا تۈرمىدىن چىقىرىمىز، بۇ جايىنىڭ سىزگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز، مەن سىزگە تۈرمىدىن چىقىرىپلا قالماي ھېكمەت ئەبۇ زەيدنىڭ ئورنىغا خەلق ئىشلار مىنىستىرى بولىشىڭىزغىمۇ ۋەدە بېرىمەن.

- ھېكمەت ئەبۇ زەيد مىنىستىر بولىدىغان ۋاقىتتىمۇ ئۇنى ئۇرغانمىتىڭلار؟ ئىتقا تالاتقۇزغانمىتىڭلار؟

- بۇ نېمە گەپ ئەمدى، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغۇ بۇ، ھەممىز بولغان ئىشلارغا، سىزنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىڭىزغا قايغۇردۇق.

- سىلەر مەندىن نېمىنى بىلمەكچى؟

- مۇسۇلمان قېرىنداشلار بارلىق گۇناھنى سىزگە ئارتتى، ئەل ھۇدەيبىنىڭ ئىقرارى سىز ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىسىز، ئابدۇلفەتتاھ ۋە سەئىد قۇتۇبمۇ ھەممە ئىشنى ئىقرارقىلدى. بىراق بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنلا گۇناھنى سىزگە ئارتتى. شۇڭلاشقا بۈگۈن ئابدۇناسىرنىڭ ئالاھىدە بۇيرۇقى بىلەن سىزنىڭ يېنىڭغا كەلدىم، ئىقرار قىلسىڭىزلا، سىزنى ماشىنام بىلەن ئۆيۈڭىزنىڭ ئىشىكىگىچە ئاپىرىپ قويىمەن. يەنە شۇنى دەپ قوياي، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىقرارلىرى ھەممىگە ئايان بولدى، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇ پىلانلارنى سىز تۈزۈپسىز، يەنە ئابدۇناسىر ۋە تۆت رەھبەرنى ئۆلتۈرۈشنىمۇ سىز پىلانلاپسىز، بۇ ئىشلاردا سىزنىڭ، سەئىد قۇتۇبنىڭ، ھۇدەيبىنىڭ ئوينىغان روللىرىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۆلتۈرمەكچى بولغان تۆت كىشى كىملەر؟ قېنى بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق سۆزلەڭ.

- مۇسۇلمان قېرىنداشلارتەشكىلاتى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەققىدە پىلان تۈزگەن ئەمەس، ئابدۇناسىرنى ۋە ياكى باشقا رەھبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سۇيىقەست

پىلانلىغان ئەمەس، مۇسۇلمان قېرىنداشلار  بىراۋغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پەقەت ئىسلامنى ئۆگىنىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىش سەۋەبى ۋە هازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتۇر.

ئۇ گېپىنى بۆلۈپ:

- زەينەب خانىم، سىزگە قانچە قېتىم دەيمەن، باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەممىنى ئېتىراپ قىلدى.

- جاللاتلارنىڭ قامچىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار يوق ئىشلارنى مەجبۇرى ھالدا دېگەن بولىشىمۇ مۇمكىن، بىز پەقەت ئىسلامنى ئۆگىنىۋاتاتتۇق، ئىسلامغا يېپىشقان، ئىسلام بىلەن ياشايدىغان ئەۋلاد يېتىشتۈرمەكچى ئىدۇق، بىز تەۋھىد يولىدا خىزمەت قىلىۋاتاتتۇق، ئەگەر بۇ قىلغانلىرىمىز گۇناھ بولسا، بىز ھەرقانداق جازاغا تارتىلىشقا رازى.

ئۇكىشى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ پەقەتلا ماڭا خىزمەت ئىشلەش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاچ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

- ھېچقاچان مەمۇر بولۇشنى ياكى مىنىستىر بولۇشنى ئويلاپ باققىنىم يوق، مەن ھاياتىمنى ئىسلامغا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزمەكچىمەن، مىنىستىرلىك قالپىقىنىڭ مەن بىلەن قىلچىمۇ مۇناسىۋىتى يوق .مەندە ئۇ  ئەمەلنى تۇتقىدەك قابىلىيەتمۇ ھەم يوق، پەقەتلا سۆيۈنۈپ تۇرۇپ چىن يۈرىكىمدىن ئىسلامغا خىزمەت قىلىش مەقسىتىملا بار.

- ئەمسە  ئىختىيارىڭىز، مەن سىز ئۈچۈن شۇنچە كۈچىدىم ئەمما قايتا-قايتا رەت قىلدىڭىز، دېگىنىچە ئىشىكنى جالاققىدە يېپىپ دوق قىلىپ يېنىمدىن چىقىپ كەتتى. ئالاھەزەل بىر سائەتتىن كېيىن رىياد بىلەن سافۋات كەلدى رىياد ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلمىسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ماڭا تەھدىت سالدى. ئۈچ كۈن ئاۋال ئۇ مېنى ھارغۇچە ئۇرغانىدى، بۈگۈن يەنە شۇنداق قاتتىق ئۇردى، ئۇرۇپ ھارغاندا مېنى كامىرغا سولاپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى.

ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتكەندە چاشكا ۋاقتى ئىدى.

## ھەمشىرىلىرىم بىلەن بىر كامىردا

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن سىرتتا تونۇش ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئىشكىنىڭ يېنىغا تەستە بېرىپ تۆشۈكتىن مارىۋىدىم كۆرگىنىم تۆشۈكنى توسۇۋالغان ھەمزە بىلەن سافۇات بولدى. بىراق مەن بەكمۇ تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاۋاتاتتىم، بۇ ئىككىسى ئۆتۈپ كەتكەندە، مەن ياخشى كۆرىدىغان شۇ يېقىملىق خۇشچىرايلارنى كۆردۇم، ئۇلار ئالىيە ھەسەنۇل ھۇدەيبى بىلەن غەدا ئۆمەر ئىدى.

گۇندىپايلارنىڭ تۆشۈكتىن ماراۋاتقىنىمنى سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئولتۇرىۋالدىم، ئەمما يۈرىكىم شۇنچىلىك ئاغرىپ كەتتى، قىزىمدەك كۆرىدىغان ۋە قىيامەتلىك ھەمشىرىلىرىم بولغان بۇ ئىككىسىنى ئۇ قانخورلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراتماسلىقنى تىلەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدىم. قەلبىمنى پەرىشانلىق ۋە گادىرماچ خىياللار چۇلغىۋالدى. ئالىيە ھامىلدار ئىدى، ئاي كۈنى توشاي دەپ قالغان ئىدى، بۇ زالىملار نېمىشقا ئۇنىمۇ تۇتۇپ كەلگەندۇ؟ غەداچۇ؟ ئۇنىڭ ئەمدىلا نەچچە ئايلىق بولغان قىزى قانداق قىلار ئەمدى؟ ئۇ بالىسىدىن قانداقمۇ ئايرىلالىسۇن؟ بۇ نېمىدىگەن رەھىمسىزلىك نېمىدىگەن ياۋۇزلۇق ھە؟!

جاھىلىيەت تۈنىنى چىڭ كىيگەن بۇ رەھبەرلەرنىڭ جاھاندىكى جىمى ئەسكىلىكنىڭ ئەسەبىيلىكنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالغانلىقىغا، ئادىمىيلىك، غورۇر ۋە ۋىجدانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي كور بولۇپ كەتكەنلىكىگە، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ جاللىتى بولۇپ، پارازىت قۇرتتەك پۇقرالارنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىغا تەۋبە دىسەك ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن پاناھ تىلىسەك بولغۇدەك .

قاغىشتەگكۈر ئابدۇناسىر، ھەر قايسىڭ خەلقنى ئەجەپ بوزەك قىلىپ كېتىشتىڭ.

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ قاراۋۇل گۇندىپاي بىر ياستۇق ۋە بىر ئەدىيالنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى، ئۇن سەككىز كۈندىن بېرى سمونتىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئىدىم، بىر دەمدىن كېيىن يەنە ئىككى ياستۇق ۋە ئىككى ئەدىيالنى ئەكىردى، بۇلارنى كۆرۈپ ئەجەپلەندىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ھەمزە بىلەن سافۇات ئالىيە بىلەن غەدانى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئالىيە ھاياجان بىلەن ماڭا ئېسىلىپ سۆيۈپ، قۇچاقلىدى ۋە ھەيران بولغان ھالەتتە :

- سىز زەينەب ھەدەم، شۇمۇ يا ؟

مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قوياي دەپ قالغان ئىدىم، غەداغا قارىسام كۆزلىرى ياشقا تولۇپتۇ، بايىقى ھاياجىنىم ئەمدى ھەيرانلىققا ئالماشتى.

- مېنى تونىمىدىڭىزمۇ؟

- ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس زەينەب ھەدە، بەك ئۆزگىرىپ كېتىپسىز، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپسىز،چىرايىڭىز ئىنىڭىزنىڭكىگە ئوخشاپ قاپتۇ.

- بۇنداق بولىشى تەبىئى، قانچىلىك قىينچىلىقتا ياشاۋاتقانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز جېنىم ھەمشىرەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەركۈنى ئازغىنە سوغۇق سەيلا يەيمەن. بۇنىمۇ بىر ئەسكەر جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ئوغۇرلۇقچە ئەكىلىپ بېرىدۇ.

ئەدىيال ۋە ياستۇقلارنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن ئالىيە «قۇرئان بارمۇ ؟» دەپ سورىدى. بىچارە ئالىيە بۇ يەردە مېنى ئادىمي مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ قۇرئاننىڭ بۇ ياۋۇزلار ئۈچۈن بىر دۈشمەن ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. غەدا يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك قۇرئاننى چىقاردى.

ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن پۇتۇمنى سوزىۋىدىم، قامچا تېگىپ يارا بولغان زىدە-چاقلار كۆرۈنۈپ قالدى. ئالىيە «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىدى،جاۋاب ئورنىدا ئۇنىڭغا

‹ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن، ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇلار مۆمىنلەرنى پەقەت غالىب، مەدھىيەگە لايىق ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقلىرى ئۈچۈنلا يامان كۆردى.› { سۈرە بۇرۇج 3-8 ئايەتلەر }دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردىم. غەدا ئۇنىنى چىقارماي ئۇزاق يىغلىدى، ئالىيە " ئايااللارغىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان بارمۇ؟" دەپ ئاچچىقلاپ كەتتى. ئالىيە بەكمۇ ئاقكۆڭۈل ۋە ساددا ئۇ ئابدۇناسىر ھاكىمىيتىنىڭ ئاللاھقا ئىشەنگەنلەرگە، ئاللاھقا دەۋەت قىلغانلارغا دۈشمەنلىكتە بۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغانلىقىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتى. ئالىيە پاراڭ تېمىسىنى يۆتكەش ئۈچۈن دىققىتىمنى تۈرمە سىرتىدىكى ئىشلارغا بۇراپ، مۇستافا نەھھاسنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى دېدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىمىز ئۈچۈن قايغۇردۇم، ئاللاھقا يالۋۇردۇم، ئاللاھىم سەن ھەممىگە قادىرسەن، ئۇ رەھمەتكە موھتاجدۇر، ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغىن.

ئالىيە ئۇنىڭ مەن تۈرمىگە كىرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، نامىزىنىڭ قانداق چۈشۈرۈلگەنلىكىنى، كوچىلارنىڭ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانلىقىنى، كىشلەرنىڭ قايغۇلىرىنى، ھۈسەيىن مەسچىتىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن كىشلەرنىڭ «نەھھاستىن كېيىن باشلامچى يوقتۇر» دەپ توۋلاشقانلىرىنى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شۇئارلىرىنى توۋلاشقانلىرىنى، دۆلەت كۈچلىرىنىڭ بۇ ئىشنى توسۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغاندا، ئاخباراتچىلارنىڭ بۇ ئىش توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاللىبۇرۇن تارقىتىۋەتكەنلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

خەلق نەھھاسنىڭ ئۆلىمىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۆز-قاراشلىرىنى، ئېتىقادىنى ئوچۇق بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىرىۋالغانىدى، مىسىر ئاسمىنىنى زىل-زىلىگە سالغۇدەك ئاۋاز بىلەن ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدىلا «سەندىن باشقا باشقۇرغۇچىنى ئېتىراپ قىلمايمىز»

دەپ جاكارلىغان، بۇ ئۇيۇقىچە تارقالغان ئاۋازلار بىلەن خەلق بوغۇلغان ئارزۇلىرىنى، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلىقلىرىنى پۈتۈن ئالەمگە جاكارلىغان.

ساختا ھاكىمىيەت يوقالسۇن!

ساختا ئىقابلار يىرتىلسۇن!

ساختا قەھرىمانلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلسۇن!

ئەي بىر-بىرىگە باغلانغان مۇناپىقلار، ھامان بىر كۈنى دوزاخ ئوتىدا، ھەقنىڭ ئوتىدا كۆيىسىلەر! شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن كۈل كەبى تۇزۇپ كېتىسىلەر ياكى قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئېزىتقۇدەك سۇغا تەشنا بولۇپ قالىسىلەر!

ئالىيەدىن يەنە نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى سورىدىم، «جىنازا نامىزىغا قاتناشقان كىشلەردىن 20 مىڭ كىشىنىڭ تۇتۇلغانلىقى ھەققىدە گەپلەرمۇ بار» دېدى.

شۇنداق، نەھھاسىنىڭ ئۆلۈمى مىسىر خەلقىنىڭ بوغۇلغان ئەركىنلىكى ۋە ھاكىمىيەتكە بولغان نەپرىتىنى ئوچۇق ئاشكارلىشىنىڭ ياخشى پۇرستى، خەلقنىڭ ئىداسىنى ياڭراتقان كۈن بولدى.

بۇ پاراڭلار ئىختىيارسىزلا نەھھاسقا ئائىت خىياللار قاينىمىغا سۆرەپ كىردى، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىگە يامانلىق قىلغانلارغا دۈشمەنلىك نەزىرىدە قارىمايتى، خاتالاشقىنىدا خاتالىقىنى ئېتراپ قىلىشتىن باش تارتمايتتى، ئۇ بىر ۋەتەنپەرۋەر زات ئىدى. ئالىيەدىن ئېنىم سەيىق غەززالىنىڭ تۇتۇلغان تۇتۇلمىغانلىقىنى سورىدىم، ئالىيە ئېنىق بىر نەرسە دېمەستىن جىممىدە تۇرغاندىن كېيىن ماڭا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «كۆپ ئويلىماڭ زەينەب، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بويىچە بولىدۇ» دېدى.

مەن بېرەر ئىشتىن ئەنسىرگىنىم ،قورققىنىم يوق ،كاللامدا يەنىلا شۇ نەھھاسىنىڭ جىنازا نامىزى، بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىدە مەتبۇئاتلار، پۇلغا سېتىلغان يازغۇچى-مۇخبىرلار خەلقنى ئالداۋاتقان بولسىمۇ، خەلقنىڭ ئۇلارغا قارشى غەزەپ -نەپرىتى تاشماقتا ئىدى.

ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان مەتبۇئاتلار، ئاخپارات ئورۇنلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكى رەھبەرلەرنى قۇتقۇزغۇچى دەپ تەشۋىق قىلىسىمۇ، خەلق بارا-بارا بۇنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. نەھاسىنىڭ نامىزىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار ھەق ناھەقنىڭ ئايرىلغان،ھاكىمىيەت باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئەپتى -بەشىرىسى ئېچىپ تاشلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مۇستەبىت ھاكىمىيەتچىلەر خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىنى قەتلى قىلىش بەدىلىگە ھاكىمىيەت ئورنىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىسلامنى، مۇسۇلمانلارنى يوقاتماقچى، بۇ نېمىدىگەن رەزىل سۈيقەست ھە!

خىياللاردىن ئېسىمنى يىغىپ غەدانىڭ يولدىشىنى ۋە قىزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇ تارام-تارام تۆكۈلۈپ يىغلىغىنىچە ئېرىنىڭ سۇدانغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ ئىككى قىزىغا قاراۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئەگەر ئانامنىڭ يېنىدا يېڭى تۇغۇلغان كىچىك قىزىم بىلەن چوڭ قىزىم سۈمەييە بولمىغان بولسا ئۇ تېخىمۇ بەك تۈگىشىپ كېتەتتى، ھەر ھالدا كۆڭلىرىنى نەۋرىلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزىۋاتىدۇ دەپ قوشۇپ قويدى . ئۇنىڭغا تەسەللىي بولىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان گەپلەرنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن دۇئا قىلدۇق.

زىيا دۈۋەيجىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدىم، غەدا ئۇنىڭ توي كۈنى تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە ئابدۇناسىرنىڭ غالچىلىرى توي بولىۋاتقان سورۇنغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىنچەكنى، سىڭلىسى ۋە ئىنىسىنىمۇ تەڭ تۇتۇپ كېتىپتۇ. قىزلارنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن ئالاقىسى بولغانلىكى كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتامدىكەن دەپ سورىدىم .ئالىيە جاۋاب بېرىپ:" شۇنداقلا بولۇپ قالماستىن يەنە نامازئوقۇۋاتقانلىكى ئادەمنى كۆرۈپ قالسا شۇنىمۇ دەرھال تۇتىۋاتىدۇ" دېدى.غەدا كېچە ـ

كېچىلەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئاختۇرۇش، ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ئادەم تۇتۇشتەك ياۋۇزلارچە قىلمىشنىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

بۇلارنى غەدا دەپ بەرمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىۋېرەتتىم، چۈنكى بۇنداق مەنزىرىنى نەچچە قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم.

تاتارلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلسىمۇ، رۇملار مىسىرنى ئىشغال قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئابدۇناسىر ۋە ئۇنىڭ قول چوماقچىلىرىدەك كىشىنىڭ قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزىدىغان بۇنداق رەزىللىكلەرنى قىلمىغانىدى. ئابدۇناسىر تارىختىكىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى ،سالغان بارلىق زۇلۇملىرىنى ئۇنتۇلدۇردى.

ئابدۇناسىر ھەقنى ئاڭلىمايدىغان، ھەقىقەتنى ۋە نۇرلۇق قۇياشنى كۆرەلمەيدىغان بىر ئىبلىستۇر، شۇ سەۋەپ ئۇ ئاياللارنى دار ياغاچلىرىغا ئېسىپ قامچىلايدۇ، ئوچۇق-ئاشكارا قىيىن-قىستاقلارغا ئالىدۇ، ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ باللارنى يېتىم ۋە ئاياللارنى تۇل قىلىدۇ،بۇلارغا ئەجەبلىنىپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز بۇلارنى تىلغا ئالساق ،يۈرەكلەر ئاغرىيدۇ، كىشى پەرىشان بولىدۇ، ئەمما نېمە ئامال، رېئاللىق مۇشۇنداق تۇرسا.

ئالىيە ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرىمنى، پاچاقلىرىمنى كۆرۈپ :"زەينەب ھەدە ئەمدى قىيىن-قىستاق نۆۋىتى بىزگە كەلگەندەك تۇرىدۇ، ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلسۇن، سەبىر بەرسۇن، بوغچامدا لۆڭگە بار ئىدى، پۇتىڭىزنى تېڭىۋېلىڭ، سىز باشقا كىيىملىرىڭىزنى ياكى بوغچىڭىزنى ئېلىۋالمىغانمۇ" دېدى.

"قىزىم ،مەن بۇ زىنداندا قامالغىلى 18 كۈن بولدى، بۇ 18 كۈندىن بېرى مەن ئىزچىل مۇشۇ قانغا بويالغان كىيىملىرىمنى كىيىۋاتىمەن" دېدىم.

غەدا ئۈستۈمدىكى قانغا بويالغان، قېتىپ كەتكەن كۆڭلەككە قاراپ يىغلىۋەتتى ۋە ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىيىملەرنى ئالماشتۇرۇۋېلىشىمنى ئېيتتى. كىيىم ئالماشتۇرغۇچە

بەدىنىمدىكى قامچا ئىزلىرى ۋە جاراھەتلەر كۆرۈنۈپ قېلىۋىدى ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاياللارنىڭ بۇ دەرىجىدە خورلۇققا ئۇچرىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. بۇ جاراھەتلەر ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن ئازابنى يېنىكلىتىش مەقسىتىدە " ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھ يولىدا بۇنچىلىك رىيازەت چەكسەم ھېچقىسى يوق، بۇ مۇسىبەت ئاللاھ يولىدا كەلدى، قانداقتۇر باشقا دۇنياۋى ئىستەكلەر ئۈچۈن ئەمەس، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھ بىزگە ئىسلامنى نىسىپ قىلدى، ئەلھەمدۇلىللا ئاللاھ بىزنى ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى تونۇشقا نىسىپ قىلدى.

ئالىيە ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەدىسى خالىدە ھۇدەيبى تۇغۇرلۇق سۆزلەپ بەردى.

ئىشىنىمەنكى ئەگەر خالىدە بەدىنىمدىكى يارىلارنى كۆرگەن بولسا چوقۇم كۆز-قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكەن بولاتتى.

بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ،ھەمشىرىلەرنى باتىلنىڭ ۋە باتىل ئەھلىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتقۇزىشنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدىم.

# غىزالنىڭ شۇ بىر خىل ئىبادەت

كامىرنىڭ ئىشىكى تۇيۇقسىز ئېچىلىپ پارنىڭمىزنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق، گۈندىپاي نېگىر ئۈچ پارچە قازان نېنى ۋە بىر تەخسە هوردالغان يېسىمۇقنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى، مەن بۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ئېچىغان پۇرىقىغا چىداپ تۇرالمىدىم،ئالىيە هامىلدار بولغاچ مېنىشتا قىينىلاتتى، ئۇنىڭ دېيىشىچە هامىلە هەرىكەت قىلىشقا باشلاپتۇدەكمىش. ئالىيە قازان نېنىنى ماڭا ئۇزىتىپ :«هاجىم ،نېمىدىگەن ئوخشىغان قازان نېنى هە ، ئىسسىقىدا يېۋىلىڭ » دېدى ۋە بىر پارچىسىنى غەداغا بېرىپ، قالغان بىر پارچىسىنى ئۆزى يېيىشكە باشلىدى. ئۇ چاينىغاچ قورسىقىنى كۆرسىتىپ:« يېڭى مېهمان ئۈچۈن بولسىمۇ يېيىش كېرەك» دېدى. بىراق مېنىڭ يېمەكلىكنى كۆرۈپ ئىشتىھايىم يېيىشتىن توختىدى.

ئالىيە :«كېلىڭ هەربىر لوقمىسىنى ئاغزىمىزغا سالغاندا بىسمىللاھ دەپ يەيلى» دەپ مېنى يېيىشكە زورلىدى، ئەمما گېلىمدىن پەقەتلا ئۆتمىدى،بۇنى كۆرگەن ئالىيە:

- كۈندىن كۈنگە ئاجىزلاپ ئورۇقلاپ كېتىپسىز، بۇ دەل تاماق يېمەكلىك سەۋەبىدىندۇر، هالبۇكى هازىرقى ئەھۋالدا تاماق يېيىشىڭىزمۇ بىر تۈرلۈك ئىبادەت، چۈنكى جالالاتلار زەينەب غەززالىنىڭ ئۆلىشىدىن خوشال بولىدۇ، ئاچلىق ئىلان قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس دېدى.

جان ساقلىغۇدەكلا بىر قوشۇقتىن سوغۇق سەي يېگەنلىكىمنى، ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئاچلىققا بەرداشلىق بەرگۈدەك كۈچ قۇۋۋەت بېرىشىنى تىلىگەنلىكىمنى، يېمىسەممۇ هېچنىمە بولمايدىغانلىقىمنى دېسەممۇ ،ئالىيە يەنىلا زورلاپ تۇرىۋالدى،شۇنچىلىك تەستە قولۇمدىكىنى يۇتىۋەتتىم،بۇ هېسياتىمنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ ،بۇ نەدىمۇ تاماق يېيىش بولسۇن بۇ ئېنىقلا قىينىلىش بولماي نېمە.

ئالىيە ۋە غەدا كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە ،ئۈچىمىز بىرلىكتە  باش رەئىس ھۇدەيبى ئۇستازنى ھېلىقى كاماردىن كۆردۇق.

بۇنىڭ ماڭا قانچىلىك  تەسەللى بولغانلىقىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم، ئالىيە دادىسىنى ھاجەتكە ماڭغان كەلگەن ۋاقتىدا كۆرەلىدى. غەدا بىزگە قانداق تۇتۇلغانلىقىنى، مەندىن كېيىن ھەممىدە قۇتۇب بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى ۋە قۇتۇب جەمەتىدىكىلەرنىڭ قانداق تۇتۇلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، شۇنداق قىلىپ نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتتى ،بىز بىرگە ناماز ئوقۇپ ،ئاللاھنى زىكىر قىلدۇق.

## ئازاب كېچىسى

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، سافۋات بىلەن بىر ئەسكەر بىلەن كىرىپ كەلدى ،  ئاندىن مېنى ئىككى قېتىم قېيىن-قىستاققا ئالغان ھېلىقى ئىشخانىغا ئېلىپ باردى. ئۇدۇلۇمدا بىر ئادەم ئولتۇرۇپتىكەن، سالام بەردىم ،قايتۇرمىدى. ئاجايىپ،غەيرى نەزەرلىرى بىلەن بېشىمدىن -ئايىغىمغىچە قاراپ بىلەن « زەينەب غەززالى سىزمۇ؟» دەپ سورىدى . « ھەئە » دېدىم. ئولتۇرىشىمنى ئىشارەت قىلدى دە- گېپىنى باشلىدى:

-دېمەك سىز زەينەب غەززالى، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى بۇنچە قىينايسىز؟ ھەممىسى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈچۈنمۇ ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سىزنى ھاڭغا ئىتتىرىۋاتىدۇ. سىزنىڭمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمىز ، مەن سىزنى ھاڭدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىگە قويۇلدۇم، بەزى تېمىلار ئۈستىدە بىز پىكىر ئورتاقلىقىدا بولىشىمىز كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىڭىزگە قايتىسىز، قۇتۇلىسىز. پەقەت بۇلارلا ئەمەس، رەئىس ئابدۇناسىرغا ۋاكالىتەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي، بىزگە

ماسلىشىپ، كاللىڭىزنى ئىشلەتسىڭىز رەئىس ئابدۇناسىر "مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى "نى ئەسلىگە كەلتۈرىشىڭىزگە ئىجازەت بېرىدۇ،ھەمدە ژۇرنىلىڭلارنىڭ ھەقسىز بېسىپ تارقىلىشى ئۈچۈن يـاردەم قىلىدۇ ۋە ئايـدا ئىككى مىڭ فونىستىرلىڭ پـۇل بېرىدۇ،بىرلەشمەڭلارنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى ۋە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىشى ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ ئاجىرتىدۇ، بىزگە ماسلاشسىڭىز ھازىرلا تەييارلىقلارنى قىلىشقا بۇيرۇپ،كېيىم ئەكەلدۈرۈپ بېرىمەن ۋە بىر سائەتتىن كېيىن رەئىس ئابدۇناسىر بىلەن كۆرىشىمىز. بىلىمەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار سىزنى ھاڭغا ئىتتەردى ئاللاھ ئۇلارنى كەچۈرسۇن، رەئىس كۆكسى-قارنى كەڭ بىر ئادەمدۇر...

ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى، مەن ئۇن چىقارماي ئاڭلىدىم.

«زەينەب خانىم ئېپادە بىلدۈرمەيسىزغۇ؟ رەئىس ھېكمەت ئەبۇ زەيدنى ئاللىبۇرۇن ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى ،ئورنىغا سىزنى چىقارماقچى، بىز بىلەن ھەمكارلىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز،قەلىب قەسرىڭىزنىڭ ئىشكىنى كەڭ ئېچىۋېتىپ،ھەممىنى ئىقرار قىلىڭ ھامان بىر كۈنى مېنىڭ سىزنىڭ قېرىندىشىڭىز ئىكەنلىكىمنى،سىزگە ياخشى بولسۇن دەپلا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ قالىسىز،سىرتتىمۇ نۇرغۇن كىشى سىزنى ياخشى كۆرىدۇ، سىزنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ،ئالەمنى مالەم قىلاي دەپ قالدى.

-رەھبەر بولۇش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرىپ باقمىغان ، خانىملار بىرلەشمىسى ۋە ژورنال مەسلىسىگە كەلسەك ئۇلارنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ژورنال ۋە ياكى بىرەر تەشكىلاتنىڭ بايرىقى ئاستىدا خىزمەن قىلىشى زۆرۈر ئەمەس، ئۇلار ھەرزامان لەئىلاھە ئىللەللاھ بايرىقى ئاستىدا خىزمەن قىلىۋېرىدۇ.

-ھەببەللى،تەشكىلات قۇرۇش زۆرۈر بولمىغانكەن، ئەمسە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنى نېمشقا قايتىدىن تەشكىللەشنى پىلانلايسىلەر؟

- بۇ ئىشلار توغرىسىدا سىلەر بىلەن بىزنىڭ چۈشەنچىمىز ھېچقاچان بىردەك ئەمەس،

مەسىلەن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، 1937-يىلى قۇرغان خانىملار بىرلەشمىسى تارقىتىۋېتىلگەن ئەمەس، ئابدۇناسىر ئۇ تەشكىلاتنىڭ مۇلكىنى مۇسادىرە قىلدىم پائالىيەتلىرىنى چەكلىدىم،يوقاتتىم دەپ قارايدۇ،ئەمما مۇسۇلمان قېرىنداشلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ بەردۇق دەپ قارايدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ھېچكىم خىلاپلىق قىلالمايدۇ،بەندە ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ."مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"مۇ "خانىملاربىرلەشمىسى"دەك تاقىلىپ كەتمىگەن،ھەق يولىدىكى خىزمەتلەر ھېلىھەم داۋام قىلماقتا،ھەقىقەت يەنىلا مەۋجۇت. ئابدۇناسىر ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى يوقىلىدۇ ئەمما ئاللاھنىڭ سۆزى ،ھەقىقەت يولى مەڭگۈ يوقالمايدۇ.

ئەجىلىمىز كېلىپ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بارغان كۈنىمىزدە زالىملارئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىدۇ.شۈبھىسىزكى ئاللاھنىڭ سۆزى ھەر زامان ئۈلۈغدۇر، ئىسلام ئۈممىتىدىن بىر جامائەت ھەر زامان ھەقنى يەتكۈزۈ ۋاتىدۇ ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلمىگۈچە دۈشمەنلىرى ئۇلارغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ئاللاھتىن مېنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان، يامانلىقتىن توسۇدىغان، كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان ئۈممەتلەر قاتارىدىن قىلىشىنى تىلەيمەن.ياخشىلىققا ئۈندەپ يامانلىقتىن توسۇدىغانلار پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىلىرى ۋە ۋارىسلىرىدۇر." مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى" ھەرگىزمۇ ھەسەنۇل بەننا ئۇستازنىڭ قارىغۇلارچە مۇنداقلا قۇرۇپ قويغان تەشكىلاتى بولماستىن ،ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش،ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇش،ئىسلام قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەركەت قىلىش،شۇڭا جامال ئابدۇناسىرنىڭ "مۇسۇلمان قېرىنداشلارتەشكىلاتى"نى تارقىتىۋېتىشكە ھەققى يوق.

بۇ گەپلەرنى دەپ بۇلۇپ جىم بولدۇم.

ئۇكىشى:

-ھەقىقەتەنمۇ ئۇستا ناتىقكەنسىز، ئەمما مەن بۇ يەرگە "مۇسۇلمان قېرىنداشلار

ئۇيۇشمىسى"غا كىرىش ئۈچۈن سىزدىن ۋەز ئاڭلىغىلى كەلمىدىم،مەن سىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كەلدىم، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ھەممە مەسئۇلىيەتنى سىزگە ئارتتى، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل سىزنىڭ كۈشكۈرتىشىڭىز بىلەن "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"غا قاتناشقانلىقنى دېدى. ھۆدەيبىمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ ھەممە جىنايەتنى سىزگە ئىتتەردى،ئۇنىڭ دېيىشىچە "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"نى سىز قۇرۇپسىز. سەئىد قۇتۇبمۇ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ سىزنى ئوتقا ئىتتەردى.

ئابدۇناسىر سىزنى قۇتقۇزماقچى، پۇتكۈل دۆلەتنى ئالقىنىدا ئوينىتىدىغان ئابدۇناسىر ئۆتمۈشىڭىزنى كەچۈرۈپ يېڭىدىن چىقىش يولى بەرمەكچى. ئۇسىزنىڭ خەلق ئارىسىدا زور تەسىرگە ئىگە ئۇستا ناتىق ئىكەنلىكىڭىزنى، خەلقنىڭ سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقنى ۋە سىز تەرەپتە تۇرىدىغانلىقنى بىلىدۇ.

-زەينەب خانىم ،سىز بىر ئىستىدات ئېگىسى ،ئەمما بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىڭىزنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتىسىز،بۇنداق كېتىۋەرسە سىز زىيان تارتىپ قالىسىز. ئابدۇناسىر يېقىنلىششىنى خالىسا رەت قىلىدىغان كىم بار؟ سىز راستىنلا ئەقىلىڭىزدىن ئادىشىپسىز،مەن پەقەت سىزگە ياخشى بولسۇن دەپلا بۇلارنى دەۋاتىمەن،بىلىمەن، ئۆمۈر بويى يېتىملارنىڭ بېشىنى سىيلاپ،ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپلا كەلدىڭىز، ئەمدى ئۆز مەنپەئەتىڭىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ،ھۇشىڭىزنى تېپىۋىلىڭ،گېپىمگە كىرىڭ

-گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟

- مەسىلە تولىمۇ ئاددىي،تۆۋەندىكى سۇئاللىرىمغا جاۋاب بەرسىڭىزلا ياخشى كۈنگە ئېرىشىسىز، ماڭا ئۆيىڭىزگە بارىدىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تىزىملىكىنى،ئۇلارنىڭ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ۋە ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ھۆدەيبىدىن قاچان ئالغانلىقىنى ،ھۆدەيبىنىڭ بۇ سۇيىقەستتە ئوينىغان رولىنى،بۇ پىلانىنىڭ مەزمۇنىنى، تەپسىلاتلىرىنى دېسىڭىزلا بولىدى. ئابدۇناسىرنىڭ نامىدا سىزگە ۋەدە بېرەي، بۈگۈن

كەچتىلا زىندانىدىن چىقىسىز ھەممە خەلىق ئىشلار مىنىستىرى بولىسىز، بۇ پۇرسەتنى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويماڭ ،ئەس-ھۇشىڭىزنى يىغىۋېلىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"دىكى ھەممەيلەن پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدۇ.

بۇ ئەسنادا كامىرغا بەستلىك بىر ئادەم كىردى، گەرچە ئۇ ئادەمنى تونىمىساممۇ چىرايىغا قاراپلا ياۋۇزلۇق ئالامەتلىرىنى ھېس قىلالىدىم.

ئۇ ئادەم:

- ھۆرمەتلىك مارشال بىز ئۇنىڭ زەيتۇن ۋە جەدىد رايونىدىكى ئۆيىدىن گۇمانلىق سىنئالغۇ ۋە ئۈنئالغۇ لىنتىلىرىنى تاپتۇق، خالىسىڭىز مۇشۇ يەرگە ئەكىرەي، ئۇمۇ كۆرۈپ باقسۇن دېدى.

مارشال« سەن چىقىپ تۇر رىياد » دەپ ئۇ ئادەمنى چىقىرۋېتىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

- زەينەب ،ئىرىڭىزنى تونۇيمەن،ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى ئادەم، مەن سىز ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتتە بولۇشنى خالايمەن، ئېنىلىرىڭىز بىلەنمۇ ياخشى دوستلاردىنمەن. ئابدۇناسىر بىز بىلەن ماسلىشىشىڭىزنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ ھەتتا ئۇمۇ سىز ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشقا تەييار. رەئىس ئابدۇناسىرنىڭ نامى بىلەن سىزگە كاپالەتلىك بېرىمەنكى، بىز بىلەن ماسلاشسىڭىزلا ئۇ لېنتىلارنىڭ ھەممىسىنى نەق مەيداندا كۆز ئالدىڭىزدىلا كۆيدۈرىۋېتىمەن ."مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"سىزنى ئورىغا ئىتتەردى،سىزنى بۇ خەتەردىن بىز قۇتقۇزۇپ چىقىمىز.ئاللاھ ئۇلۇغدۇر،بىز مۇسۇلمان ،بىز "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئەزالىرىدىن ياخشىراق، ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئىسلام ئۆز قېرىنداشلىرىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ.

مەن ئاچچىق كۈلۈمسىرىگىنىمچە " ئەجىبا سېنىڭ بۇ زىنداندىن ئىچىدە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭ زىيان يەتكۈزۈش ھېسابلانمامدۇ" دېدىم.

ئۇ يەنە ھېلىگەرلىك بىلەن گەپ ئۆينىتىپ "بىز ھەممىمىز ياخشى ئادەملەر ، بىز بىلەن ماسلاشسىڭىز ئاندىن بىزنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىمىزنى ھەم سىزگە ئېلىپ كېلىدىغان پايدىمىزنى كۆرىسىز" دېدى.

مەن :"پەقەت ئاللاھتىن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىمەن " دېدىم.

ئۇ ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر ۋاراق قەغەز چىقاردى ۋە قەلەمنى قولىغا ئېلىپ:

- زەينەب خانىم ئەمسە دەڭە، ئۆيۈڭىزگە كىم-كىملەر كېلىدۇ؟

- ئېسىمدە يوق، چۈنكى باشقىلارنىڭ ئىسمىنى يادلىۋالىدىغان ۋە ئىسمىنى سورايدىغان ئادىتىم يوق.

- خوش ،ئۇنداقتا بۇ مەسىلىنى قويۇپ تۇرۇپ ، قۇتۇب ۋە ھەسەنۇل ھۇدەيبى مەسىلىسىگە كېلەيلى.

- قايسى مەسىلىكەن ئۇ ؟

- ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىش مەسىلىسى.

- ئەپەندىم، مەسىلە ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىشتىن نەچچە ھەسسە چوڭ، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش مۇسۇلمانلارنى ئاۋارە قىلغۇدەك ئىش ئەمەس، مەسىلە ئىسلام مەسىلىسى. ھازىر ئىسلام قانۇنى تېخى يولغا قويۇلغىنى يوق،بىز ئىسلامنى گۈللەندۈرۈش ، ئىسلام ئەۋلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

ئابدۇناسىرىڭىز ئىسلامغا تاجاۋۇز قىلدى ،مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇردى، ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش تەشەببۇسىنى چەتكە قاقتى،ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىسلام ئەكسىيەتچىللىككە تولغان ،قالاق بىر مەزھەپتىن ئىبارەت، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى ،بۇنىڭ بىز بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى يوق.

- ئېلىشىپ قاپسىز، بۇ گەپلىرىڭىز نېمىدىگەن قورقۇنچلۇق،ئەجىبا سىزنى مۇشۇ يەردىلا

ئۆلتۈرۈپ ،كۆمۈۋەتسەم ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ قارىغاندا سىز شۇنىڭغا لايىق ئوخشايسىز، ئەگەر مەن چىقىپ كەتسەم ،بىر سائەتكە قالماي باشقىلار سىزنى ئۆلتۈرۋېتىدۇ.

- ئاللاھ ئۆزى خالىغان ۋە تاللىغاننى قىلىدۇ.

مېنىڭ بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇ ،خۇددى غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان مەخلۇقتەك ئەسەبىيلىشىپ كەتتى ۋە يۈز خاتىرىنى، تەكەللۇپنى قويۇپ تىللاپ كەتتى ۋە بىر ئىشارەت بىلەنلا رىياد ئىبراھىمنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا :

- لېنتىلارنى ۋە ئارخىپلارنى سوت مەھكىمىگە يەتكۈزۈپ بەر، ئاندىن بۇ ئالجىپ قالغان خوتۇننى قانداق قىلغۇڭلار كەلسە شۇنداق قىلىپ بارار جايىغا يولغا سېلىپ قويۇڭلار، بۇ ئىشنى سەئىد قىلسۇن ـ دېدى.

سەئىد كىرىپ قانچىلىك ئۇرىدىغانلىقىنى سورىغاندا «500 دەررە ئۇرۇڭلار، مەن بىردەم تۇرۇپ كېلىمەن» دەپ كېتىپ قالدى.

سەئىد قامچا بىلەن يۈز-كۆزۈمگە، قول- پۇتلىرىمغا قەيەر ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرگە ئۇردى، ئۇرۇپ ھېرىپ قالسا مېنى تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر دەم ئارام ئېلىۋېلىپ يەنە ئۇردى،بىردەمدىن كېيىن ئۇلار "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"دىكى بىر قانچە ياشنى ئالدىمغا ئەكىلىپ كۆز ئالدىمدا ئۇردى ۋە ئۇلارنى مېنى تىللاشقا بۇيرىدى. ئۇلار رەت قىلسا تېخىمۇ قاتتىق ئۇردى. بۇ ياشلارنىڭ ئارىسىدا توي كۈنىسى تۇتۇلغان زىيا دۆۋەيجىمۇ بار ئىدى.

# ھەمزىنىڭ كېچىدىكى سودىسى

ئۇلار مۇسۇلمان ياشلار بىلەن مېنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مېنى زىنداننىڭ ھويلىسىغا ئېلىپ چىقتى. سەئىد مېنى تامغا قارىتىپ بىر سائەت تۇرغۇزۇپ قويدى ئۇ كۆنى ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ ، بۇ سوغۇق قامچا ئازابىغا قوشۇلۇپ جان-جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ھەمزە بەسيۇنى كەلدى،بۇ جەرياندا خېلى كۆپ گۇندىپايلارنىڭ ئىسمىنى ئۇقۇپ قالغانىدىم،يېنىدا رىيادمۇ بار ئىدى. رىياد ماڭا شالىسېنى ئېقىتقىنىچە ۋارقىراپ :

- ھەي خوتۇن، كالالىڭنى ئىشلىتىپ، مەنپەئەتىڭنى ئويلاپ قوي بىزمۇ ساڭا ياخشى بولسۇن دەۋاتىمىز، باشقىلاردەك ئەقلىڭنى ئىشلىتىپ ئىقرار قىلامسەن ياكى؟ ھەمزە سىز گەپ قىلىڭە ما خوتۇنغا دېدى.

- ئىقرار قىلغۇدەك ئىش يوق، بىزنىڭ يىغىلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى تەۋھىد ئەقىدىسىنى ياشلارنىڭ ئارىسىدا تەشۋىق قىلىش خالاس دېدىم.

ھەمزە ئارقىدىراق تۇرغان سافۇاتنى شەرەت قىلىۋىدى، سافۇات شۇھامان قول باغلاپ :

- خوش،بۇيرىقىڭىزغا تەييارمەن باشلىق، دېدى

ھەمزە:

- ئۇنىڭغىمۇ،ماڭىمۇ ئورۇندۇق ئەكىرىپ بەر، ئۇنىڭ ئېرى مېنىڭ ياخشى دوستۇم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىر ئوبدانراق پاراڭلىشاي دېدى.

ئۇلار ئورۇندۇق ئەكىردى ،ھەمزە مېنى ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى ۋە ئېرىمنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ ماڭا بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. ئولتۇرغۇم بار ئىدى ئەمما قامچا يەپ يارلانغىنىم ئۈچۈن ئولتۇرالمىدىم . ھەمزە يەنە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى، ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، مەن جايىمدىلا تۇرىۋېرەي، سەن گېپىڭنى قىلىۋەر دېدىم.

ئۇ گېپىنى باشلىدى.

-ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ زۇلۇم قىلدىڭ، چىرايىڭ سەتلىشىپ، پۇتلىرىڭ توخۇ پاچىقىغا ئوخشاپ قاپتۇ، ئەگەر ئىرىڭ سېنى بۇ ھالەتتە كۆرسە چوقۇم كۆڭلى بەك يېرىم بولىدۇ. 60 ياشلىق مومايلارغا ئوخشاپ قاپسەن، ئىرىڭ مېنىڭ دوستۇم ئىدى، سەن مېنى نېمە قىلسۇن دەيسەن ،قارا، قوللىرىڭ خۇددىي بىر تامچىنىڭ قولىغا ئوخشاپ قاپتۇ.

بۇ ۋاقىتتا سافۋات گەپكە قوشۇق سېلىپ:

- قاراڭ باشلىق سىز ئۇنى 60 ياشلىققا ئوخشاپ قاپسەن دەيسىز،مەنچە ئۇ 120 ياشقا كىرگەندەك كۆرۈمسىزلىشىپ كېتىپتۇ. ئېرى ئۇنى كۆرسە بەلكىم راسا تىللاپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئۈچ تالاق قىلىۋېتەرمىكى دېدى.

ھەمزە:

-مېنى تازىمۇ تەڭقىسلىقتا قويدۇڭ دە ، مەن پەقەت ساڭا خىزمەت ئىشلەپ قويۇپ دېگەنتىم خالاس دېدى.

مەن گەپ قىلمىدىم،ئۇنىڭ گەپلىرى خىيالىمغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، ئۇ مېنىڭ پوزىتسىيەمنى ھېس قىلالمىدىمۇ ياكى گەپ ئۇقمامدۇ ھېچ ئۇقمىدىم ،ئەمما مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ تولىمۇ دۆت، بىچارە، قورقۇنچاق بىر ھاشارەتتەك كۆرۈندى.

ئۇ ئۆز خىيالىدا مېنى قورقۇتىۋاتىمەن دەپ ئويلايتى. ئەمما ماڭا قارىغاندا ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنىڭ دۈپۈلدەپ سوقىۋاتقانلىقىنى، تەھدىت سېلىپ ھاقارەت قىلغىنىدا بولسا ئۆزىنىڭ قورقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم.ئۇ قانچىكى ۋارقىرىغانسىرى مەن ئۆزۈمنى شۇنچىكى يېنىك ھېس قىلاتتىم.

دېگەن گەپلىرى كار قىلمىغاچقا غالجىردەك ۋارقىراپ،سافۋاتقا يۈزۈمنى تامغا قارىتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇشنى بۇيرىدى. مەن دەرھال ئۇنىڭ بۇيرىقىنى ئۆزۈم ئىجرا قىلىپ قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تامغا قاراپ تۇردۇم.

سـافۋات  دۈمـبەمگە قامچىسـى بىـلەن سـاراڭلاردەك ئـۇرۇپ كەتتـى، ۋە سـەئىدنى چاقىردى ،ئۇ قولىغا قامچا ئېلىپ ئەتراپىمغا ،پولىغا قامچا بىلەن كۈچەپ ئـۇراتتى .يەنە بىـر ئەسـكەر كەلـدى،ئۇ ئىچىـدە زەيتـۇن يېغـى قايناۋاتقـان بىرچېلەكنـى ئەكەلـدى، چېـلەك ئىچىدە بىر قانچە قامچا پورۇقشىپ تۇرغان ياغقا چىلاغلىق ئىدى.

هەمزە بىلەن سـافۋات چىقىـپ كېتىـپ يېنىمغـا سـەئىد كەلـدى ۋە ياغقا چىلانغان قامچىلارنى ماڭا ئىشارەتلىدى. بىردەمـدە يەنە ئونـدىن جىـق ئەسـكەر كەلـدى ، هەربىـرى بىردىن قامچىنى قولىغا ئېلىپ، يەرگە ئۇرۇپ   «هـۇ ئىتنىـڭ بالىسى، قامچىنىـڭ تەمىنـى سـاڭا ئوبـدان تېتىـپ قويـايلى» دەپ پوپـوزا قىلىـپ ۋارقىرىـدى. پەرۋا قىلمىـدىم، مەن توختىمـاي ئـاللاهنى زىكـرى قىلـدىم، ئىچىمـدە ‹ مۇشـرىكلار تەرەپـدارى بولغـان كىشـلەر ئۇلارغـا : شـەك-شۈبهىسـىزكى، كىشـلەر ( يەنـى قۇرەيىشـلەر) سـىلەرگە قارشـى قوشـۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيىتى، ئـۇلار: ئـاللاھ بىزگە كۇپايە، ئاللاھ نېمە دېگەن ياخشى هامىي! دېدى { سۈرە ئـال-ئىمـران 173-ئـايەت} بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدۇم.

سافۋات يەنە قايتىپ كەلدى ۋە ئەسكەرلەرگە :« چىقىپ كېتىڭلار، بـۇ كېچىمـۇ ئـۇنى ئۆلتۈرمەيمىز» دېدى ۋە قولۇمدىن سۆرەپ كامىرغا ئەكىرىپ سولاپ قويدى.

## كامىرغا قايتىش

غەدا بىلەن ئالىيە ئۇخلاپ قالغان ئىدى، مېنىڭ كەلگىنىمنى تۇيۇپ ئويغاندى، پۇتۇمدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرۈپ قورقىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى، ئالىيە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى ،مەن :"هېچ ئىش يوق،بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئاللاهقا بولسۇن" دېدىم ۋە ئۇلارنى ئۇخلاۋېرىشكە بۇيرىدىم ۋە ئىچىمدە توختىماي رەسۇلۇللاھنىڭ « ئېي ئاللاھ، مەن ئۇچرىغان قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەردىن سېنىڭ ئىززەت ۋە قۇدرىتىڭگە سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن» دېگەن ھەدىسىنى ئوقۇدۇم.

ئىككى كېچە ئۆتتى، بەدىنىمدىكى يارىلارنىڭ ئاغرىقى ھەر ۋاقىت جېنىمنى قىيناۋاتقان، ئالىيە ۋە غەدانى ئەنسىرەتمەي دەپ ئاغرىسىمۇ ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ،ئۈن-تىن چىقارمايتىم، ئۇ ئىككىسىمۇ ئۇ كېچىسى بولغان ئىشلارنى سوراشقا پېتىنالمىدى.

بىركۈنى سەھەردە، غەدا ئاشۇ كۈن كېچىسى زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ تۇرىۋالغانىدى، ئالىيە ئۇنى توسۇپ قويدى، غەدانىڭ سۇئالىدىن بىر ئىشنى كۆڭلۈم تۇيغاندەك بولدى ئەمما هېچنىمە دېمىدىم. بۇ بىر كۈن مۇشۇنداق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆتتى.

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن كامىر ئىشىكى ئېچىلىپ سافۋات ئېتىلىپ كىرگىنىچە قولۇمدىن تارتىپ سۆرەپ ماڭدى، تەڭپۇڭلىقىمنى يوقاتتىم،ھالىمدىن كەتكەن ئىدىم. يولدا بىرسى ئۇچراپ سافۋاتقا :«خېلىل ئەپەندى سىزنى ساقلاۋاتىدۇ » دېدى.

سافۋات:« بۇ بالانى دەل ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدىم » دەپ مېنى دۆشكۈشلەپ تىللاپ هاقارەتلىدى.ئۇكىشى "ئۇ زەينەب غەززالىمۇ؟"دەپ سورىدى،سافۋات:"ھە،شۇ"دېدى ۋە مېنى يەنە دوقوسلىتىپ،سۆرەپ دېگۈدەك بىر ئۆيگە ئەكىردى. ئۆي ئىچىدە بىر يېزىق

قويۇلغانىدى ،ئۇستەلنىڭ قارشىسىدا چىرايى قورقۇنۇچلۇق قاپقارا بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

ئــۇ ئــادەم مېنــى كــۆرە-كــۆرمەيلا جىــن تېپىۋەتكەنــدەك ســەكرەپ تــۇرۇپ كەتتــى ۋە سوئاللىرىنى باشلىدى.

- سەن كىم بولىسەن؟

- زەينەب غەززالى جۇبەيلى

نېمىشقا بۇ يەرگە كىرىپ قالدىڭ؟

- بىلمەيمەن.

- بىلىشىڭ كېرەك، سەن ھۇدەيبى، سەئىد قۇتۇب، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىللار بىــلەن بىلــلە جامــال ئابدۇناســىرنى ئۆلتــۈرۈش ئۈچــۈن سۇيقەســت پىلانلىغانلىقــڭ ئۈچــۈن بــۇ يەردىسەن.

-ئۇنداق ئىش يوق.

- گېپىڭگە دىققەت قىلىۋال، بۈگۈن بۇرۇنقىدەك قامچا بىلەن بولدى قىلىدىغان ئىش يــوق ،بۈگــۈن ســاڭا ئۆلــۈم تەييار ،مېنىــڭ كىملىكىمنــى بىلەمســەن؟ مەن ھەربــى ئىشــلار تۈرمىسىنىڭ بىر قارام مەخلۇقىمەن، بىلدىڭمۇ؟

- بۇ يەردە ھەقىقەتەن مەخلۇق ۋە ئىتلاردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق،شــۇڭا ھەيــران قالمايمەن، مەن بۇ يەرگە كىرگەندىن بېرى ،قېپىنالسىمۇ ئاللاھقا سادىق ۋە ھەققانىيەتتە چىــڭ تۇرغــان مۇســۇلمان قېرىنداشــلاردىن باشــقا ئــادەم كــۆرۈپ باقمىــدىم، ھەممىــڭ دېمىسەڭمۇ شۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق ۋەھشى مەخلۇقلار، ئىتلار!

ئــۇ مېنىــڭ گېــپىمگە چىــدىماي مېنــى تىپىــپ، ئىتتىرىــپ يەرگە يىقىتتى،ئورنۇمــدىن تارتىــپ تۇرغــۇزۇپ يەنە ئــۇرۇپ تېپىــپ ئىككىنچــى قېــتىم يىقىتتى،بــۇ قېــتىم تۇرالمــاي قالدىم،ئامالسىز تامغا يۆلىنىۋالدىم.ئۇ يەنە:

"مېنىڭ ئەسلى بۇنداق قىلغــۇم يــوق ئىــدى ،ئــۆزۈڭ مەجبۇرلىــدىڭ،تۇرە ئورنىڭــدىن

،سوئاللىرىمغا جاۋاپ بەر"دېدى ۋە يەنە كەينى-كەينىدىن ئىككى شاپىلاق ئۇردى. ئاندىن مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ ئىشكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن باشقا بىر ئادەم كەلدى .

- بىچارە زەينەب، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىۋاتىسەن،باشقىلارنى تىللايسەن،نەشتىرىڭنى سانجىيسەن، ئەمما رەئىسنىڭ قارنى ـكۆكسى كەڭ ،سەن ئۇچۇن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ، بىز پەقەت سەندىن سوتتا گۇۋاھلىق بېرىشىڭنىلا تەلەپ قىلىمىز، ھەقىقى ئەھۋالنى بىزگە دېسەڭلا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ساڭا ئارتىپ قويغان گۇناھلىرىنى يىشانەڭدىن يوق قىلىمىز.

- مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق، ھەقىقى گۇناھكار ئۆزۈڭلار، گۈزەل يۇرتىمىزنى،كىشلەرنى دەپسەندە قىلىۋاتىسىلەر!

- ئالجىپسەن زەينەب، ئەمدى سەن بىلەن كارىم يوق، سېنى ئەيۋەشكە كەلتۇرۇشنى بىلىدىغان بىرسىنى يېنىڭغا كۇرگۈزىمەن.

ئارىمىزدا مۇشۇ سۆزلەر بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېنى ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇرلىمىغانلىقى ئۇچۇن ئاللاھقا ھەمدە ئېيتتىم.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا قولىدا قامچا كۆتۈرگەن،يۈزلىرىنى دانىخورەك باسقان بىرسى كەلدى، ئۇ:

- تۇرە ئورنۇڭدىن، سەن كىم بولىسەن ؟ دەپ سورىدى.

زەينەب غەززالى دېيىشىمىچىلا « ئەمسە سېنى نەس بېسىپتۇ، بۇ يەرگە كەلگىنىڭ سېنىڭ يەنە كۆپ بولسا بىر كۇنلا ياشىيالايدىغانلىقىڭدىن دېرەك بېرىدۇ » دېدى، ئارقىدىنلا يەنە باشقا بىر ئادەم كىردى ۋە ئۇنىڭغا « سەن نېرى تۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم بىردەم پاراڭلىشاي» دېدى ۋە سۆزىنى باشلىدى.

- ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس،بۇ ئايال تولىمۇ ياخشى ئىش قىلىۋاتقان، بىراق

مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇنى مۇشۇنداق زۇلۇمغا قويىۋاتىدۇ.

يەنە بىرى سۆزگە ئارىلاشتى ۋە « توغرا دەيسىز ئەپەندىم، بۇ ئايال نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ، قارىغاندا سىز ئۇنى خېلى سوراۋاتقۇدەك بېقىپتىكەنسىز، ئەپسۇس ئۇ ھېلىلا ئۆلدى» دېدى. يەنە بىرى « سەن چىقىپ كەت، مەن ئۆزۈم پاراڭلىشىمەن، بۇ ئايالنى زادى نېمە قىلسۇن دەيسىلەر؟ » دېدى.يەنە بىرى «رەئىس ئابدۇناسىر ۋە مارشال سوتتا گۇۋاھچى بولىشىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قىلغانلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلدى» دەپ جاۋاب بېرىپ چىقىپ كەتتى. بۇ بىرنېمىلەر بىرسى توختىسا بىرسى گەپ قىلىپ بىرسى كىرسە بىرسى چىقىپ يۈرۈپ بېشىمنىمۇ ئايلاندۇرىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆيدە كېيىن كىرگەن بىرسىلا قالدى . ئۇ :

- زەينەب، ئۆزەڭگە ئۆزۈڭ ئاۋارىچىلىق تېپىۋاتىسەن؟ ھالىڭغا قارىغىنا، كىيىملىرىڭ يىرتىق، ھالىڭ پەرىشان،چىرايىڭدىنمۇ سۇلغۇنلۇق تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ، قارىغاندا چارچاپ قالغاندەك تۇرىسەن سوئاللىرىمغا بولغان جاۋاب بېرەلەمسەن ياكى ئەتە پاراڭلىشىمىزمۇ؟دېدى.

جاۋاب قايتۇرمىدىم. ئۇ يەنە:

- مەن ئېنىڭ سەيق ۋە ئابدۇلمۆئمىننى تونۇيمەن،ئەتىگەن تېخى ئېرىڭ بىلەن بىللە ئىدىم، ئېرىڭ ھەقىقەتەن تولىمۇ ياخشى بىر ئادەم ،ئۇنى بەكمۇ قىينىۋەتتىڭ.مەن سېنى بۇ دىلودا قۇتقۇزالايمەن،ئەمما مەسىلە سېنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىڭدە.

ئۇ بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ سافۋاتنى چاقىرىپ مېنى كامىرغا ئاپىرىۋېتىشنى بولغۇن ئارام ئېلىپ ئەتە پاراڭلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سافۋات مېنى كامىرغا ئېلىپ كەتتى.

## بۇ راستىنلا ئاخىرقى دەقىقىلەرمۇ؟

مەن كامىرغىا قايتىپ كىرگىنىمىدە ئىالىيە بىلەن غەدا ئىۇخلاپ قالغىان ئىدى، ئىالىيە كەلگىنىمنى سېزىپ ئويغىنىپ « كەلدىڭىزمۇ ھاجى؟» دېدى. « ھەئە، ئاللاھقا شۈكرى، كەلدىم» دەپ جاۋاپ بېرىپ ئىۇخلاي دەپ يىاتتىم، بىراق ئۇخلىيالمىدىم. بامىداتقا ئەزان چىقتى ،ناماز ئوقۇدۇق، غەدا تۈنىگۈن كەچتە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى.

مەن « ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلىكىدىدۇر. بىزنىڭ ھەق يولدا ئىزچىل تۇرىشىمىز ئۈچىۈن ئاللاھقا دۇئا قىلىمەن، ئۇلار مېنى ئاسىي قىلمىاقچى،بۇ مىۇمكىن ئەمەس » دېىدىم. ئىالىيە «ھىاجى، ئىاللاھ يىاردەمچىڭىز بولسىۇن» دېىدى. غەدا ئىشىلارنىڭ تەپسىلاتىنى سىوراپ تۇرىۋالىدى، جىاۋاپ بەرمىىدىم،جاۋاب بەرگىۈدەك ھىالىمۇ يىوق ئىدى، بۈگىۈنكى سىوراق ئۈچىۈن تەييارلىنىشىم لازىم ئىدى. ئىالىيە بىۈنى سېزىپ غەدانىي گەپ قىلغۇزمىدى، بىۇ بىركۈن مۇشۇنداق ئۆتتى.

بىردەمدە كەچ كىردى،يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشىلىدى. ئىالىيە بىلەن غەدا ماڭىا ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا توختىماي دۇئا قىلاتتى. زىندان ئىشىكى ئاخىرى ئېچىلىپ سافۋات بىلەن مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشى كىرىپ مېنى ئېلىپ  قىيىن-قىستاق ئىۆيىگە ئېلىپ كەلدى.

ئۇ كىشى سافۋاتنى چىقىپ كېتىشكە بىۇيرۇپ ، مېنىي ئۇستەلنىڭ يېنىىدىكى ئورۇنىدۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ سۆزىنى باشلىدى.

- زەيىنەب خىانىم، سىىزگە ياخشىي بولسىۇن دېىگەن، سىىزگە خىىزمەت ئىشىلىمەكچى بولغانلارنى تولىمۇ ھارغۇزىۋەتتىڭىز، بۈگۈن ئۆزۈم يالغۇز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولىمەن. رەببىمىزنىڭ ئىككىمىزگە ياردەمچى بولىشىنى، سىزنىڭمۇ ھۇشىڭىزنى تېپىپ، مۇسىۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشىۇ ھالغىا چۈشىۈپ

قــالغىنىڭىزمۇ يېــتەر. ياخشــىراق ئــويلاپ بېقــىڭ، ســىز ئــۇلارنى راســتىنلا ئىســلامنى گۆللەنــدۈرۈش ئۈچــۈن خىــزمەت قىلىۋاتــىدۇ دەپ ئويلامســىز؟ جىنىنــىڭ قەســتى شــاپتۇلدا دېگەنــدەك ، ئەمەلىيەتــتە ئــۇلار ھاكىمىيەتنىــڭ پېيىــدە. ھۇدەيبىنىــڭ گەپلىــرىلا ســىزنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا يېتىدۇ، سەئىد قۇتۇبمۇ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوللىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيمىز، سىزنى قۇتقۇزماقچى بولىۋاتىمىز، سىزنى بۇ دېلودا پەقەت گۇۋاھچى دەپلا قاراۋاتىمىز، گۇۋاھلىق بەرسىڭىزلا ئۆيىڭىزگە قايتىسىز. لازىم بولغانــدا بىــز ســىزنى يەنە بــۇيەرگە ئەكىلىمىــز يــاكى ئۆيــۈڭىزدىلا گۇۋاھلىــق بەرســىڭىز بولىــدۇ. مــاقۇل كۆرسىڭىز ھازىرلا باش ئوفىتسىر ئابدۇلھەكىم ئامىر ۋە دۆلەت رەئىسى ئابدۇناسىر بىلەن كۆرۈشىسىز. رەئىس دەرھال خانىملار بىرلەشمىسىنى تــارقىتىۋىتىش بــۇيرىقىنى ئەمەلــدىن قالدۇرىـــدۇ ۋە بىرلىـــك ژورنىلىنىـــڭ قايتىـــدىن بېســـىلىپ تارقىلىشـــىغا ئىجـــازەت بېرىدۇ.بۇلاردىن باشقا يەنە، رەئىــس ســىزگە ھــۆكۈمەت ئورگىنىــدىن مۇھىم بىــر ۋەزىــپە بېرىــپ، بــارلىق ئۈيۈشــما ۋە تەشــكىلاتلارنىڭ باشــقۇرغۇچىلىق ۋەزىپىســىنى قولىڭىزغــا تۇتقۇزىدۇ. ئەمدى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ زىيانكەشــلىكىگە ئۇچرىماســلىقىڭىز كېــرەك . ئــۇلار ئــۆزلىرىنى پــاك ۋە گۇناھســىز كۆرســىتىش ئۈچــۈن بــارلىق گۇنــاھنى ســىزگە ئارتىــپ قويۇشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ سۆزلەۋەردى، مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىــدىم، ئەمما ئۇ سۆزلىگەچ پات-پات چىراي ئىپــادەمنى كۆزىتىــپ تــۇراتتى .بىــر چاغــدا ئــۇ ئۇســتەل ئۈســتىگە ئورنىتىــپ قويۇلغــان چــاقىرىش قوڭغــۇرىقىنى باســتى، ســافۇات كىــردى، چــاي ئەكىرىپ بېرشنى بۇيرىدى، ئاندى ماڭا قاراپ:" قەھــۋە ئىچەمســىز؟ ســىزگە قەھــۋە ئالغــاچ كىرسۇنمۇ؟ " دېدى .

- رەھمەت كېرەك ئەمەس.

- زەينەب،سىزگە قەغەز- قەلەم بېرىمەن،كىلىشكىنىمىز بويىچە بارلىق ئىشنى يېزىــپ

چىقىڭ.

- بىز قايسى ئىشتا كىلىشتۇق؟نېمە يېزىشنى بىلمىدىم.

ئۇ قەغەز قەلەمنى ماڭا ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

-ئۆزىڭىزنىڭ مەنپەئەتىنى راستىنلا پەقەت ئويلىمامسىز، رەئىس سىزنى بۇ دېلو قويىندىن قۇتقۇزۇپ چىقماقچى؟

- قايسى دېلوكەن بۇ؟ بىر قانچە كىشى بىر يەرگە كېلىپ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلىرى ھەققىدە ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارسا بۇمۇ بىر دېلو بولۇپ تۇرغۇلىدىكەن دە؟! ئەجەبا بۇ جىنايەت ھېسابلىنامدۇ؟ دۆلەت رەھبىرى ۋە باش ئوفىتسىر بۇلارنى ئەمەس، ئەخلاق-پەزىلىتى ناچار،جاھىل، پاسسىپ، ئىدىيىسىدە مەسىلە بار،چىرىك كىشلەرنى تەشۋىق قىلسا بولىدۇ. ئەگەر مېنى زادى يازمىساڭ بولمايدۇ دېسەڭلار،مەن دەل مۇشۇ بوويىنىنى قىسىپ تۇرغان بىچارە دۆلەتتە يۈز بەرگەن،يۈز بېرىۋاتقان رىئاللىق،ھەقىقەت،ئىمان-ئېتىقاد يولى ھەققىدە يازىمەن.

- سىزنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق ۋە پەزىلەتلىك بىر ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، كالليڭىز بەك ئىشلەيدۇ، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدىنمۇ بەتتەر بىر ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىڭىزنى ھەم بىلىمەن، سىزنى بۇجايدا يالغۇز قوياي، رەئىسنىڭ سىزنى قۇتقۇزماقچى ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىڭىزغا ئەكىلىڭ، بارلىق تەپسىلاتلار ئاللىقاچان ئايدىڭلاشتى، ھۇدەيبى ۋە سەئىد قۇتۇب رەئىس ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش سۈيقەستىدە بولغان ،ئۇلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماقچى. ئۇلار بارلىق ئىشلارنى زەينەب غەززالى پىلانلىغان دەپ ئىقرار قىلدى، ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا پىت تىرىماسلىق ئۈچۈن سىزنى ئوتقا ئىتتەرمەكچى بولغان، ئۇلارنىڭ دېيىشىچە مىسىردا يۈز بەرگەن بارلىق بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە سىزنىڭ مەسئۇلىيىتىڭىز باركەن،سىز ئۇلارغا ئاۋارىچىلىق ئېلىپ كەپسىز،يېزىڭ ،بۇلارنىڭ ھەممىنى يېزىڭ،ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئىشقا

تۇتقان مۇئامىلىسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەزالارنىڭ سىزگە تۇتقان مۇئامىلىسىنى ئويدان بىر دەڭسەپ بېقىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بارلىق مەسئۇلىيەتنى سىزگە ئىتتىرىپ قويۇپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلايدۇ ،ئەمما بىز ئۇلارنىڭ ئاۋال سىزنى كۆشكۆرتۈپ قويۇپ ئاخىردا يۈز ئۆرىگەنلىكىنى ئويدان بىلىمىز، ئەجىبا بۇ باتۇرلۇقمۇ؟ ياق بۇ سېپى ئۆزىدىن خىيانەت.

ئۇ قەغەز- قەلەمنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى، زىنداندا مەھكۇم بولغان بىر مەھبۇسنىڭ قەغەز-قەلەمنى كۆرگەندىكى ھاياجىنىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.

قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ يېزىشقا باشلىدىم:«ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ياشلار بىلەن فىقھى، تەفسىر، ھەدىس ۋە دەۋەت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان ئىدۇق، ئىبنى ھەزىمنىڭ ‹مۇھەللا› ، ئىبنى قەييۇمنىڭ ‹زادۇل مەئاد› ، ھافىز ئەل-مۇنزىرنىڭ ‹ تەرغىب ۋە تەرھىب› ، سەئىد قۇتۇبنىڭ ‹ قۇرئان سايىسى ئاستىدا› ۋە ‹ يول بۇيەردە› قاتارلىق كىتابلىرىنى ، رەسۇلۇللاھنىڭ ۋە ساھابىلارنىڭ ھاياتى سۆزلەنگەن كىتابلارنى ئوقۇۋاتاتتۇق. بۇنداق ئۆگىنىشلىرىمىز ئىمام ھۇدەيبىنىڭ ئىجازىتى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۆگىنىش نىشانىمىز ئىسلام ياشلىرىدىن بولغان بىر ئەۋلاد كىشلەرنى بايىقاش،تەربىيلەش ۋە ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆتمۈشتىكى شەرەپ ۋە ئىززەتكە مۇيەسسەر قىلىش ئىدى. بىر مەزگىل ئوقۇغاندىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بارلىق قۇرۇلۇش ۋە قەدەملىرىنى يېڭى باشتىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىغان ئىدۇق، ئەخلاقسىزلىق ۋە غايىسىزلىققا بوغۇلغان ۋە ھەر تەرەپتىن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياشلاردىن قۇتقۇزالىغىنىمىزچە قۇتقۇزۇشنى قارار قىلغان ئىدۇق. بۇ خىزمەتنى ئون ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرۇشنى پىلانلىدۇق، 13 يىلدىن كېيىن بىر قېتىملىق تەكشۈرۈپ ،ئىستاتىسكىلاش ئېلىپ بېرىپ، ئاھالىلەردىن ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىدىغان،ئىسلام پىرىنسىپلىرىغا بويى سۇنىدىغانلارنىڭ

ئومۇمىي نوپۇستا ئىگەللىگەن نىسپىتى 25% تىن تۆۋەن بولسا ئىككىنچى 13يىللىق پىلاننى يۈرگۈزىمىز،ئاخىردا يەنە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز، ھەتتا ئۈچىنچى ،تۆتىنچى 13 يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش،تەربىيلەش خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىمىز تاكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگەللىگەن نىسپىتى 75%دىن ئاشقانغا قەدەر.ئەنە شۇ سەۋىيەگە بارغاندا ئاندىن بىز ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئاتلىنىمىز.

ئابدۇناسىر ۋە سىلەر ئەمەلدارلار بۇنىڭدىن نېمانچە قورقۇپ كېتىسىلەر؟ مەقسەت قىلغان بۇ سان ۋە سۈپەت ئەمەلگە ئاشقۇچە نەچچە ئەسىرلەر كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدا قورققۇدەك نېمە ئىش بار؟ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى ھېچقاچان خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدۇق، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش بىز قىلىدىغان ئىشلارنىڭ پىلان دائىرىسىدە ئەسلا يوق. بىز قىلماقچى بولغان ئىشلار بىرەرسىنى ياكى بىر قانچىنى ئۆلتۈرۈشتىن نەچچە ھەسسە چوڭ، بىز ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرمەيمىز، ھالبۇكى سىلەر مۆئمىنلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئۆزۈڭلارغا باھانە قىلدىڭلار. بىرنى قىيناشنى، ئۇرۇشنى، زىندانغا مەھكۇم قىلىشنى،دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇق قىلغان كىم؟

بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىز يەھۇدىي قىساسچىلىرى ۋە كوممۇنىزىمچىلارنى قورقۇتىۋەتكەن ،ئۇيقۇسىنى بۇزىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىز پەقەتلا ئىسلامنى گۈللەندۇرۇش، ئىسلام قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن. ئىسلامنىڭ باش كۆتۈرىشىدىن ئۇلار بىسەرەمجان بولۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پەيتنى كۈتىۋاتىدۇ، ئىشپىيون غالچىلارنى ئىشقا سېلىپ، مۆئمىنلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىۋاتىدۇ.

بىراق ئاللاھنىڭ نۇرى يەنىلا مەۋجۇت، ئاللاھ بۇ ئازغۇنلارنى چوقۇم جازالايدۇ. بۈگۈن بىزنى ئۆلتۈرسەڭلار ئىسلام تۇغىنى لەپىلدىتىدىغان مۆئمىنلەر يەنە كېلىدۇ، مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى ، ۋە مۇسۇلمان ئايالالار بىرلىك ژورنىلىغا كەلسەك ،ئەگەر

بۇ بىرلەشمە ۋە بۇ ژورنال ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان بولسا بىزگە ئۇنىڭ كېرىكى يوق ،بىز ئاللاھ رازىلىقى،ئاللاھنىڭ دىنى ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا كۈرەش قىلىمىز."

خەتنىڭ ئاخىرغا ئىسمىمنى يېزىپ ئىمزا قويۇپ ئاخىرلاشتۇردۇم.

بىر دەمدىن كېيىن سافۋات كېلىپ قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماڭا قەغەز-قەلەمنى بەرگەن ئادەم خەت يېزىلغان بىر قانچە ۋاراق قەغەزنى تۇتقىنىچە كىرىپ كەلدى، ئەمما قولىدىكى خەت مەن يازغان خەت ئەمەس ئىدى.

ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا قولىدىكى قەغەزنى يىرتىپ پارچە-پارچە قىلدى ۋە باشقىلارغا خۇددى مېنىڭ يازغانلىرىمنى يىرتقاندەك تەسىر بەردى. ئاندىن سافۋاتقا « بۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسىدىن باشقىسى كار قىلمايدۇ، مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدىم ئەمما كار قىلمىدى، بولدى، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسۇن» دەپ چىقىپ كەتتى.

سافۋات مېنى هارغۇچە تېپىپ-دۇمبالاپ بولغاندىن كېيىن، كامىرغا ئەكىرىۋەتتى.

هەيرانمەن،ئۇلار دېلونىڭ ئېنىق بولغانلىقىنى دەيدۇيۇ ،نېمشقا ئەمسە ئوچۇق-ئاشكارا هالدا ئۇنى بىرتەرەپ قىلمايدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك هەممە ئىش ئېنىق بوپ بولغان بولسا بۇ قېيناش، بۇ تەهدىتلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئېنىق بوپ بولغان دەۋاغا يەنە نېمە سەۋەبتىن بۇنداق قىلىدۇ؟ ياكى ئۇلار بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ بىگۇناهلارنى ئۆلتۈرۈپ تۆگىتىش سۇيىقەستىنى پىلانلاۋاتامدۇ؟

شۇنداق! هەممە ئايدىڭلاشتى، ئالامەتلىرى ئاشكارلاندى. بىردىن بىر مەقسىتى جاھىلىيەتتە قېلىش، جاھىلىيەتنىڭ داۋاملىششى ۋە ئىسلامنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىدۇر.

كامىرنىڭ ئىشىكى تاقالسىلا باشقا بىر دۇنياغا بارغاندەك بولىمەن. هارغىنلىق چۈشكۈنلۈك ۋە قىيىن-قىستاقلار روهىمدا ۋە ۋۇجۇدۇمدا ئايرىم-ئايرىم ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى. بىردەم ئۇخلىۋالماقچى ئىدىم ، ئەمما ئۇخلىيالمىدىم. ئۇيان-بۇيان ئۆرۈلگىنىمدە ئۆزۈمنى خۇددى مىخنىڭ ئۈستىدە ياتقاندەك هېس قىلاتتىم. قامچىلار ۋە تېپكىلەر بەدىنىمنى

زەخملەندۈرگەن بولسا ھاقارەتلەر يۈرىكىمنى پارە-پارە قىلغانىدى.

بامدات نامىزىغىچە مۇشۇ ھالەتتە ئازابلىنىپ چىقتىم، ئەزان ئوقۇلىشى بىلەنلا ئالىيە بىلەن غەدا ئويغانـدى، تەيەممـۇم قىلىـپ نامـاز ئوقـۇدۇق. ئـالىيە ھالىمغـا قـاراپ« دوختـۇر تىنىچلاندۇرۇش تابلىتى بەرگەن ئىدى، بىر تال بېرەيمۇ؟» دېدى .

« ماقۇل» دەپ دورىنى يەپ ئۇخلىدىم، ئەمما پۈچىلانغان بىر ۋۇجۇدنى ، ھاقارەتلەنگەن بىـر يـۈرەكنى ئۇيقۇنىـڭ يـاكى دورىنىـڭ تىنىچلاندۇرىشى مۇمكىنمۇ؟ تىـزلا يامـان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە قۇرئان يادىلىدىم، ئاللاھقا كۆپلەپ دۇئا قىلدىم.

غەدا كەلگەن كۈندىن باشلاپ كامىرنىڭ تېمىغا شـۇ كۈنلـۈك چىسـلانى ئويـۇپ ماڭغانىـدى. "بۈگۈن 8-ئۆكتەبىر" دېـدى ئـۇ، "ئـاللاھ بۈگـۈننى تـىنچ ـ ئامان،خـاتىرجەم ئۆتكۈزۈشـكە نېسىپ قىلسۇن"دېدىم مەنمۇ جاۋابەن.

ئالىيەمۇ :"ئىنشائاللاھ" دەپ تەستىقلاپ قويدى.

ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىدا سافۋات چوڭ بىر سومكىنى كۆتـۈرگەن ئىككـى ئەسـكەر بىـلەن بىلـلە كىـردى. بىـر قـاراپلا ئـۇ سـومكىنىڭ بىزنىـڭ ئۆيـدىن ئەكەلتـۈرۈلگەنلىكىنى بىلـدىم، سـافۋات سـومكىنى ئېچىـپ « زەيـنەب، بـۇ سـېنىڭ كـيىملىرىـڭ، ئۆيۈڭـدىن ئەكەلدۇق» دېدى ، سومكىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىپ ماڭا كۆرسـەتكەندىن كـېيىن يەنە سـومكىنىڭ ئىچىـگە سـالدى، سـومكا چـوڭ ئىـدى،گوياكى ئـۇزۇن بىـر سـەپەرگە تەييارلانغاندەك قىلاتتى. « بۇ كىيملەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭلار؟ كىم شۇنداق قىل دېدى» دەپ سـورىدىم، « بىـز ئەكەلدۇق،سـىڭلىك ھايـات تەييـارلاپ بەردى» دېـدى ۋە ئـۇ ئەسكەرلەرنى سومكىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ ،ئۆزىمۇ ئىشكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى. بېشىم قېيىپ يىقىلىپ قالدىم، غەدا بىلەن ئالىيە قوللىرىمنى، پۇتلىرىمنى ئۇۋۇلاپ ئەسلىمگە كەلتۈردى.ۋە ماڭا تەسەللى بېرىپ:

- ھاجى سەبىر قىلىڭ، ئىنشائاللاھ سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە مـۇرەككەپ ئىشـمۇ يوقتـۇر

بەلكىم، سىزنىڭ كىيمگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ ئەكەلگەندۇ؟

- ياق، ياق،بىر چوڭ مۇسىبەت يېقىنلىدى.

- ھاجىم،نېمىشــقا بۇنــداق دەيســىز؟ كىيىملىرىڭىزنىــڭ يىرتىلغــانلىقىنى كــۆرۈپ ئەكەلگەندۇ بەلكىم؟

- ياق،ئالىيە، بۇ ئېنىقلا يالغانچىلىق، نېمىشقا يـالغۇز مـاڭىلا ئەكىلىـدۇ؟ بۇنىڭـدىن تولىمۇ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، ئىچىم سىقىلدى، قارىغاندا چوڭ بىر ئىمتىھانغا يولۇقىدىغان ئوخشايمەن.

ئاللاھنىڭ ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلدىم.

پېشىن نامىزى ئوقۇۋاتاتتۇق. ئەڭ ئاخىرقى رەكئەتنى ئوقۇۋاتقاندا ساقچىلار كىرىـپ قوپاللارچە قولۇمدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.ئالىيە بىلەن غەدانى كامىردا قالـدۇرۇپ سـولاپ قويدى.مېنى ئېلىپ چىقىپ كارىـدورنىڭ بۇلـڭىـدىكى قاپقـارا،زەي، چاشـقانلار يـۈگرەپ يۈرۈيدىغان بىر كامىرغا سولاپ قويدى.

قورقۇنچ ئىچىدە يەردە ئولتۇردۇم، سىمونتنىڭ سوغۇقى ۋە كامىرنىڭ بەدبۇي ھاۋاسى تېنىمنـى دىـر-دىـر تىترەتسـە، كامىرنىـڭ قـاراڭغۇلۇقى قورقـۇنچىمنى، ئـازابلىرىمنى ۋە ئەندىشىلىرىمنى كۆپەيتتى. ئاللاھقا سېغىندىم، تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدىم.

‹ئېسكىلاردا بولسۇنكى دىللار ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن ئارام تاپىدۇ›

تۇيۇقسىز چىراغ يېقىلىپ سافۋات كىردى، بىرۋاراق قەغەزنى ماڭا ئۇزىتىپ «ئوبدانراق ئوقۇ» دېدى. قەغەزگە قارىدىم ، بېشىدا « جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكى » دېگەن خەت، ئاستىدا بولسا خەت ئۇرۇش ماشىنىسىدا بېسىلغان « جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئەمرى بىلەن، زەينەب غەززالىغا ئەر مەھبۇسلارغا بېرىلگەندىنمۇ ئېغىرراق جازا ۋە قىيىن-قىستاقلار بېرىلسۇن » دېگەن خەتلەر ۋە جۇمھۇرىيەت رەئىسىنىڭ خاس تامغىسى بار ئىدى. ئوقۇپ بولۇپ « ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر» دەپ خەتنى قايتۇرۇپ

بەردىم. ماڭا ئالىيىپ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، غودۇڭشىپ ئىشكىنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

بىر دەمدىن كېيىن سافۋاتنىڭ كارىدوردا " دىققەت ! " دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە زىندان ئىشكى ئېچىلىپ ھەمزە بەسيۇنى كىردى ۋە « بۇ ساڭا بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت،بىر سائەت ۋاقىت بېرىمەن، ياخشىراق ئويلان، ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلاپ قويغىن، كېيىملىرىڭنى ئەكەلدۇق، ئالماشتۇرۇپ باش رەئىس جامال ئابدۇناسىر ۋە باش ئوفىتسىر ئابدۇلھەكىم ئامىرنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىسەن، ئىلاھىم بۇ دىلودىكى ئىشلىرىڭدا ياخشىلىنىش بولار » دېدى . ئاندى سافۋاتنى خەتنى ئوقۇشقا بۇيرىدى، سافۋات ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

« جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئەمرى بىلەن، زەيىنەب غەززالىغا ئەر مەھبۇسلارغا بېرىلگەندىنمۇ ئېغىرراق جازا ۋە قىيىن-قىستاقلار بېرىلسۇن »

ھەمزە خەتنى سافۋاتتىن ئېلىپ ماڭا تەڭلەپ« ئالە ئالجىپ قالغان، خەتتە نېمە يېزىلغانلىقىنى ئوبدانراق كۆر» دېدى.

"ئوقۇپ بولدۇم "دېسەم "يەنە بىر قېتىم ئوقۇ" دېدى ۋە ئۇلاپلا « قامچا قەيەردە؟» ۋارقىرىدى. خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدۇم ،ئوقۇپ بولۇپ يەرگە پۇرلاپ تاشلىۋەتتىم ۋە « رەببىمىز ھەممىڭلاردىن بۈيۈكتۇر، ئەي ئازغۇنلار، كافىرلار، كۆزۈمدىن يوقۇلۇش! » دەپ ۋارقىرىدىم.

ھەمزە ئىشىك ئالدىدىكى ئەسكەرنى چاقىردى، ئۇ قولىدا كىيىم سومكىسىنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. سافۋات « ساڭا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بېرىمىز، ياخشى ئويلان، چىقىپ كېتىشنىلا ئويلا، مەسىلە ئۆزۈڭگە باغلىق بولۇپ قالدى» دېدى ۋە ئىشكىنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى. ئاللاھقا يالۋۇردۇم، تەۋبە ۋە ئىستىغفار بىلەن ئاللاھنىڭ ئىشلىرىمنى ئاسان قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم.

تەخمىنەن بىر سائەت ۋاقىت ئۆتتى، سافۋاتنىڭ "دىققەت!" دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، ھەمزە كامىرغا كىردى ۋە ماڭا قاراپ « كىيىملىرىڭنى كەيمىدىڭمۇ؟ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ياخشى! ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىۋاتىسەن ،ئۆلۈشنى خالىساڭ مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي، سافۋات! بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەت، بۇ ئۆزىنى سەئىد قۇتۇب ۋە ھۇدەيبى ئۇچۇن پىدا قىلماقچى ئىكەن، ھالبۇكى ئۇلار ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇش كويىدا» دېدى.

سافۋات مېنى شىددەت بىلەن سۆرەپ زىندانىنىڭ تېشىغا چىقاردى، نەچچە كۈندىن بېرى ياتقان كامىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئالىيە ۋە غەدانى ئاۋازىمنى ئاڭلىسۇن دەپ « ئالللاھۇ ئەكبەر» دەپ توۋلىدىم، ھەمزەنىڭ دېگىنىدەك ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى كەلدى دەپ ئويلىغانىدىم.

## تۆتىنچى باپ

## شەمسى بەدىران

سافۋات مېنى شۇ سۆرىگەنچە غەنى ئىسملىك بىر ئوفىتسىرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. غەنى مېنى شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ باردى.

شەمسى بەدىراننى ئادەم دېسەك ، ئادىمىيلىك ئۇقۇمىغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز ، ئۇ ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلاردىنمۇ ئۆتە ۋەھشىي ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەتلا تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق ئادەم قىيناشلا ئىدى . مۆئمىن قېرىنداشلارنى ئۇرۇش ئۇنىڭ خۇشال بولىدىغان ئۇسۇلى ئىدى، ئۇ ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق تەۋھىتچىلەرنى جازالايتتى، ئۇنىڭ نەزىرىدە مۇشۇنداق قەبىھ ئۇسۇللار ئارقىلىق

مۆئمىنلەرنى ئىماندىن ئاجراتقىلى بولاتتى ، بىراق ئۇ خاتالاشقانىدى.

ئۇ بەكمۇ كۆرەڭ ئىدى ، خۇددى پۈتكۈل دۇنيا ئۇنىڭ ئالقىنىدىكىدەك يوغان سۆزلەيتتى .ئۇ مەندىن :" زەينەب غەززالى سەنما؟" دەپ سورىدى. " شۇنداق " دەپ جاۋاپ بەردىم. ھەمزە بەسيۇنى بىلەن شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسى تۇتاش بولۇپ ، شەمسى بەدىران مەندىن سۇئال سورىشىغىلا ئۇ  سادىق غالچا ئىككى ئەسكەرنى ئېلىپ يېنىمدا دىۋەيلەپ ئۆرۈپ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا قامچا بار ئىدى.

شەمسى بەدىران ماڭا مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ :" زەينەب ، خاتىرجەم بولغىن ، كاللاڭنى ئىشلىتىپ ،سەگەكلىك بىلەن جاۋاب بەرسەڭ ، سېنىڭ مەنپەئەتىڭنى چىقىش قىلىمىز، ئەھۋالنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا بولۇپ كېتىشىنى ھەممەيلەن تىلەيمىز، ئەگەر رەئىس ئابدۇناسىرنىڭ يۈزىنى قىلمايدىغان بولسام ،سېنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرىۋەتكەن بولاتتىم" دېدى.

مەن "ئاللاھ خالىغىنىنى ۋە تاللىغىنىنى  قىلىدۇ " دېدىم.

ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ :"ھۇ ئىتنىڭ بالىسى نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ ھۇدەيبى ۋە قۇتۇبلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟" دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمنى بېسىۋىلىپ :"ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى " دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ يەنە ئەخماقلارچە:" قانداق قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى؟" دەپ سورىدى.

مەن يەنە تەكرارلىدىم :" ئىسلامىي قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى "

ئۇ سۇئالدىن توختايدىغاندەك ئەمەس...

-قۇتۇبنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟

-ئۇستاز قۇتۇب ھەق يولىدا كۈرەش قىلىدىغان بىر جەڭچى، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېشىپ بەرگۈچى، چۈشەندۈرگۈچى ، ئىنقىلاپچى ...

-بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىشى ئۈچۈن سۆزلىرىمنى بىرمۇ-بىر قايتا-قايتا دېدىم.

-قۇتۇب ئۇستاز بىزنىڭ يول باشچىمىز، ئىنقىلابچى، ئىسلام يازغۇچىسى، مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئۈممىتى ، ۋارىسى ...

گېپىم تۈگىمەستىن ئۇ غالچىلارغا ئىشارەت قىلىۋىدى ئۇلار يوپۇرلۇپ كېلىپ مېنى باغلىدى.

ئۇ يەنە مۇغەمبەرلەرچە "بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟" دەپ سورىدى.مەن بۇ قېتىم پىسەنت قىلمىدىم.

ئۇ يەنە :" هۇدەيبىنىڭ ۋەزىپىسى نېمە ؟" دەپ سورىدى.

مەن :" ھەسەن ھۇدەيبى ئۇستاز مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئەڭ ئىشىنىدىغان رەھبەر، ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ھەق يولىغا يېتەكلەيدۇ، ئىسلام قانۇنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ..." دەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گوڭدىپاي غالچىلار مېنى قامچىلاشقا باشلىدى.

شەمسى بەدىران غالجىرلارچا ۋارقىراپ :" قۇرۇق گەپ ، ھۇ ئىتنىڭ بالىسى سەن نېمدەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟" دەپ تىللاپ كەتتى .

ھەسەن خېلىل دەيدىغان بىرسى قوپۇپ :" باشلىق ئۇنى سۆزلىگىلى قويۇڭ ، مۇھىم گەپلەر چىققىلى تۇردى" دېدى ۋە كېلىپ مۈرەمدىن تۇتۇپ :"قۇتۇبنىڭ <يول بۇ يەردە> ناملىق كىتابىنى ئوقۇغانمىتىڭ ؟"دەپ سورىدى. "ھەئە ،ئوقۇغان " دەپ جاۋاپ بەردىم .

سوراق جەريانىدا بىر قانچە ئوفېتسىر كىردى ،ئۇلار بىر تەرەپتىن سوراق ئەھۋالىنى كۆزەتكەچ بىر تەرەپتىن ماڭا تەھتىد سالاتتى ،ئولتۇرغان ئوفىتسىرلاردىن بىرسى :" بىزگە بۇ كىتابنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ بەر" دېدى .

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا،قىيامەتكىچە ئەگەشكەن ساھابىلىرىگە سالام يوللايمەن ....

شەمسى بەدىران نۇمۇسسىزلارچە گېپىمنى ئۈزىۋەتتى :" ھۇ ئىتنىڭ بالىسى ئۆزۈڭنى

مەسچىت مۇنبىرىدە تەبلىغ قىلىۋاتىمەن دەپ قالدىڭمۇ ؟بۇ يەرنى خىرىستىيان چىركاۋى دەپ بىلسەڭ بولىدۇ !" دەپ خاپا بولدى .

ھەسەن خېلىل :" باشلىق ، چېچىلماڭ ، زەينەب سەن <يول بۇ يەردە > ناملىق كىتابقا قانداق قارايسەن ؟" دەپ سورىدى.

مەن :" <يول بۇ يەردە> ناملىق بۇ كىتاب ئىجتىھادلىق ، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى ، تەپسىرشۇناس ،ئىسلام ئالىمى سەئىد قۇتۇب ئۇستاز تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئۇستاز بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلارنى ھەق يولنىڭ ئاساسلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دەڭسەشكە، تەۋھىد ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇشقا چاقىرغان. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق يولنىڭ ئاساسلىرىدىن ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاپ كەتكىننى بايقىسا تىزدىن تەۋبە قىلىش، ھەق يولغا ۋە سۈننەتكە قايتىشى كېرەك. ئۇستاز يەنە خەلق ئارىسىدا تارقالغان پۈچەك ،ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي ئاساسىي يوق نەرسىلەردىن چەك-چېگرانى ئايرىشقا چاقىرغان . ئۇنداق بولمىغاندا "قۇرئان كەرىم" نى مۇكەممەل چۈشەنگىلى بولمايدۇ ۋە "قۇرئان كەرىم " دىكى پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلمىغانلىق بولىدۇ. ئەگەر بىر مىللەت "قۇرئان كەرىم "نى ۋە مەقسىتىنى شۇنداقلا مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ ،دىن ئەھكاملىرىغا رىئايە قىلسا بۇلارنىڭ ئەقىدە-ئېتىقادىدا تەۋرىنىش بولمايدۇ. قۇتۇب ئۇستازنىڭ تەشەببۇسىچە، ھەربىر كىشى چوقۇم ئۆزىنىڭ ئىمانىنى دەڭسەپ كۆرىشى، دىن ئەھكاملىرىغا ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىك ،بارلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە چىن پۈتىۋاتامدۇ يوق ئۆزىدىن سوراپ بېقىشى كېرەك" گېپىمنى مۇشۇ يەردە توختاتتىم.

ھەسەن خېلىل، كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن :" پاھ،قالتىس ، ئۇ بىر ناتىقكەنغۇ !" دېدى ۋە مېنى قولغا ئالغاندا ئۆيۈمدىن مۇسادىرە قىلىپ ئېلىۋالغان مۇسۇلمان خانىم قىزلار ئوقۇشلىقى ژورناللىرىنى ۋاراقلاپ، مەن يازغان بىر ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى، ئەمما

شەمسى بەدىران تىزلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ :" بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ گەپلىرىنى پەقەتلا چۈشەنگىلى بولمايدىكەن " دېدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ غالچىلار يەنە قامچا بىلەن مېنى ئۇرۇپ :" باشلىققا نېمە دەۋاتقىنىڭنى ،نېمە يازغىنىڭنى تۈزۈك چۈشەندۈرۈپ قوي " دېدى. ھەسەن خېلىل مېنى قايقانغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قەستەن :" توختاڭ باشلىق ،مېنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر،مۇھەممەد ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسىدۇر دېگەن كەلىمىنىڭ مەنىسىنى بەكمۇ بىلگۇم بار" دېدى .

مەن :"مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بارلىق كىشلەرنى ئادەمگە ۋە نەرسىلەرگە چوقۇنۇشتىن توسۇپ بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان، مانا بۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر،مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر دېگەنلىكنىڭ ئىپادىسى ،مۇھەممەد ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە ئەلچىسى كەلىمىسىگە كەلسەك ، پەيغەمبىرىمىزگە كەلگەن ۋەھيىلەرنىڭ ھەممىسى "قۇرئان كەرىم " ۋە توغرا بولغان نىزاملاردۇر. بۇلار ئىدىيە ۋە ئەمىلىيەت جەھەتتە يۈرگۈزىلىدىغان ھەقىقەتلەردۇر. مانا بۇ تەۋھىت ئەقىدىسىگە بولغان توغرا تونۇشتۇر.

شەمسى بەدىران :"بولدى قىل، تولا بىلجىرلاۋەرمە!" دەپ ۋارقىرىدى ۋە قامچا بىلەن مېنى يەنە ئۇردى. ھەسەن خېلىل سىرتماقنى بوينۇمغا چىگراق سالماقچى بولغاندەك :"باشلىق ،مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ يەنە بىردەم قاراپ باقايلى " دېدى ۋە مەندىن :" ئېيتە قېنى ، بىز مۇسۇلمانمۇ ياكى كاپىرمۇ ؟" دەپ سورىدى.

"بۇنى مەندىن سورىماي قۇرئان كەرىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەشەببۇسلىرىغا سېلىپ ئۆزۈڭنى دەڭسىۋال ،شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ ئىسلامدىن قانچىلىك يىراقتا ئىكەنلىكىڭنى بىلىسەن " دېدىم.

شەمسى بەدىران :"ھۇ ئىتنىڭ بالىسى " دەپ ھۆركىرەپ مېنى قامچىلاشقا باشلىدى ، مانا مۇشۇ ئىشلاردىنلا بۇ نېمىلەرنىڭ پەزىلىتىنىڭ قانچىلىك ناچارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! قامچا تىگىۋاتىدۇ،ئەمما مەن ئۈن چىقارماي تۇردۇم.

شەمسى بەدىران خۇددى ئورمانلىقتىكى ياۋايى مەخلۇقلاردەك ھۆركىرەيتتى ، ئابدۇناسىرنىڭ كونترولىقى ئاستىدىكى بۇ "ئورمان" دە ئادىمىلىكتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.ئۇ بۇ ئورمانغا پەقەتلا قاپاق كاللىسى بويىچە ئىزنىش،ۋە قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ ئورمانلىقنىڭ ھەممە يېرىدە ئادەمنى يۈتىمەن دەپلا تۇرىدىغان ۋاۋۇز چىلبۆرىلەر بار ئىدى.

شەمسى بەدىران سافۋاتقا :" ئۇنى ئېسىپ قويۇڭلار، ئۇرغاننىڭمۇ پايدىسى يوقكەن " دېدى .

سافۋات بىر تۆمۈر لىم ۋە ئىككى ياغاچ قوزۇق ئېلىپ كېلىپ مېنى ئېسىش ئۈچۈن ئۇلارنى قۇراشتۇرۇشقا باشلىدى ، ئۇلارغا يالغۇرماي ئىلاجىم يوق ئىدى :" ماڭا بىر ئىشتان ئەكىلىپ بەرسەڭلار،ئۆتۈنۈپ قالاي " دېدىم . شەمسى بەدىراننىڭ بۇيرىقى بىلەن بىر ئەسكەر تىزلا ئىشتان ئېلىپ كەلدى ،ھەسەن خېلىل شەمسى بەدىرانغا :" باشلىق ،ئەيىپكە بۇيرىماڭ ،ئىچكىرىكى ئۆيدە ئالماشتۇرۇپ چىقسۇن " دېدى. ئىچىدىكى ئۆي تولىمۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەنىكەن، ئائىلە سايمانلىرىمۇ تولۇق بولۇپ ، ھاۋا تەڭشىگۈچ،تېلېۋىزور، رادىئو قاتارلىق ھەممىسى بار ئىدى . ئىشتىنىمنى ئالماشتۇرۇپ بولۇپ يەنە ئۇلارنىڭ يېنىغا چىقتىم ، شەمسى بەدىران مېنى تۆمۈر لىمغا ئېسىشقا بۇيرىدى.ئىككى قول ،ئىككى پۇتۇمنى قانداق باغلاپ ، قانداق ئاسقىنىنى ئۇقمايلا قالدىم .

شەمسى بەدىران سافۋاتنى مېنى 500 قامچا ئۇرۇشقا بۇيرىدى ، قامچا ئۈستۈمگە يامغۇردەك ياغماقتا ،ئەمما بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئالدىدا بېشىمنى ئەگسەم ،ئاللا- توۋا كۆتۈرسەم بولمايتى، پەقەتلا ئاللاھقا يالغۇردۇم.

چىداشلىق بېرەلمىدىم ، قان پۇتلىرىمنى بويلاپ يەرگە ئېقىشقا باشلىدى، شەمسى بەدىران بۇنى كۆرگەندىن كېيىن مېنى چۈشۈرۈشكە بۇيرىدى. تامغا يۆلىنىپ تۇرىۋالاي دېگەنىدىم ئەپسۇس سافۋات دېگەن مەلئۇن يەنە قامچىلاپ مېنى يۆلەنگىلى قويمىدى. ئۇلاردىن مېنى

يەرگە ئولتۇرغىلى قويۇشنى ئۆتۈندۈم ،ئەمما شەمسى بەدىران :" بولمايدۇ ،ئاشۇنداق ئۆرە تۇرسەن ، نېمشقا رەببىڭدىن ياردەم سورىمايسەن، ئۇ سېنى بۇيەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقمىدىغۇ ؟ ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئابدۇناسىرغا يىلىنغىن ، ئۇنىڭدىن ئۆتىنىدىغان بولساڭ ، قانداق مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن " دېدى ، جاۋاپ بەرمىدىم. ئۇ يەنە :" گەپ قىلە، سوئالىمغا جاۋاپ بەر، رەببىڭ قەيەردە؟" دەپ ۋاقىرىدى ، مەن يەنە جىم تۇردۇم ،مەن جىم تۇرغانسىرى ئۇ جىلە بولۇپ تېخمۇ كۈچەپ ۋارقىرايتى. چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ،"ئىھ ئاللاھ ،ئىھ ئاللاھ " دەپ توۋلىدىم ، كېيىن ھوشۇمدىن كېتىپ،يەردە يېتىپ قاپتىمەن ،ئۇلار مېنى مەجبۇرى ئۆرە تۇرغۇزسىمۇ يەنە يېتىپ قاپتىمەن ،شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلاجسىزلىقتىن مېنى شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىدىن ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ.

## سۇ كامىرى

شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئېغىر نەپەس ئالدىم ، پۈتۈن بەدىنىم چېقىلىپ كەتكەندەك ئاغرىيتى . سافۋات مېنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، كارىدوردىن ئۆتكىنىمىزدە ،ھەسەن خېلىل :" سافۋات ئۇنى ئېلىپ كەل ، باشلىق زەينەبنى كۆرىدىكەن " دەپ توۋلىدى.

شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا يەنە كىردىم ،ئۇ يەردە ھەمىدە قۇتۇب خانىمنى كۆردۈم ،ئۇنى تونۇدۇم، ئەمما ئۇ مېنى تونىمىدى ، تاياق زەربىسى ،چارچاش،قورساقنىڭ ئاچلىقى ھەممىسى قوشۇلۇپ مېنىڭ ئاۋازلىرىمنىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

شەمسى بەدىران ئۇنىڭدىن :" ئالدىڭدىكى بۇ ئايال زەينەب غەززالىمۇ ئەمەسمۇ ؟" دەپ سورىدى ، ھەمىدە ماڭا سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن :" ھەئە ،شۇ " دېدى. ئەينى ۋاقىتتا

هەددىېدىن زىيادە چارچاپ كەتكەچكە شەمسى بەدىرانىنىڭ ئۈنىگدىن مېنىڭ مەسىلەمنى سوراۋاتامدۇ ياكى باشقىنىمۇ ئېنىق ئۇقالماي قالدىم ، كېيىن ئۇنىڭ سۇئاللىرىدىن ئەھۋالنى بىلگەندەك بولدۇم ، ئۇ مەن ياتقان كامىرنىڭ ئۇدۇلىدا ياتىدىغان فاتىمە ئەسئەد خانىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراۋاتاتتى، ھەمىدە جاۋاب بېرىۋاتقاندا شەمسى بەدىران مېنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى.

ئازىراق ماڭا-ماڭمايلا يىقىلىپ قالدىم ، سافۋات بىر ئەسكەرگە :" دوختۇر ياردەمچىسى ئابدۇمەبۇدنى چاقىر"دەپ بۇيرىدى . ئۇ بىر قولىدا بوتۇلكا تۇتقان ھالەتتە كەلدى ۋە بوتۇلكىدىكى نەرسىنى ماڭا پۇراتتى ، ئەس-ھۇشۇمغا كەلگەندە ئەسكەرلەر يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى، سافۋات كەينىمدىن "تېز ماڭ!" دەپ قامچىسىنى ئوينىتىپ ماڭاتتى، سەللا ئاستىلاپ قالسام ئارقامدىن تېگىدىغان قامچا قەدىمىمنى تېزلىتەتتى. مەن ئاران تەسلىكتە كارىدورنىڭ بىر ئۇچىغا باردىمىۇ يەنە يىقىلىپ قالدى، ئەمما سافۋات ماڭا قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن قامچا بىلەن كۆچەپ ئۇردى . ئىھ ئاللاھ! بۇمۇ ئادەم بولدىمۇ ؟ ياق ئۇ ئادەم ئەمەس، ئۇ ئىككى پۇتلۇق ھايۋان !

شۇ ئەسنادا كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر قانچە كىشىنىڭ :" سافۋات ئۇنى بەشىنچى كامىرغا ئېلىپ بار، سۇ كامىرغا سولاپ قوي !" دېگەندەك ئاڭلاندى .

ئۇ مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئابدۇمەبۇدنى يارامنى تېڭىشقا بۇيرىدى.

يارامنى تېڭىپ بولغاندىن كېيىن سافۋات كامىرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ،ئىشىكنىڭ كەينىدە ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە كېلىدىغان تۆمۈر رىشاتكا بار ئىدى ،ئۇ مېنى كىيىمىمنى سېلىپ رىشاتكىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشكە بۇيرىدى ، قورقۇپ جايىمدىن بىر قەدەممۇ مىدىرلىيالمىدىم. رىشاتكىنىڭ كەينىدە سۇ تولدۇرۇلغان بىر يەر بار ئىدى ،مەن غەيرىتىمنى يىغىپ سافۋاتقا :" كىيىمىمنى سالمايمەن !" دېدىم.

ئۇ ھېچئىش بولمىغاندەك نۇمۇسسىزلارچە :" بىر قۇر ئىچ كىيىم بىلەنلا كىرىشىڭ كېرەك"

دېدى.

-مەن مۇشۇ بىر قۇرلا تاشقى كىيىم كىيگەن دېدىم .

-ئەگەر سالمايدىغان بولساڭ ، كىيىمىڭنى يىرتىۋېتىمەن ،ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئىتتىك تىغ بىلەن كىيىمىمنى يىرتىۋەتتى ۋە ھۇ ! ئىتنىڭ بالىسى ئىشتانىنىمۇ ساله ، ھامىنى بىر سائەتتىن كېيىن ئۆلىسەن، بۇ ئىشتاننى زايا قىلمىغىن ـ دېدى.

-مەن كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن قايتۇرۇپ بېرەي ئىشتاننى دېدىم.

-نەگە كىرىسەن ؟ بىز سېنى مۇشۇ سۇ كۆلچىكىگە تاشلىۋېتىمىز ،ئەمدى سەن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق.

-ماقۇل ، كەينىڭنى قىلىپ تۇر ، ئىشتاننى سېلىپ بېرەي

ئۇ كەيننى قىلىپ تۇردى ، مەن شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىدا كىيگەن ،ئۇلار ئەكىلىپ بەرگەن ھېلىقى ئىشتاننى سېلىپ بەردىم.

رىشاتكا ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتاتتىم، سافۋات مېنى سەكرەشكە بۇيرىدى ،مەن رەت قىلدىم :" مەن ئۆزۈم ھەرگىز سەكرىمەيمەن، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار،ئاقىۋىتىگە ئۆزۈڭلار ئىگە، مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالمايمەن " دېدىم.

مەن شۇ چاغدا ئۇلار مەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرىۋەتمەكچى بوپتۇ دەپ ئويلىغاندىم، شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال مېنى شۇنداق ئويلاشقا مەجبۇر قىلغاندى. مېنى ۋەھشىيلەرچە قىيناشلىرى، قۇدۇققا سەكرەشكە بۇيرۇشلىرى ... ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن مېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇنداقتا ئۇلار مېنى قۇدۇققا تاشلىۋەتسۇن ، ھەق يولىدا ئۆلۈش نېمىدىگەن شەرەپلىك ، ئىھ ئاللاھ سىزنىڭ يولىڭىزدا قۇربان بولۇشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولىمەن !

غالچىلار مېنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ قۇدۇققا سەكرەشكە قىستىدى، مەن ھەرگىز ئۆزۈم سەكرىمەيتىم، ئۇلار مېنى تاكى مەن يەنە يىقىلىپ يېتىپ قالغۇچە قامچىلىدى.

سافۋات ۋە يەنە ئىككى ئەسكەر بىرلىشىپ مېنى سۇغا تاشلىۋەتتى .كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئۆزۈمنى سۇ ئىچىدە كۆردۇم، ئەسلىدە بۇ قۇدۇق بولماستىن سۇ بىلەن توشقۇزۇلغان كامىر ئىكەن، ئالااھنى زىكىر قىلدىم :" رەببىم! ھەممىنى سىزگە تاپشۇردۇم، مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز، سىزگە تېخىمۇ يېقىنلىششقا نېسىپ قىلىڭ ،ماڭا سەبىر،چىدام-غەيرەت ئاتا قىلىڭ!"

سافۋات مېنى يېڭى - يېڭى ئۇسۇللارنى كەشىپ قىلىپ تۇرۇپ قىينايتى ئۇ مېنى بىر تەرەپتىن قامچىلاپ يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي تىللاپ، مېنى يېتىشقا بۇيرىدى.

-ھەممە يەر سۇ تۇرسا قانداقمۇ ياتىمەن ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ياتمايمەن!

-ھۇ ! ئىتنىڭ بالىسى، ئەمسە ئولتۇرە، نامىزىڭدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇر، سەن ئولتۇرۇشقا بەك ئۇستىغۇ دەيمەن، بەك ئۇزۇن ئولتۇرالايسەن، كارامىتىڭنى بىر كۆرەي، ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېچكىمنى كۆرەلمەيسەن، جامال ئابدۇناسىر "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى"نىڭ ئەزالىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ،تىز ئولتۇر!

ئامالسىزلىقتىن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم، سۇ ئېڭىكىمگە تاقاشتى،سافۋات :" مىدىرلىشىڭغا رۇخسەت يوق، رەئىس سېنى كۈنىگە 1000 قامچا ئۇرۇشنى تاپىلىغان، ساڭا بۇ يەرنىڭ جازا باھاسىنى ئېيتىپ قوياي، مىدىرلىساڭلا 10 قامچا يەيسەن!" دېدى.

ھەددىدىن زىيادە قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، يارىلانغان پۇتۇمنى ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن، ئەمما بۇ مەينەت سۇلار يارامغا تەسىر قىلىپ، ئاغرىق دەستىدىن جېنىمنى ئالاتتى. ئاغرىق ئازابى ئەتراپىمدىكى بۇ مۇھىت، بۇ مەنزىرىنى ئېسىمدىن چىقىراتتى.

سافۋات تىنچلىقنى بۇزۇپ :" ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر ئۇخلاپ قالىدىغان بولساڭ، سېنى قامچا ئويغىتىدۇ ،پەقەتلا مۇشۇنداق ئولتۇرۇشۇڭغا رۇخسەت ،ئىشكتىكى كامارنى كۆرگەنسەن، ئۇ دەل كۆزىتىش كامىرى، ئەگەر ئورنۇڭدىن تۇرىۋالساڭ، مىدىرلىساڭ، ئۇخلاپ قالساڭ قامچىلار شۇ ھامان سېنى يوقلاپ كېلىدۇ، مۇشۇ تۇرغان جايىڭدا، سۇنىڭ

ئوتتۇرسىدا تۇرىسەن، تام تەرەپكە بىرىپ يۆلىنىپ تۇرىۋىلىشىڭىمۇ رۇخسەت يوق، شۇنداق قىلىشقا پىتىنىدىغان بولساڭ ئون قامچا يەيسەن،مۇرەڭنى مىدىرلاتساڭ 5 قامچا، پۇتۇڭنى مىدىرلاتساڭمۇ بەش قامچا،ئورنۇڭدىن تۇرىۋالدىغان بولساڭ 10 قامچا يەيسەن چۈشەندىڭمۇ؟ بۇ يەرنىڭ جازا باھاسىنى بىلىۋالغانسەن؟ قۇتۇب ياكى ھۇدەيبىنى ياردەمگە چاقىرامسەن؟ سەن رەئىس ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدە تۇرىۋاتىسەن ، ئەگەر رەببىڭ سىنى قۇتقۇزمىسا، ئابدۇناسىر دەپ توۋلاپ ياردەم سورىغىن، ساڭا شۇھامان جەننەت ئىشكلىرى ئىچىلىدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟ سىنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ كۆپ تىخى،يىللار تىخى ئۇزۇن، كاللاڭنى سىلكىۋەت، ئەگەر ھۇشۇڭنى تاپساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن باشلىق بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن ، ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى دەپ بەرسەڭلا بولىدۇ، سەن ئالجىپ قالمىغانسەن ھە؟ ئۆزۈڭنى نىمە ئۈچۈن بۇنچە قىينايسەن؟ مۇسۇلمان قىرىنداشلىرىڭ ئۈچۈنمۇ؟ ئۇلارنىڭ سەن بىلەن كارىمۇ بولمىدى، ئەكسىچە بوينۇڭغا سىرتماق سالدى..."

مەن ھىچنىمە دىمىدىم، پەقەتلا كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇردۇم.

ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ:" ئەڭ ياخشىسى ماڭا بويسۇنغىن، گېپىمنى ئاڭلاپ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغىن بولمىسا سەنمۇ ئەتە ئۆلۈكلەر دۆۋىسىنىڭ ئىچىدە ياتىسەن" دىدى.

مەن يەنىلا گەپ قىلماي جىم تۇردۇم، ئۇ جىلە بولۇپ :"ھۇ! ئىتنىڭ بالىسى ، مەن تامغا گەپ قىلىۋاتامدىم، مۆ دىمەمسەن ؟" دەپ ۋارقىرىدى.

مەن يەنىلا سۈكۈتتە تۇردۇم، ئۇ :" مەسىلە ناھايىتى ئاددى، مەن سىنى شەمسى بەدىران جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئاپىراي، ئۇنىڭغا قۇتۇب ۋە ھۇدەيبىنىڭ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ئىيتىپ بىرىشكە قوشۇلغانلىقىڭنى ئىيتاي" دىدى.

ئاچچىغىمدا ۋارقىرىپ كىتىپتىمەن :" مۇسۇلمان قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ھەممەيلەن

گۇناھسىز، ئاللاھ بىزنىڭ ئىنتىقامىمىزنى  چوقۇم ئېلىپ بېرىدۇ، بىزنىڭ كۆزلەيدىغىنىمىز بۇ دۇنيا ھاياتى ئەمەس، بىز ئاللاھ رازىلىقىنى ، ئۇ دۇنيا ھاياتىنى كۆزلەيمىز!"

سافۋات ئەڭ مەينەت، تىلغا ئالغۇسىز، جاھاندىكى جىمى سېسىق گەپلەر بىلەن مېنى تىللاپ ھاقارەتلەپ، سۈت ئىچىپ توپلىغان ئېنىرگىيەلىرىنىڭ ھەممىسىنى سەرپ قىلىپ بولدى. توپتوغرا يېرىم سائەت تىنماي تىللىدى. ئاندىن :" ساڭا بۇ يەرنىڭ جازا باھاسى ئايان!" دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مىدىرلىماي ئولتۇرالمىدىم، ھەرقانداق ئادەم، مەيلى ئۇ قانچىلىك سەۋىر-تاقەتلىك، چىدامچان بولسۇن، بۇنداق مىدىر- سىدىر قىلماي ئولتۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ، بۇ ئېنىقلا ئادەم قىينىغانلىق ئىدى.

قامچا يېيىش، بۇنداق قىينىلىپ،مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرۇشتىن ئەۋزەلرەك ئىدى. مەن قانداق مىدىرلاشنى ئويلاشقا باشلىدىم، ئەگەر پۇتۇمنى سۇنىدىغان بولسام مەينەت سۇ ئاغزىمغا كىرىپ كېتىدۇ، ئەڭ ياخشى چارە تۇرۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ھېسابىغا 10 قامچا يېيىش ئىدى. " ئىھ ئاللاھ، ئۆزىڭىز بار! " ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئەسكەرلەر ئۇخلاپ قالغان بولسا كېرەك، بامداتقا ئېيتىلغان ئەزاننى ئاڭلىدىم. تامغا قولۇمنى سۈرتۈپ،تەيەممۇم قىلدىم، تەييار سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغاندىكىن، تاھارەت ئالامسەن دەپ قېلىشىڭلار مۇمكىن،بۇ سۇ بەكلا مەينەت، ئۇنىڭدا تاھارەت ئېلىشقا بولمايتتى، شۇنداق قىلىپ بامداتنى ئوقۇدۇم.

كامىر ئىشىكى ئېچىلىپ گۇندىپاي ئەسكەرلەر كىرىپ كەلدى ۋە قامچىلىرىنى باش -كۆزۈمگە ياغدۇرىۋەتتى، ئامالسىز يەنە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئىچىمدە توختىماي "ئاللاھ مەن بىلەن بىرگە" دەپ پىچىرلايتتىم، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ، ئەمما قانداق تىز مۈگدىگەن بولسام مەينەت ھەم سېسىق سۇ مېنى يەنە شۇنداق تىز ئويغىنىشقا مەجبۇرلايتتى.

بىر كېچىدە سامبۇ دېگەن ئەسكەر ئاز دېگەندىمۇ بەش قېتىم كېلىپ ئۇرۇپ چىقىپ

كېتەتتى، مىدىرلىسام بولمايتتى، مىدىرلىساملا قامچا يەيتىم.

## جىنايەت

بىر كۈنى سەھەردە سافۋات كەلدى، ئۇ مېنى سۇ كامىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ ، شۇنىڭ يېنىدىكى بىر كامىرغا سولىدى، كىرىپلا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرىۋالدىم، تام شۇ ۋاقىتتا ماڭۇق ياستۇقتىنمۇ راھەت بىلىنىپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىم يارا ، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ قورسىقىمنىڭ كوركىرىشى مېنى بىئارام قىلاتتى. جىمى ئەزايىم قىمىرلاپ چۇقان سېلىنىۋاتقاندەك ماڭا ئارام بەرمەيتى.

سافۋات ئېگىز بوي، قارامتۇل بىرسى بىلەن كامىرغا كىرىپ كەلدى، ئۇ كىشىنىڭ قولىدا قامچا بولۇپ، توختىماي ئويناپ، خۇددى مېنى ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق ھەركەتلىرىنى ئىشلەۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى.

سافۋات ئۇنىڭغا :" جىنايەتچىلەر سادىر قىلىدىغان ھەر قانداق جىنايەت بىلەن ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلساڭ بولىۋىرىدۇ،ئەگەر قارشىلىق قىلسا قامچىلا " دەپ چىقىپ كەتتى.

ئاللاھتىن بۇ قېيىن ئۆتكەلدىن قۇتۇلدۇرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ كەتتىم.بۇ قارامتۇل كىشىنىڭ ئاۋازى دۇئايىمنى توختاتتى،ئۇ :" ئاچا!" دېدى . ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ بايىقى يېقىمسىز تەلەتى ئۆللىپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ پەس ئاۋازدا :" ئاچا ،قورقماڭ، ئۇلار تېرەمنى تەتۈر سويىۋەتسىمۇ سىزگە زىيان يەتكۈزمەيمەن" دېدى.

"بالام، ئاللاھ سىزنىڭ ئەجرىڭىزنى بېرىدۇ، سىزنى توغرا يولغا باشلايدۇ" دېدىم.

شۇ ئارىدا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ ،سافۋات ئېتىلىپ كىردى ۋە ئۇ ئەسكەرنى ئۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە تىل-دەشناملار تۆكۈلۈپ تۇراتتى :"ھۇ ئۆلگۈر، ئىتنىڭ بالىسى، ئۆلگۈڭ كەپ قاپتۇ-دە،سېنى ھەربىي ئىشلار سوتىغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغان بولسام، جامال

ئابدۇناسىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سېنى شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ سوراق قىلىپ ، سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىشتىن بۇرۇن،ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇش لايىھەسىنى تۈزىۋال!" دەپ چىقىپ كەتتى ۋە تىزلا يەنە كۆزىتىش كامىرىدىن :"ساڭا بىر سائەت ۋاقىت بېرىمەن، بىر سائەتكىچە مەسىلەڭنى ئويدان ئويلان، قايتىپ كېلىپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمەن!" دېدى.

بۇ ئەسكەر كامىر ئىچىدە تۇرۇپ :"خوپ، باشلىق " دېدى.

مەن ئاللاھتىن بۇ ئەسكەرنى ھىدايەتكە باشلىشنى تىلىدىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بۆرە تېرىسىنى كېيىشىدىن ئەنسىرەيتتىم، ئەمما بۇ ئەسكەر ياخشىكەن ، باتۇركەن، تولىمۇ ساددىلىق بىلەن مەندىن :" ئاچا، ئۇلار نېمىشقا سىزنى بۇنداق قىينايدۇ؟" دەپ سورىدى.

مەن :" چۈنكى بىز ھەق يولىغا دەۋەت قىلغۇچىلار، بىز بۇ دۆلەتنى ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىمىز، ھەرگىزمۇ شەخسي مەنپەئەتىمىزنى ئويلاپ باققىنىمىز يوق" دېدىم.

بۇ چاغدا پىشىنگە ئەزان چىقتى،مەن تەييەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم، ئۇ ماڭا :" ئاچا، ماڭا دۇئا قىلىپ قويۇڭ" دېدى، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ھىدايەت تىلەپ دۇئا قىلدىم، ئۇ :" ئاچا، مېنىمۇ ناماز ئوقۇشقا نېسىپ قىلىشنى تىلەپ قويۇڭ،سىلەر ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەس،ئاللاھ ئابدۇناسىرنىڭ سەلتەنەتىنى يىقىتقاي" دېدى .

-سىز تاھارەت ئېلىشنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىدىم.

-ھەئە بىلىمەن، بۇرۇن نامازنى تاشلىماي ئوقۇيتۇم، ئەمما ئۇلار كۆرۈپ قالسىلا زىندانغا تاشلايدۇ.

-سىزنى زىندانغا سولىسىمۇ، ناماز ئوقۇشىڭىز كېرەك، ئاللاھ سىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ

ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ :"مەنمۇ ناماز ئوقۇي ئەمسە" دېدى.بۇ چاغدا يەنە بىر ئەسكەر ئىشىكنى تاراڭشىتىپ :" ھۇ ئىتنىڭ بالىلىرى، نېمە قىلىشىۋاتىسەن؟" دېدى.

قارامتۇل ئەسكەر :" خانىم، نامىزنىنى ئوقۇپ بولالمىدى" دېدى.

ئىشىك سىرتىدىكى ئەسكەر :" سافۋات كېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا سېنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى ئوبدان بىر كۆرسىتىپ قويىمسام " دېدى.

سافۋات غالجىرلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ياۋايى هايۋاندەك ئېتىلىپ كىردى، ۋە ئۇ ئەسكەرنى تاكى ئۇ هوشىدىن كەتكۈچە ئۇردى، يەنە بىر قانچە گۇندىپاي ئەسكەر كىرىپ هوشىدىن كەتكەن قارامۇتۇق ئەسكەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مېنى دەپ جازالانغان بۇ ئەسكەر ئۈچۈن شۇنداق كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقايسىز، بۇ قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرغايسىز.

مەن ئازابـ ـﻪ ـنى ئۇنتۇغان هالدا ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇم.

## سۇ كامىرىنىڭ دائىملىق "مېهمىنى" بولۇش

كۈن پېتىشى بىلەن مەلئۇنلار ئاجايىپ جانلىنىپ كېتىدۇ-دە، يېڭى- يېڭى نۇسخىدىكى قىيناشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.كەچ كىرەي دېگەندە ئۇلار مېنى سۇ كامىرىغا  يەنە سولاپ قويدى، قورسىقىم ئېچىپ تارتىشىپ ، گېلىم قۇرۇپ، ئاۋازلىرىم پۈتۈپ، يارىلىرىمۇ قىيناۋاتاتتى. ئىشقىلىپ پۈتكۈل جىسمىم ۋە روهىم ئازاب چېكىۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۈشۈمدە قاپقارا كىيىم كىيىۋالغان، يانچۇقىغا لىق ئۈنچە-مەرۋايىت قاچىلىۋالغان ،قولىغا تۈرلۈك ـنازۇ نېئمەتلەر ،مىۋە-چىۋە سېلىنغان كۈمۈش پەتنۇسنى كۆتۈرىۋالغان بىر كىشى كەلگۈدەكمىش، ئۇ تائاملارنى يەپتىمەن ،يەپتىمەن ، تازا جىق يەۋاتقاندا ئويغىنىپ كەتتىم ، ئويغىنىپ قورسىقىمنىڭ ئاچمىغىنىنى ، ئۇسسۇزلۇقۇمنىڭمۇ بېسىقىپ قالغانلىقىنى هېس قىلدىم.ئاللاهقا سانسىز شۈكۈرلەر ئېيتتىم.

كەچتە يەنە شۇ سۇ ئىچىدە چىلىنىپ تۇردۇم، ئۈچىنچى كۈنى سەهەردە سافۋات

كىردى، ئىشتىنىنى تۈرىۋېتىپ سۇغا كىردى ۋە مۇرەمدىن سىلكىپ تۇرۇپ :" قاچانغىچە جاھىللىق قىلماقچىسەن ؟ بىزنىمۇ بەكلا تويغۇزىۋەتتىڭ، سەن قۇتۇب ۋە ھۇدەيبىلەر بىلەن ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى قانداق پىلانلىدىڭ؟ ئۇ ئىككىسى ساڭا قاچان ئابدۇلفەتتاھنىڭ قول سېلىش ۋاقتىنى ئېيتىپ بەردى ؟" دەپ سورىدى.

ئۇنىڭغا :" ئەزەلدىن سەن دېگەندەك ئىشلار بولۇپ باققان ئەمەس" دېدىم ، ئۇ مېنى تىللىغىنىچە چىقىپ كەتتى .

ئالاھەزەل بىر سائەتلەردىن كېيىن ئۇ يەنە كەلدى، قولۇمدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ،سۇ كامىرىنىڭ يېنىدىكى كامىرغا سولاپ قويدى، بۇ كامىردا قانداق جازالارنىڭ مېنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىپ ماڭا ياردەم قىلىشنى ،ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلاپ قېلىشنى تىلىدىم.

سافۋات بىر ئوفىتسىر بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىكەن، سافۋات ماڭا :" باشلىق سەن بىلەن پاراڭلاشماقچىكەن ،ھۇ! ئىتنىڭ كۈچىكى " دېدى .

ئۇ ئوفىتسىر سافۋاتنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرىدى ۋە ماڭا :" ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلاپ قويغىن، بۇ يەردىكىلەر ئاللاھقا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ، تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغان ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلەمسەن ؟ ئۇ ئېتىپ تاشلاندى، بۈگۈن ئۇلار چەبدەس بىر گۇرۇپپا "پالۋان"لارنى سېنى كۈتۈشكە ئەۋەتمەكچى، ئۇلار سېنى نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىشىڭ كېرەك، سەن ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى قىل، ھەسەن ھۇدەيبى ۋە قۇتۇب ئەركىشى بولغانىكەن ، چوقۇم ئۆز جىنايىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

مەن ئۇندىمىدىم، مەن ئۇلارنىڭ بۇنداق قىستاشلىرىدىن، تەھدىتلىرىدىن بىزار بولغانىدىم. مېنى يەنە قانداق قىينىيالايتتى؟ ھەممە قىيىن-قىستاقلىرىنىڭ تەمىنى تېتىپ بولغان تۇرسام.

بۇ ئوفتسز مەقستگە يېتەلمدى، يېڭىلدى، ئەمما يېڭىلگىنىگە تەن بەرگۈسى كەلمەي،سافۋاتقا :" ئۇ ئۆلسمۇ ئۆزپىكرىدىن يانمىغىدەك، ئۇنىڭغا قانداق قول سالغۇڭ كەلسە شۇنداق قىلغىن!" دېدى .

سافۋات ئالدىمغا دىۋەيلەپ كېلىپ :" ئابدۇناسىر بىر توپ جان ئالغۇچى ئەزرائىلنى ئەۋەتتى، ئۇلار سېنى قىيما-چىيما قىلىۋېتىدۇ، شۇ چاغدا نەگە قاچىسەنكىن قېنى ؟" دەپ ۋارقىرغىنىچە كېتىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن ئۇلار مېنى يەنە سۇ كامىرىغا سولاپ قويدى، سۇ كامىرىدا يەنە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدۈم. مانا مۇشۇ رەۋىشتە ئۇلار مېنى ئۇ كامىردىن بۇ كامىرغا يۆتكەپ تۈرلۈك-تۈمەن قىيىن- قىستاقلارغا كۆمۈۋەتتى.

## يىرتقۇچلار بىلەن بولغان جەڭ

بەدىنىمنىڭ ساق يېرى قالمىدى، يۈرىكىم ئازابقا تولدى، بۇمۇ ئادەم ئېرىشىدىغان مۇئامىلىمۇ؟ بۇمۇ ئادەم قىلىدىغان ئىشمۇ ؟ بۇ مەخلۇقلارمۇ ئادەم بولدىمۇ؟ ئۇلار گەپ قىلالايدۇ، كۆرەلەيدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ،ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ماڭالايدۇ، بىراق مەنچە ئۇلار ئادەم ئەمەس، ئۇلار پەقەت غەيرى ئالۋاستىلاردۇر،ئۇلار مېنى سۇ كامىرىدىن يەنە باشقا كامىرغا يۆتكىدى. سافۋات مېنى كۆرسىلا ئۇراتتى، بۈگۈنمۇ ئۇرۇپ بولۇپ :" بۈگۈن ساڭا قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىر كۆرۈپ قوي" دەپ چىقىپ كېتىپ،بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ھەمزە ۋە ئىككى ئەسكەر بىلەن كىرىپ كەلدى.

ھەمزە كىشىنىڭ ئەقلىگىمۇ سىغمايدىغان ئەڭ پەسكەش گەپلەر بىلەن تىللاپ :" ھۇ ئىتنىڭ بالىسى، ئەڭ ياخشىسى ھەممىنى ئىقرار قىل،ھۇدەيبى بىلەن قۇتۇب ئىقرار قىلىپ بولدى، ئابدۇلفەتتاھمۇ ئاللىبۇرۇن جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ بولدى. بىز ھەممە ئىشنى ئېنىقلاپ بولدۇق، بىز ئۇلارنىڭ ئىقرارىدىن بىلدۇقكى، ھۇدەيبى ساڭا ئابدۇناسىر دېگەن كافىرنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ دەپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسىلىسىنى تاپشۇرۇپ قۇتۇلۇپ قالدى، سەنلا ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ قېرىشۋاتىسەن، سېنىڭ ئاغزىڭدىن بىزگە لازىملىق گەپنى قانداق ئالىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ قالىسەن ، زادى دەمسەن دېمەمسەن؟" دەپ ۋاۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.

ئۇ سافۋاتقا :" سافۋات،بۇيرۇقنى ئىجراق قىل" دېدى ۋە سافۋاتنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئەسكەرنى كۆرسىتىپ :" ئەگەر بۇلارنىڭ قايسىسى بۇيرۇققا بويسۇنماي بويۇنتاۋلىق قىلىدىكەن، ئۇدۇل مېنىڭ ئىشخانامغا ئېلىپ كەل" دېدى .سافۋات ئۇلارنىڭ بىرىگە :" كامىر ئىشكى تاقالغاندىن كېيىن ئاۋال سەن قىل، ئاندىن ئىككىڭلار تەڭ قىلىڭلار،

چۈشەندىڭلارمۇ؟" دەپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ئەسكەر ماگدا زىيانكەشلىك قىلغۇسى يوقلىقىنى، ئۇلار بىلمەكچى بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىشىمنى، ئەگەر بۇيرۇققا بويسۇنمىسا ئۆزىنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى دېدى.

"ماگدا يېقىنلاشما، ئەگەر ماگدا يەنە بىر قەدەم يېقىنلىشىدىغان بولساڭ، سېنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆلتۈرىۋېتىمەن " دەپ كۈچۈمنىڭ بارىچە ۋارقىراپ قارشىلىق كۆرسەتتىم.

ئۇ ئەسكەر بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ماگدا يېقىنلىششقا باشلىدى، نەدىن كەلگەن كۈچكىن تاڭ، ئىككى قولۇم بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى كۈچەپ سىقىۋالدىم، ۋە "ئاللاھۇئەكبەر"دەپ توۋلىدىم ۋە ئۇنىڭ كېكىردىكىنى چىشلىۋالدىم، ئۇ پۈتۈمنىڭ ئالدىغا يىقىلىپ ،ئاغزىدىن كۆپۈك ياندى، ئۇنى يىقىتتىم، ئەمما بەك كۈچەپ كەتكەچكە بەدىنىمدىكى يارىلار ئېچىشىپ، ئاغرىپ كەتتى .

ئاللاھ ماگدا كۈچ بەردى ،شۇ سەۋەپ بۇ مەلئۇن ئۈستىدىن غەلبە قىلالىدىم، بۇ بىر كەسكىن جەڭ بولدى، ھەقىقەت رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كەلدى، قۇدرەت ئېگىسى ئاللاھقا سانسىز شۈكۈرلەر بولسۇن، ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان شېرىكى يۈگۈرەپ كىرىپ قورقۇپ كەتتى، ئۇلار مەغلۇپ بولغانىدى، زىندانغا سولانغان، قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان، ئەمما ھەق يولىدىن يانمىغان ئاللاھنىڭ قۇلى غەلبە قىلدى.

ئاللاھىم، رەھمەت ۋە ئېھسانىڭىز نېمە دېگەن چەكسىز. سىز رەببىمىزسىز ، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئېگىسى سىز.سىز كۆرۈپ تۇرىۋاتىسىز، ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتقان مۆئمىنلەر تاجاۋۇزغا ئۇچرىماقتا، ئۆلتۈرۈلۈش نىشانى بولماقتا. ئەمما زەپەر ھەر ۋاقىت ئاللاھتىن قورققانلارنىڭدۇر!

ئىشىك ئېچىلىپ رەھىمسىزلەرنىڭ سەركىسى ھەمزە بەسيۇنى كىردى، ئۇنىڭ كەينىدىن قۇيرۇقتىن ئەگىشىپ سافۋات ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى كىردى. ئۇلار يەردە ياتقان ، ئاغزىدىن كۆپۈك يېنىپ ، نەپسى توختاپ،تاتىرىپ كەتكەن قول چوماقچىسېنى كۆرۈپ

ھەيرانلىقتىن گەپ قىلالماي قالدى، پەقەتلا بىر-بىرىگە چۈشىنىپ بولمايدىغان نەزەردە قارىشىپ ، جەسەتنى ئېلىپ كەتتى ۋە مېنى سۇ كامىرىغا سولاپ قويدى.

## چاشقان بىلەن ئادەم قىيناش

مەن ئىزچىل سۇ كامىرىدا تۇردۇم، ئالتىنچى كۈنى سەھەردە ئاندىن مېنى باشقا كامىرغا يۆتكىدى. بۇگۈن نېمە "يېڭىلىق"لار مەيدانغا چىقار دەپ جىددىيلىشىشكە باشلىدىم.

ھەممىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردۇم، ۋە توساتتىن بىر نەرسىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. تەپسىلى قارىسام تۆشۈكتىن خۇددى بىرسى قويۇپ بەرگەندەك بىر توپ چاشقانلار چۈشۈۋاتاتتى. قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم. « ئىنسان ۋە شەيتانىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن، تىلىگىنىم يول ۋە شەكىل بويىچە مېنى بۇ يامانلىقتىن قۇتقۇز» دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ تەكرار-تەكرار دۇئا قىلدىم. ۋە تەييۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم، ئوقۇپ بولۇپ مىدىرلىماي ئولتۇرۇپ ئەسىرگە ئەزان چىققاندا ئاندىن يەنە ئەسىر ئوقۇدۇم.

سافۋات كىردى، بۇ چاغدا چاشقانلار ئاللىقاچان قېچىپ بولغان بولۇپ، كامىر ئىچىدە بىر ئىككى تاللا چاشقان بار ئىدى، سافۋات ئەتراپقا قاراپ بۇ مەنزىرىدىن بەكمۇ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئامالسىزلىقتىن تىللاپ .نەچچىنى قامچىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن مېنى يەنە سۇ كامىرىغا سولاپ قويۇشتى ،بىردەمدىن كېيىن رىياد بىلەن سافۋات كىردى.

رىياد مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش پىلانلىرىنى سورىدى.

« دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى پىتنە ۋە تۆھمەت، تەشكىلاتىمىزنىڭ مەقسىتى پەقەتلا قۇرئان كەرىمنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئۆگىنىش، ئىسلامنى چۈشىنىدىغان ۋە

ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەۋلاد تەربىيلەش ۋە ئىسلامىي ھاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىش » دېدىم.

رىياد:« سەن مۇشۇنداق جاھىللىق قىلساڭ، بۇندىن كېيىن ئازابىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ھازىرغىچە كۆرگەنلىرىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ئۈچۈن مۇقەددىمە خالاس » دەپ چىقىپ كەتتى. مەن يەنە سۈنىڭ ئىچىدە قالدىم.

مۇشۇ رەۋىشتە سەككىز كۈن ئۆتتى، مەن بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم، تىنىم كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ، كۆرگەن ئادەمنىڭمۇ قورققىنىنى كەلتۈرگىدەك ھالغا كېلىپ قالدىم.

توققۇزىنجى كۈنى رىياد ۋە سافۋات يەنە بىر ئوفىستىر بىلەن كەلدى. ئۈچىسىدا مۇراسىم كىيىمى بار ئىدى. مېنى سۇدىن چىقىرىپ تەھدىت سېلىشقا باشلىدى:« بۇ ئاخىرقى قېتىم بولغۇسى، ئۆزەڭنى قۇتقۇزۇشىڭ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسىتى، يا ئىقرار قىلىسەن يا ھاياتىڭنى ئاخىرلاشتۇرىسەن»

ماڭا باشقا تاللاش يوق ئىدى، يا ئۇلارنىڭ خالىغىنىدەك تۆھمەتلەرنى ئۈستۈمگە ئالىمەن ياكى ئۆلتۈرىلىمەن، ئۇلارمۇ مەندىن قۇتۇلىدۇ. رىياد سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :« سەن جەھەننەم رەببىمىزنىڭ دەرگاھىدا بار دەپ ئويلايسەن، ھالبۇكى جەھەننەم بۇ يەردە، ئابدۇناسىرنىڭ يېنىدا، ئابدۇناسىرنىڭ جەننىتىمۇ رەببىڭلار سىلەرگە ۋەدە قىلغاندەك خىيالى جەننەت ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇتتۇر.» دېدى.

﴿ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى بۇ بوھتانلىرىدا ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن چىققان سۆزلەر نېمىدېگەن چوڭ! ئۇلار پەقەت يالغاننىلا ئېيتىدۇ.﴾ { سۈرە كەھف 5-ئايەت}

ئۇلار مېنى سۇ كامىرىدىن ئەپچىقىپ يانىدىكى كامىرغا سولاپ قويىدى، بۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلدىم، ناماز ئۇقۇۋاتاتقىنىمدا،مۇراسىم كىيىمى كىيگەن ئوفىتسىر ئون نەچچە ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى، ئارقىدىنلا ھەمزە، سافۋات

ھەممىسى بىللە كىردى. سافۋات ھەمزىگە« بۇيرۇقىڭىزنى كۈتىۋاتىمىز باشلىق،بۇنى قانداق قىلىمىز؟» دېدى.

ھەمزە بولسا ئەسكەرلىرىگە قاراپ « نېمە ئىچتىڭلار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار ھەممىسى بىردەك « چاي » دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ھەمزە « سافۋات! بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر بوتۇلكىدىن شاراپ ۋە نەشە ئەكىلىپ بەر چەكسۇن، نېمە يېسە شۇنى بەر؟ئاندىن بۇ خوتۇننى ئۇلارغا تاپشۇر، ئىشنى پۈتتۈرسە ھەممىسگە مۇكاپار بار » دېدى ۋە ھەممىسى ئىشكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى.

ئەسىر نامىزنى ئۇقۇۋاتاتتىم،سافۋات ئېتىلىپ كىرىپ قولۇمدىن سۆرەپ يەنە سۇ كامىرىغا سولاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئارقىدىنلا رىياد كېلىپ كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئەلپاز بىلەن:" زاھىد بولماقچىمۇ سەن ؟ سەن ئۈچۈن تەييارلىغان ئەسكەرلەر بۈگۈن دوختۇرخانىغا كەتتى، ئەتىلا كېلىدۇ. دوختۇرخانىدا ئۇلارغا بىر خىل ئوكۇل ئۇرىدۇ،ئۇندىن كېيىن ھەممىسى غالجىر ئىتلارغا ئايلىنىدۇ ۋە سېنىڭ گۆشۈڭنى يەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئابدۇناسىرنىڭ بۇيرۇقى، ئۇ سېنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيدۇ نەسىھەت قىلىشتىن تويدۇق، زېرىكتۇق، ئاغزىمىزنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتەي دەپ قالدى، زاھىد بولماقچى ئوخشايسەن؟ جاۋاب بەر! نېمە گەپ قىلمايسەن؟ سافۋات، قامچا قەيەردە؟ "دەپ توۋلىدى.

سافۋات قامچىلاشقا باشلىدى، رىياد ئۇنى تېخىمۇ كۈچەپ ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

- سافۋات تازا ئۇر! سەن زادى نېمە قىلماقچى؟ ئۆلۈمىڭدىن 30 يىل كېيىن كىشىلەر مەسچىتتە ساڭا ئاتاپ بىر قەبرە قوپۇرۇپ ،ئەس سىجنۇل- ھاربىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن زەيىنەب غەززالى مۇشۇشۇ دەيدۇ؟ ئەمما ئابدۇناسىردىن، قولىمىزدىن قۇتۇلالمايسەن، ساڭا نېمىلەرنى قىلغىنىمىزنى ئىنسۇ-جىن بىلمەيدۇ.

ئۇنىڭ بۇ تەپەككۇرىغا قاراپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدۈم. ۋە:

- سەن دېگەندەك بولغان بولساق، ئاللاھ بىزنى يامانلىقىڭلاردىن ساقلىماس ئىدى.
جازالىرىڭغا قارشى سەبىر ۋە قارشىلىق كۆرسىتەلمەس ئىدۇق، ھەر قايسىڭىز گېپىنى قىلغان ئابدۇناسىرنىڭ جەھەننەمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن بولاتتۇق. بىز پەقەت ئاللاھتىن ھەقىقەتىنلا تەلەپ قىلىمىز ، ئۇنىڭ رازىلىقىدىن باشقا ئارزۇيىمىز يوق. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن بىركۈنى سىلەرگە قارشى زەپەر قۇچىمىز، گۆشلىرىمىزنى پارچە-پارچە قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان مەخلۇقلارنىڭ چىشىنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىرىنىمۇ قويماي يۇلىۋېتىدۇ.
رىياد سافۋاتقا«سافۋات داۋاملىق ئۇر، قارا ئۇنىڭ نۇتۇق سۆزلەپ كەتكىنىنى » دېدى.
سافۋات تېخىمۇ كۈچەپ ئۇردى ۋە رىيادقا « باشلىق، ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، ئەتە بېشىغا نېمە كۈنلەر كېلىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ » دەپ، ھەر ۋاقىتتىكىدەك سۆزغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىشكىنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.
شۇ چاغدا قانچىلىك قىينالغىنىمنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ، يارىلىرىم تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ،پۈتۈن بەدىنىم چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم.
ئاھ بىچارە دۆلىتىم، بۇ ھۆكۈمرانلار قىممەتلىك پىكىر-قاراشلارنى چەتكە قېقىپ، قانۇن-نىزىملارنى بۇزىۋاتىدۇ! يەكسان بولىۋاتقان بۇ دۆلەتنى ئويلاش چۈشكۈنلۈكۈمنى ۋە ھەسرىتىمنى كۈچەيتىسمۇ يارا ئازابىمنى ئۇنتۇلدۇردى.
بىلمەن، بېشىمغا كەلگەن بۇ قەبىھلىك باشقىلارنىڭ بېشىغىمۇ كېلىۋاتىدۇ ۋە كېلىدۇ.
پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشتىن-ئاخىرى ئەس سىجنۇل ھارىبى بولۇپ كەتكەنلىكىنى خىيال قىلدىم. خىيالىمغا باشتا ھەمزە بەسيۇنى، سافۋات، رىياد ۋە خانخور شەمسى بەدىران كەلدى. پۈتۈن مەملىكەتكە بۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ئىدى. ھەمزە، سافۋات، رىياد، شەمسى بەدىران...

بىچارە دۆلىتىم! ياق، بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ.بۇ زىمىندا يەنە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىشەنگەن، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە ۋىرىسلىق قىلغان، « ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر » كەلىمىسىگە ئىشەنگەن كۆرەشچان ياشلارمۇ ھەم بار .بۈگۈن بىز كەتسەك، بىزدىن كېيىن تەۋھىد تۇغىنى كۆتۈرىدىغان ئەۋلادلار يەنە كېلىدۇ. ھامان بىركۈنى يەر يۈزى ۋە مېنىڭ يۇرتۇممۇ ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن زۇلمەتتىن قۇتۇلىدۇ. بارلىق ئىنسانلار قاھھار ( ھەممە ئىشنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى ) ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ئۈچۈن، قۇلچىلىق كۈنلۈكىنىڭ ئاستىغا توپلىنىدۇ.

مۆھتەرەم كىتابخانلار، مەسلىنى تەپسىلىيراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىرنىڭ ۋەزىيىتىدىن سۆز ئېچىشىمغا ئىجازەت بەرسەڭلار!

ئەينى ۋاقىتتىكى مىسىر قانداق ھالەتتە ئىدى؟ ھاياتلىق ۋەيران قىلىنغان، زۇلمەت باسقان، كەڭ كۆلەملىك تۇتۇش،قىرغىن قىلىش، سۈرگۈن قىلىش ئەۋج ئالغان.

يازغۇچىلار، پەيلاسوپلار، ناتىقلار، ئوفىسىرلار ھەتتا ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىسىنىڭ جېنى خەۋپ ئىچىدە قالغان؛ قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممىسى ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ ياشاۋاتقان؛ ھەممىسى ھەرقاچان، ھەرزامان، مۇستەبىتلەر خالىغانلىكى ۋاقىتتا قامچا يەۋاتقان، دارغا ئېسىلىۋاتقان، ئىتقا تالىتىلىۋاتقان...

توققۇزىنجى كۈنى ئەتىگەندە سافۋات زىندان چىقاردى ۋە كۆزلىرىدىن تەھدىت ئۇچقۇنلىرنى چاقنىتىپ « مۇپەتتىشنىڭ يېنىغا بارىمىز، تارتقان ئەرزىيەتلىرىڭ يېتەر ئەمدى، ئەمدى ئۆزەڭنىڭ غېمىنى قىل، سەندىن نېمىنى تەلەپ قىلغىنىمىزنى ئوبدان بىلىسەن، نېمە دەيدىغانلىقىڭنى ھېلى كۆرىمىز » دېدى ۋە مېنى قوپاللىق بىلەن سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

مەن :« ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن، كىيىملىرىم يىرتىق، ماڭا بەدەنلىرىمنى ياپقۇدەك بىر قۇر كىيىم بەر » دېدىم.

ئـۇ « هــازىرلا ئەكىلىــپ بېــرىمەن، ئەممــا ســەن ســەئىد قۇتــۇپ بىــلەن هۇدەيبىنىــڭ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈپ، هاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانىنى يازىسەن » دېدى.

مەن:« ياق، بۇ ئۇخلاپ چۈشۈڭ »دېدىم.

ئۇ « ئۇنداق بولسا مۇشۇنداق ماڭ، مۇسـۇلمانلىقىڭ ساڭا يـاردەم قىلسـۇن، مۇسـۇلمانلار سېنى مۇشۇ هالەتتە كۆرسۇن » دېدى.

-ئاللاھ مېنى ياپىدۇ دېدىم.

ئۇ يەردىن چىقىپ ھەربى ئىشلار بىناسىغا كىردۇق، ئىشىكى ئوچۇق بىر ئىشخانىنىڭ ئىچىدە بىر ئۈستەل، ئۈستەلنىڭ يېنىدا بىـر كىشـى تۇرغـانىكەن، كېـيىن بىلـدىمكى ، ئـۇ كىشىنىڭ ئىسمى جېلىل ئەددىيىب ئىكەن. ماڭا بىلىپ بولماس بىـر نەزەردە قارىـدى، بـۇ كىشى قارىماققا ۋەزىيېتىنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايدىغاندەك تۇراتتى. قولى بىـلەن مېنـى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى ۋە سۆزىنى باشلىدى، ئۇنىڭ گەپلىرى كىشىنى بىئارام قىلاتتى.

- سىز مەشھۇر مۇسۇلمان ئايال زەينەب غەززالى شۇنداقمۇ؟ نـېمە سـەۋەبتىن بـۇ هالغـا چۈشـۈپ قالـدىڭىز؟ بـۇ هـالىڭىزنى ياقتۇرامسـىز؟ مەنمـۇ بىـر مۇسـۇلمان، ياخشـىلىقنى تەشــەببۇس قىلىمەن،بـۇ يەرگە ســىزنى قۇتقـۇزۇش ئۈچـۈن كەلـدىم، ئىســمىم ئەسـئەد فەخرىدىن ،مۇپەتتىش مەھكىمىسىدىن. زەينەب غەززالىنـى، مېنىـڭ ئالـدىمغا بـۇ رەۋىشـتە كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن،سىزنىڭ مەن بىلەن ئوبـدان ماسلىششـىڭىزنى، ئـۆزىڭىزنى بۇيەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

- ئــاللاھ بىــلەن قەســەمكى، ئــاللاھ رازى بولىدىغانــدىن باشــقا بىــر نەرســىلەرنى سۆزلىيەلمەيمەن.

ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرگەن هالدا:

- نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

- 1917-يىلى 1-ئاينىڭ 2- كۈنى تۇغۇلغان.

- ۋاي خۇدايىم،مەن  سىزنى تېخى 90 ياشلاردا بارمىكى دەپتىمەن، ئۆزىڭىزنى قانداقسىگە بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز؟

-« ئېيتقىنكى، ‹ بىزگە پەقەت ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان نەرسىسى يېتىدۇ، ئۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىزدۇر، مۆئمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسۇن› .يەنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئەھەدىگە يۆلەنمىسۇن.» (سۈرە تەۋبە 51-ئايەت)

- سۆزلىگۈدەك دەرمانىڭىزنىڭمۇ يوقلىقى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئابدۇلفەتتاھ بىلەن نېمىشقا بىرلەشكەن ئىدىڭىز؟

- ياشلارغا ئىسلامنى ئۆگىتىش، قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسلىرىنى ئۆگىتىش، جامائەتنى ھەر تۈرلۈك يامانلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا خىزمەن قىلىش ئۈچۈن بىرلەشكەن.

- مېنىڭ نۇتۇق ئاڭلىغۇم يوق، سورىغىنىمغا جاۋاب بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھۆدەيبى سىزگە بىر بۇيرۇق بەرگەن،ئارقىدىن سەئىد قۇتۇبقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يەنە بىر بۇيرۇق بەرگەن ،بۇ بۇيرۇقلارنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ سۇئالنى خېلى چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قويدۇمغۇ دەيمەن.

- ئۇستاز ھۇدەيبىيدىن ئىبىن ھەزىم نىڭ ‹ ئەل مۇھاللا › ناملىق فىقھى كىتابى،ئىبنى ۋاھابنىڭ ۋە ئىبنى تەيمىيەنىڭ شۇنداقلا سەئىد قۇتۇبنىڭ بەزى كىتابلىرى بىلەن قۇرئان تەفسىرى ۋە فىقھ كىتابلىرنى ئۆيۈمدە ياشلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشىمىزغا رۇخسەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدىم، بۇ ياشلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇفەتتاھ ئىسمائىلمۇ بار ئىدى.

ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلكە بىلەن:

- ياق، زەينەب خانىم، بۇنداق ئەمەس، مەسىلە ئايدىڭلىشىپ بولدى، ھەقىقى ئەھۋالنى ئىقرار قىلىپ ئۆزۈڭىزنى قۇتقۇزۇڭ.

- بارلىق مەقستىمىز سالىھ بىر ئەۋلاد مۇسۇلمان جامائىتى تەربىيلەش.

- سىزدىن باشقا ھەممىسى ئېتىراپ قىلدى، مەسئۇلىيەتنى سىزگە ئارتىپ قويدى، ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتىڭ !

- ھەممىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئىنشائاللاھ مېنىمۇ، ئۇلارنىمۇ قۇتقۇزىدۇ، باتىل ئىش قىلىپ قېلىشتىن ساقلايدۇ.

ئۇ ئاچچىقلىنىپ بۆرە تىرىسىنى كىيگەن ھالدا:

ياق، ئۇنداق ئەمەس، قارىغاندا ماڭا ئۆزۈڭنىڭ نۇتۇق كارامىتىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپسەندە؟! ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ، تەپتىش مەھكىمىسى سېنى ھېچنىمە قىلالماسمۇ؟

گەپ قىلغۇدەك ھالىم يوق بولسىمۇ:

- پەقەتلا ھالىم قالمىغانىدى، ئەمما زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىككە چىداپ تۇرالمىغانلىقىم ئۈچۈن سۆزلەۋاتىمەن. مۇپەتتىش مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ قانداق ئىشلاردا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىۋالغاي...

ئۇ غەزەبلىنىپ سۆزۈمنىڭ بىلىگە تەپتى:

- ئاغزىڭنى يۇم! تەپتىش مە ھكىمىسىنى بىرنىمە دېيىشكىمۇ پېتىنىۋاتىسەن،مۇشۇ يەرگىمۇ زەھەرلىك تىلىڭنى تەككۈزىۋاتىسەن.

ئۇ ئاچچىقتىن يېرىلاي دەپ قالغانىدى، ئىشىك ئالدىدىكى سافۋاتنى چاقىرىپ:

- سافۋات، بۇنىڭغا ياخشىلىق ياراشمايدىكەن،تەپتىش مەھكىمىسىگىمۇ تىل تەككۈزدى،ئۇنىڭ تەپتىش مەھكىمىسگە قىلغان ھاقارىتىنى خاتىرە قالدۇرۇپ يۇقىرىغا يوللايمەن.

سافۋات مېنى تارتقۇشلاپ تۇرۇپ :" ئۇنى قانداق قىلىمىز باشلىق " دەپ سورىدى.

ئۇ ئادەم ئويلىنىپ ئويلانمايلا :" سۇ كامىرىغا سولاپ قوي " دېدى.

شۇنداق قىلىپ سۇ كامىرىغا يەنە قايتىپ كەلدى ، سافۋاتنىڭ قامچىسى يەنە باش-

كۆزۈمدە ئويناشقا باشلىدى.

ئۇ ئۆز كۆڭلىدە مېنى ئۇرۇش ئارقىلىق باشلىقلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋاتاتتى.

﴿ مۇشرىكلارنىڭ خۇدانى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان بۇتلىرىنى تىللىماڭلار، ئۇنداق قىلساڭلار ئۇلار بىلمىگەنلىكتىن ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك ھەر بىر ئۇممەتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىنى چىرايلىق كۆرسەتتۇق، ئاندىن ئۇلارنىڭ قايتىپ بارىدىغان جايى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، يەنى ياخشىغا مۇكاپات بېرىدۇ، يامانىنى جازالايدۇ.﴾ {سۈرە ئەنئام 108-ئايەت}

## قامچا ۋە قاڭسىق تاماق

ئۇنىنچى كۈنى سافۋات مېنى سۇ كامىرىدىن ئەپچىقىپ ئىككى ئەسكەرگە مېنى ئۈچىنچى نومۇرلۇق زىندانغا ئاپىرىشنى تاپىلىدى. ئۇ ئىككىسى مېنى ئۈچىنچى نومۇرلۇق كامىرغا سولاپ قويدى، جەسەتتەك يەرگە يىقىلدىم. بەدەنلىرىم تاياق ۋە سۇنىڭ تەسىرىدىن توپتەك ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، يۇرىكىم قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى، شۇ جايىمدا قىمىرلىماي ياتتىم، ئاھ ئۇرغۇدەك ھالىمۇ قالمىغانىدى، ھەممە ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم.

شۇ يىقىلغانچە يەردە قانچە ئۇزۇن ياتقىنىمنى بىلمەيمەن. سىرتتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ ھوشۇمغا كەلدىم. بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ماردىم. "مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكى " بىر توپ ياشلار ئۇزۇن سەپ ھاسىل قىلىشقانىدى. ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن تەخسە، تەخسىلەرنى ئەسكەرلەرگە ئۇزارتىپ تۇرۇشقان ئىدى، ئەسكەرلەر بولسا تەخسىگە چۆمۈچ بىلەن بىر نەرسىلەرنى ئۇسسۇۋاتقان ھەم قامچا بىلەن كىمگە نۆۋەت كەلسە شۇنى ئۇرىۋاتقان ئىدى. ئەسكەرلەر ئىككى رەت

بولغـان بولۇپ،مۇسـۇلمانلار ئۇلارنـىڭ ئوتتۇرىـدىن ئـۆتەتتى، بـۇ سـەۋەبتىن ھەر بىـر مۇسۇلمان بىر قاچا تاماق ئېلىش ئۈچۈن قامچا يېيىشكە مەجبۇر ئىدى. تۇيۇقسىز بىر ئەسكەر مېنىڭ ماراۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى- دە زىندانغا ئېتىلىپ كىرىپ بار كـۈچى بىـلەن تـازا قامچىلىدى، قاتتىق سىمونت ئۈستىدە تامامەن ھوشۇمنى يوقاتتىم.

قانچىلىـك ۋاقىــت ئـۆتتىكىن سـافۋاتنىڭ مېنـى دۆشكۈشلەشـلىرىدىن ئويغانــدىم، ئۇنىڭ يېنىدا تەخسە كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىر ئەسكەر تۇراتتى.

تەخسىدە قاپقارا،سۇيۇق بىرنىمە لىغىرلاپ تۇراتتى، قاچىدىن يەنىلا شۇ بۇرۇنقىـدىن قاڭسىق پۇراق چىقىۋاتاتتى، بۇ پۇراققا بەرداشلىق بەرمەك بەسى مۈشكۈل بىر ئىش.

سـافۋات« بـۇنى ئىـچ، ئىچمىسـەڭ ئـون قامچـا يەيسـەن » دېـدى، مەن « مـاقۇل » دېدىم. ئاندىن يېنىدىكىلەرگە « ئون مىنۇت ۋاقىت بەر، ۋاقىت توشقاندا كىرىپ يـېگەن، يېمىگەنلىكىگە قارا، يېمىگەن بولسا قـامچىلا » دەپ تـاپىلاپ ئىشـىكنى قۇلـۇپلاپ چىقىـپ كەتتى. ئاياق تىۋىشلىرى يوقاپ، يىراققا كەتكەنلىكىگە ھۆكـۈم قىلغانـدىن كېيىن، ئـۇنى ئەدىيالنىڭ ئاستىغا تۆكىۋەتتىم، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئەسكەر كېلىـپ تامـاق قاچىسـىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ مەن يەنە بىر مۇدھىش كېچىنى باشتىن كەچۈردۈم.

ئون بىرىنچى كۈنى سەھەردە، سافۋات مەجبۇر ئىسمىلىك ھەربى فورما كىيگەن بىـر دوختۇرنى باشلاپ كىردى، دوختۇرنىڭ يېنىدا ئابدۇمەبۇد دېگەن ياردەمچىسى بـار ئىـدى. پۇتلىرىمـدىن ئېقىۋاتقـان قـان، يىرىڭنـى ۋە بەدىنىمنىـڭ ئىششـىپ كەتكىنىنـى كـۆرگەن دوختۇر ياردەمچىسـىگە « پۇتىـدىكى يىرىڭنـى سـىق، يـارىلىرىنى تـاڭ » دېـدى. ئانـدىن سافۋاتقا دوختۇرخانىغا ئېبرىشىم كېرەكلىكىنى دېدى. شۇنداق قىلىپ ئىككـى ئەسـكەرنىڭ نازارەتچىلىكىدە دوختۇرخانىغا(باشقىلار بۇ يەرنى مال دوختۇرخانىسى دەپ ئاتىشـىدىكەن) كەلـدۇق، دوختۇرخانىــدا بىــر كــۈن تــۇرۇش جەريانىــدا بىرئــاز يېــنىكلەپ قالــدىم،

ئىسكەنجىدىن قۇتۇلغىنىمدىن ئەمەس، مۇھىت ئالماشتۇرغىنىم ئۈچۈن يىغلىۋېتىپ قالدىم، دوختۇرخانىدا ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ ئاللاھقا شۈكرى ئېيتتىم، يارىلىرىمنىڭ بىرئاز ياخشى بولىشىغىچە دوختۇرخانىدا قالدۇرىشىنى تەمەننا قىلدىم ۋە بۇ گۈزەل خىياللار بىلەن كۆڭلۈمنى بىردەم بولسىمۇ ئاھۇندۇردۇم.

بىراق بۇ ھايات ! شۇنداق، ھايات! رەھىمسىزلەر كېلىپ خىيالىمنى يوق قىلدى، ئاچچىق ھەقىقەتكە ، شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئاپاردى، ماڭغۇدەك مادارىم يوقتى، ئەمما نېمە چارە؟ ئارقامدىن كېلىۋاتقانلار قامچىلىرى بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى، قەدەملىرىم ئاستىلاپ قالسا پۇتلىرىمغا، بەدەنلىرىمگە قامچا تىگەتتى، مەن يېرىم يولدا يىقىلىپ قالدىم. بىر ئەسكەر يەردە سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى، ئۇلار نۆۋەتلىشىپ سۆرەپ شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

ئۇ مېنى كۆرۈپلا سافۋاتقا ۋارقىراشقا باشلىدى،ئۇنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ، قوۋزىلىرى كۆپۈپ، ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ  تۇردى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى مۇشۇك ياپىلاققىلا ئوخشايتى . ئۇ بارمىقى بىلەن مېنى كۆرسىتىپ « ئاس بۇنى، بەش يۈز قامچا ئۇر » دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بۇ نېمىدىگەن ۋاۋۇزلۇق؟ بۇ ۋاۋۇزلۇقنى شەمسى بەدىران ئۆزى كەشىپ قىلىۋاتىدۇ.

دېگەندەك ئۇلار مېنى ئېسىپ قويدى،سافۋات يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ باشلىقىنىڭ پەرمانىنى ئورۇنداشقا باشلىدى،بەش يۈز قامچا، شۇنداق، بەش يۈز قامچا، ماڭا ياردەم قىل ئاللاھىم!

شەمسى بەدىران بولسا « ئاللاھ دېگىنىڭ قەيەردە؟ بولسا سېنى قۇتقۇزسۇن، ئابدۇناسىردىن ياردەم سورىغان بولساڭ سېنى قۇتقۇزاتتى، ھازىرلا » دېدى.

مۆئمىن بىر ئىنسانىنىڭ ئاغزىدىن چىققۇسىز كۇفۇرلار، ئىسيانلار، كاشكى قول ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىچۇ بۇ زالىم، بۇنداق گەپلەرنى قىلماس ئىدى.

قامچىلاشمۇ ئاخىرلىشىپ يەرگە چۈشۈرۈلدۈم، ئەمما قانداقمۇ ئۆرە تۇرالاي؟ پۇتۇمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ. شەمسى بەدىران ئورنۇمدا تۇرۇپ قەدەملەپ مېڭىشىنى بۇيرىدى. بىردەمدىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە ھېرىپ كەتكەنلىكتىن تامغا يۆلىنىۋالماقچى بولدۇميۇ،تۇرالماي يىقىلىپ يېتىپ قالدىم.سافۋات مېنى تارتقۇشلاپ تۇرغۇزدى ئەمما يەنە يىقىلىپ يېتىپ قالدىم.

بۇ ۋاقىتتا ئەس سىجنۇل ھارىبنىڭ مەخلۇقى ھەمزە بەسيۇنى كىردى ۋە مېنى كۆرۈپلا « باشلىق ئۇ ئويۇن قويىۋاتىدۇ » دېدى، شۇ ھامان ھوشۇمدىن كەتتىم.

ئۇلار دوختۇر چاقىرىپ كېلىشتى، قولۇمدا ئوكۇل مېڭىۋاتاتتى، بىر ئىستاكان لىمون سۈيى بەردى، ئىچتىم.

شەمسى بەدىران:

- كۆرىۋاتىسەن،جاھىللىق قىلىش ساڭا ھېچ پايدا ئېلىپ كەلمەيدۇ، بىز تەلەپ قىلغاننى دەپ بەر،بولمىسا سېنى ئىككىچى قېتىم يەنە ئاسىمەن، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىم ، ھەتتا 100- قېتىمغىچە ئاسىمەن .سەن گۇۋاھلىق بەرمىگۈچە بۇ ئىشلار داۋاملىشىدۇ، بىزنى ھېرىپ قالامىكىن ياكى بولدى قىلارمىكىن دەپ ئويلاپ قالما، پەقەتلا ساڭا پۇرسەت بېرىۋاتىمىز، چۈشىنىۋاتامسەن؟ سېنى تىرىك پېتى كۆمۈشتىن بىزنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ.

- ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن.

ئۇ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

- بۇ ئۇسلۇپ بىلەن، بۇ شەكىلدە ماڭا گەپ قىلما، بۇلارنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

ئارقىدىنلا ھەسەن خېلىل ئىسمىلىك كىشى مېنى يۇمشىتىپ قويدى :

-خانىم، ياخشىراق ئويلاڭ،ئۆزىڭىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، "مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى" دىكى ھېچكىم سىزنى قۇتقۇزالمايدۇ،ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كويىدا،ئۆزىنى

قۇتقۇزۇشنىڭ ئويىدا.

ئۇ بۇگەپلەرنى دېگەچ قەغەز- قەلەم ئەكىرگۈزۈپ:

- سافۋات، بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپار، ئۇ يەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ سۈيىقەستنى قانداق پىلانلىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن قانداق تونۇشقانلىقىنى، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى قانداق پىلانلىغانلىقىنى ، ۋە ئۆزى تونۇيدىغانلىكى ھەممە مۇسۇلمان ياشنىڭ ئىسمىنى يازسۇن، دېدى.

دوختۇخانىغا بارغۇچە سافۋات كەينىمدىن تېز ماڭ دەپ تەھدىت سېلىپ كەلدى، ئەمما ماڭالمايتىم، ئايىقى چىققان كىچىك بالىدەك دەلدەڭشىپ ، ئالدىرماي مېڭىۋاتاتتىم، تېز ماڭالمىغانسىرى سافۋاتنىڭ ۋەھشىيلىگى تۇتاتتى، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قوياتتى ۋە بۇ پۇتۇڭنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق دەيتى. دوختۇرخانىغا قانداق كەلگىنىمنى، يولنى قانداق ماڭغىنىمنى بىر ئالالاھ بىلىدۇ. ئاخىرى دوختۇرخانىغىمۇ كەلدۇق، قولۇمغا قەغەز بىلەن قەلەمنى بېرىپ « نېمە يازىدىغانلىقىڭنى بىلسەن، پەلسەپە خالمايمەن، ياز ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى، يالغانچىلىقلارنى، ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش پىلانىنى ياز، چۈشەندىڭمۇ؟ » دەپ ئىشكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

قوللىرىم ئىششىپ، قەلەم تۇتقۇدەك، خەت يازغۇدەك مادارىم يوق ئىدى، بىر خەتمۇ يازمىدىم، سافۋات قەغەزنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدى. قەلەمنىڭ قەغەزگە تەگمىگەنلىكىنى كۆرۈپ « قەلەمنى يەنە ساڭا قويۇپ قويىمەن، ئۆزۈڭنى قۇتقۇز، چۈشەندىڭمۇ؟» دەپ يەنە چىقىپ كەتتى.

بار كۈچۈم بىلەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ يېزىشنى باشلىدىم، ئۈچىنجى كۈنى ھەمزە بەسيۇنى كېلىپ، قەغەزلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھۇشۇمدىن كېتىش، ھۇشۇمغا كېلىش دېگەندەك ئىشلار تەكرارلىنىپ يەنە ئىككى كۈن ئۆتتى. ئەمما بىرخىل ھالەتتە تۇرالمايتىم،تۇرسام پۇتۇم ئاغرىيدۇ، ياتسام بەدىنىمدىكى يارىلار ئاغرىيدۇ.

ئەتىسى سافۋات مېنى ئىككى ئەسكەر بىلەن شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى، بىر توختاپ،بىر مېڭىپ ، سافۋاتنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قەدەملەپ مېڭىپ كەلدىم. شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم،ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ قەغەزلەرنى پارچە-پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى، ئاندىن « ھۇ ئىتنىڭ بالىسى،بۇرنۇڭغا سۇ كىرمىدىمۇ؟ نېمە ئۇ يازغىنىڭ ؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپلەر،ھەمزە، بۇنى يەنە ئۇر !» دېدى.

ھەسەن خېلىل بىلەن ھەمزە مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا « باشلىق،ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئىتلارنىڭ يېنىغا ئاپىرايلى» دېيىشىگە شەمسى بەدىران سافۋاتقا ئىتلارنى بۇ يەرگە ئەكىلىشنى بۇيرىدى، سافۋات قۇيۇن تازدەك يۈگرەپ چىقىپ كېتىپ ،ھايالشمايلا ياردەمچىسى بىلەن بىردىن ئىتنى يېتىلەپ كىردى. ئىككى ئىت ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى،كۆزلىرىمنى يۇمۇپ « ئىھ ئاللاھ، ئەرزىيەتنى يەتكۈچە تارتتىم، تېخىمۇ ئېغىرىنى بەرمىگەيسىز» دەپ دۇئا قىلدىم، ئىتلار بەدىنىمنى تالاشقا، نە ئۇدۇل كەلسە شۇ يەرنى چىشلەشكە باشلىدى. ئاۋالقى تاياق يەتمىگەندەك پۈتۈن بەدىنىم ئوت بولۇپ يېنىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن ئىت، بىر تەرەپتىن شەمسى بەدىران ھاقارەتلىرىنى داۋام قىلدى، ئىتلار ئۈچ بولدى، ئىككىسى بەدىنىمنى چىشلىدى، سافۋات بولسا ھاقارەتلەپ جېنىمنى سىقتى.

ئىتلارنىڭمۇ كار قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن شەمسى بەدىران ئىتلارنى ئېلىپ كېتىپ قامچا بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرىدى.

دوختۇر كېلىپ يارامنى كۆردى ۋە شەمسى بەدىرانغا « باشلىق،رۇخسەت قىلسىڭىز تاياقنى ئەتىگە قويسۇن، بۈگۈن ئەھۋالى يار بەرمەيدۇ » بۇنى ئاڭلىغان شەمسى بەدىران ھەمزىگە « ئۇنى 24-نۇمۇرلۇق كامىرغا ئاپىرىپ سولاپ قوي، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا كەلگەيسەن » دېدى.

24- نۇمۇرلۇق كامىرغا ئەكىردى ،بۇرۇن بۇ كامىرغا كىرىپ باقمىغان ئىكەنمەن، مېنى ئۇرە

تۇرۇشقا بۇيرىدى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمدىكى مەنزىرىگە قاراپ ھەيرانلىقتىن تۇرۇپ قالدىم، 24- نومۇرلۇق بۇ كامېرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆيىۋاتقان ئوت يالقۇنى، تۆت تەرىپىدە بىردىن ئەسكەر، ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىردىن جاننى كۆيدۈرىدىغان قامچا. ئەسكەرلەردىن بىرسى مېنى ئوتقا يېقىنلىششقا بۇيرىدى، ئوتتىن سەللا يىراقلاشسام مېنى قامچىلايتى،قايسى ئەسكەرنىڭ يېنىغىراق كېلىپ قالسام شۇ ئۇراتتى ئوت زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش ھەرتەرەپتىن مېنى چىرمايتى، ئوت يالقۇنلىرى قولۇمنى، ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرەتتى، ئىككى سائەتكىچە مۇشۇ ھالەتتە تۇردۇم.

ھەمزە كېلىپ ۋارقىراپ- جارقىراپ « ياز، جامال ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش پىلانلىرىڭنى ياز، بولمىسا مۇشۇ ئوتقا ئىتتىرىۋېتىمەن، كۆيۈپ ئۆلىسەن »

ئۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن بىر قارىدىم،ۋارقىراي دېدىم ئاۋازىم چىقمىدى، يىغلاي دېدىم ياش چىقمىدى. بۇ قىيىن- قىستاقلار مېنىڭ بەرداشلىق بېرىش چېكىمدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ھۇشۇمدىن كەتتىم، كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم.

# بىر مەيدان ئويۇن

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇلار مېنى دوختۇرخانا ياتىقىدىن يالاپ ئېلىپ ماڭدى،ئىشىك سىرتىدا بىر توپ مۇخپىرنىڭ رەسىمگە تارتىش ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇرغىنىنى كۆردۈم،ئۇلار مېنى بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ ،پۇتۇمنى مىنگەشتۈرۈپ،تاماكا چىشلەپ تۇرۇشقا بۇيرىدى. مۇشۇ ھالەتتە رەسىمگە تارتقۇدەكمىش.

" بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىرىنچىدىن مەن تاماكىغا قولۇمنى تەككۈزمەيمەن، ئىككىنچىدىن تاماكا چەكمەيمەن" دېدىم، ئارقىمدىن قورال تەڭلەپ،تاماكىنى ئالسەن دەپ تەھدىت سالدى، "قولۇڭدىن كەلگەننى قىلىش، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن" دېدىم.

قامچا بىلەن ئۇرۇپ، تاپانچىنى مېڭەمگە تەڭلەپ تۇرۇپ يەنە قىستىدى، ھېچقانداق قىلىپ مېنى بويسۇندۇرالماي، مۇنداقلا بىر قانچە پارچە رەسىمگە تارتقۇزدى.

ئىككىنچى كۈنى مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا قارشى تېلېۋىزوردا لىكسىيە سۆزلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن :" ئەگەر تېلېۋىزوردا لىكسىيە سۆزلىسەم ، جامال ئابدۇناسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا، ئىسلامغا قارشى چىققان بىر خائىندۇر ! ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنى چەتكە قاقتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى چىقىمىز،ئۇ قۇرئان كەرىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى قالاقلىق، ئەكسىيەتچىل دىنى ھەرىكەت دېدى. ئۇ شىمالنىڭ قانۇن-نىزاملىرى ۋە ئاتئىزىم تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى،ئۇ بىر دىنسىز،بىز شۇڭا ئۇنىڭغا قارشى چىقتۇق!» دەيمەن دېدىم.

ئۇلار" بىز ساڭا نېمە دېسەك، بىز نېمىنى تەلەپ قىلساق شۇنى سۆزلەيسەن، كەينىڭدىن تاپانچىنى تەڭلەپ تۇرىمىز، شۇ چاغدا دېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي "دېدى.

« تۈنۈگۈنمۇ سىلەر قورالنى تەڭلەپ تۇرغان، مەن تاماكىنى تۇتمىدىم، ئاغزىمغىمۇ

سالمىدىم،ھېچنىمە قىلالمىدىڭلارغۇ؟ مۇخپىرلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇردى، بۇگۈن مېنى يالغان سۆزلەتكۈزمەكچىمۇ؟ ياق ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز قۇرئان ئۈممەتلىرى "دېدىم.

ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مېنى يەنە ئۇرۇپ، كامىرغا سولاپ قويىدى.

ئۆزۈمدىن بېرى كاللامغا بىر سوئال كېلىدۇ، ئۆز-ئۆزۈمدىن سورايمەن ئەمما جاۋابىنى تاپالمايمەن.

ئەسلىدە تۇتۇلغىنىمغا نىسبەتەن بىر گۇناھىم بولىشى، كونكېرت بىر گۇناھتىن تۇتۇلغان بولىشىم كېرەك ئىدى، جامال ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغانلىقىمنى، ھەتتا بۇ ئىشلارنى مېنىڭ پىلانلىغانلىقىمنى بارلىق تەپسىلاتلىرى بىلەن ئېنىقلاپ چىقتۇق دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مېنى بۇ ئىشلارنى ئېتىراپ قىلىشقا زورلايدۇ. گۇناھ ۋە گۇناھكار ئېنىق بولسا مەندىن نېمىشقا بۇنداق يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ئۆزلىرى ئويدۇرغا جىنايەت ئۈچۈن مەندىن نېمىشقا دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ؟ بۇ تۇتۇشلار، بۇ ۋەھشى قىيىن-قىستاقلار باشقا بىر مەقسەت ئۈچۈن شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئىسلامغا جەڭ ئېلان قىلىش ۋە دىنى ئەھكاملارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟

ئۇلار مېنى يەنە شەمسى بەدرانىنىڭ يېنىغا ئاپاردى، مېنى كۆرۈپلا ھەيران بولغان قىياپەتكە كىرۋېلىپ « ۋوي! سەن تېخىچە ھاياتمۇ؟ ھەمزەگە ئۆلۈكنى ئەكەل دېمىدىممۇ؟ » دېدى.

ھەمزە ئۆزۈر تىلىگەندەك قىياپەتتە « باشلىق، كەچۈرۈڭ، يول كۆرسەتسكەيسىز، بەجا كەلتۈرۈشكە تەييارمەن » دېدى.

شەمسى بەدىران ماڭا:" يازە " دېدى.

« ھەقىقەتتىن باشقا بىر نەرسە يازمايمەن، خالىساڭ ئۆلتۈرىۋەت، ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇشقا رازىمەن» دېدىم.

ھەسەن خېلىل سۆزگە ئارىلىشىپ « ساڭا بۇ شېھىدلىكنى نېسىپ قىلمايمىز » دېدى. «

شېھىدلىكىنى ئاللاھ نېسىپ قىلىدۇ، ئۇ خالىغىنىنى بېرىدۇ » دېدىم. جاۋابىم ئۇنىڭ زىتىغا تەگكەن ئىدى، سافۋاتقا:"يەنە بەش يۈز قامچا ئۇر، ئۇ ئۆزىنىڭ خۇداسىنىڭ ھازىر كىملىكىنى ئوبدان بىلىۋالسۇن " دېدى. ئۇ مەلئۇنلار مېنى ھەقىقەتەن بەش يۈز قامچا ئۇردى.

ھالسىزلانغان، قان-يىرىڭ ئىچىدە قالغان ئىنسان 500 قامچىدىن كېيىن قانداق بولماقچىدى؟ ئۇلار ئۇرۇپ بولۇپ، سۆرەپ كامىرغا ئاپىرىپ قويۇشتى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا ئاپاردى، شەمسى بەدىران ئۇستەلنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ: « ئولتۇرە، سەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى تاشتىن يارالغان، ،سىزىمىنى يوقاتقان دەپ قالغانسەن، سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن ئەمىلىيەتتە بىزمۇ تەسىرلىنىمىز، مېنىڭ داداممۇ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىشقەدەملىرىدىن بىرىدۇر » دېدى. ئۇنىڭغا مەنىستمەسلىك نەزىرىدە قارىدىم، ئۇ بۇ قارىشىمدىن تېرىكىپ يەنە غالجىرلاشتى ۋە « ھەمزە، ئۇنى 32- نۇمۇرلۇق كامىرغا ئاپار » دېدى.

بۇ كامىرنىڭ ئىچىدە 2 تال تۆۋرۈك ۋە ئۇستىدە يەنە توغرىسىغا قويۇلغان ،تۆمۈر ھالقىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر ياغاچ بار ئىكەن. دېمەك بۇ دار ياغىچى ئىدى، مېنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ مەجبۇرلاپ ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىگە چىقىپ،ھالقىغا ئېسىلىپ تۇرۇشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئېسىلىشىمغا ئورۇندۇقنى ئېلىۋەتتى ،مەن ھاۋادا ئېسىلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئون مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتۈم، رەھىمسىزلەر يەنە قامچا بىلەن ئۇرۇپ يەنە شۇنداق ئېسىپ قويدى،يەنە يىقىلدىم،يەنە ئاستى، بۇ خىل قىيناش تەخمىنەن ئۈچ سائەت داۋاملاشتى.

# ھەقنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە باتىلنىڭ رەزىللىكى

ئـۇلارمېنى يەنە شەمسـى بەدىرانىنـىڭ ئىشخانىسـىغا ئېلىـپ كەلـدى، شەمسـى ئولتۇرۇشـقا بۇيرىـدى، ئانـدىن جېلىـل ئەددىيـب ۋە ھەسـەن خېلىلىنـىڭ مېنـى يېزىشـقا مەجبۇرلىغانلىرىنى يېزىشقا بۇيرىدى.

ئۇلارغا « بىلمەيدىغان ھېچنىمنى يازمايمەن » دېدىم. ئۇ « ھەممنى بىلدۇق، مۇسـۇلمان قېرىنداشلار ھەممنى ئېتىراپ قىلدى، ئۇنىڭغا ئارخىپلارنى ئوقۇپ بەر » دېدى.

« ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، مەجىـد ئابـدۇلئەزىز، ئەھـمەد ئابدۇلمەجىـد، سـەئىد قۇتـۇب، مـۇھەممەت ھەۋۋاش، سـەبرى ئـارافە، ئابدۇلمەجىـد ئاشىشـازەلى، فەرۇخ ئەل مىنشـاۋى، مۇرسى مۇستافا» لارنىڭ ئارخىلىرىنى قايتـا-قايتـا ئوقـۇدى، جېلىلـل ئەد دىيـب، ئەلـى ئاشـماۋىنىڭ دېگەنلىرىنـى ئۇقـۇدى،ھەيرانلىقتىن چۆچـۈپ كەتـتىم، ئاخىرىـدا شەمسـى بەدىران بېشىنى لىڭشىتىپ ، كۆزلىرىدە ئىشارەت قىلىـپ تـۇرۇپ « ئەمـدى بۇلارغـا نـېمە دەيسەنكىن؟» دېدى

« بۇنىڭ ھەممىسى يالغان ۋە تـۆھمەت» دېـدىم. ئـۇ يەنە « مۇسـۇلمان قېرىنداشـلارنىڭ سۈيقەستىنى ئاستىرتتىن باشقۇرىۋاتقانلىقىڭنى ئەمـدىغۇ ئېتىـراپ قىلارسـەن؟ بـۇ ئىشـنىڭ ئارقىسىدا سېنىڭمۇ بارلىقىڭ ئېنىڭ بىلىنىـپ تۇرۇپتـۇ. جېلىـل، ھۇدەيبىنىـڭ سـۆزلىرىنى ئوقۇ! » دېدى.

جېلىل ئوقۇدى، بىرئازدىن كېيىن شەمسى بەدىران « خوش، بۇنىڭغـا نـېمە دەيسـەن؟» دەپ سورىدى، جاۋاپ قايتۇرمىدىم، ئاندىن جېلىلغا قـاراپ « مۇسـۇلمان قېرىنداشـلارنىڭ يېتەكچى ئۇستازى بولغان سەئىد قۇتۇبنىڭ سـۆزلىرىنى ئوقـۇ » دېـدى، جېلىـل بىرىنـىڭ كەينىدىن بىرنى ئۇلاپ ئوقۇپ ،ھەممىسىنىڭ ئىقرارنامىلىرىنى ئوقـۇپ بولـدى. تۈگـگەنـدە شەمسى بەدىران يەنە سورىدى:

- بۇنىڭغا ئەمدى نېمە دەيسەن؟ تەلەپ قىلغانلىرىمىزنى يازامسەن ياكى؟

- ياق، بۇنىڭ ھەممىسى يالغان.

ئەمىسە قايسى راست؟ سەن زامانىمىزنىڭ پەيلاسوپى بولغاندىكىن دەپ باقامسەن؟

- سۆزلەرنىڭ ئورامىغا قارىغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەلى ئاشماۋىنىڭ ئاغزىدىن چىققان،ئەمما ئىشىنىمەنكى ئۇمۇ چوقۇم مەجبۇرلانغان، باشقا قېرىنداشلارمۇ ھەق يولىنىڭ تەرەپدارلىرى، دىندا مۇستەھكەم تۇرغۇچىلار. ئۇلارنىڭ نامىدا يېزىلغان بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان.

- سافۋات! بۇنى ئېسىپ قامچىلا؛ ھەمزە! ئەلى ئاشماۋىنى چاقىر ۋە ئىتلارنى تەييار قىل.

ئەلى ئاشماۋى كەلدى، ئۇچىسىدا پاكىز، دەزماللانغان يېپەك كۆينەك ، چاچلىرى تاراقلىق، ئۇستى-بېشىدا ھېچ بىر تاياق يېگەندەك ئالامەت يوق، ئۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ سىلىشتۇردۇم. چۈشەندىمكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلىپ، مۆئمىنلەرگە قارشى يالغان گۇۋاھلىق بېرىپتۇ، بۇ پاسىق، زالىملار بىلەن ئوخشاش بولۇپ كېتىپتۇ، شەمسى بەدىراننىڭ غالچىسى،ئەخلاق، قىممەت، دىن ۋە ئادىمىيلىكنى بىلمەيدىغان ئابدۇناسىرنىڭ ئىتلىرىدىن بىرى بوپتۇ.

شەمسى بەدىران ئۇنىڭدىن :

- قېنى دېگىنە ئەلى، زەينەبنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىڭدە ئۇنىڭدىن نېمە ئالدىڭ؟ ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟

ئەلى قىلچە ھېيىقماستىن جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:" ماڭا مىڭ جونەي بېرىپ بۇ پۇللارنىڭ ھۇدەيبى ياكى قۇتۇب ئائىلىسىگە يەتكۈزىلىشى ئۈچۈن پۇلنى غەداغا بېرىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى ۋە ئالىمادىس مەن تۇتۇلۇپ قالسام غەدا ياكى ھەممىدە بىلەن

كۆرۈشۈڭ،ئەگەر سىلەرگە پۇل كېرەكلىك بولۇپ قالسا ،پۇل ئورنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز " دېدى

شەمسى بەدىران مەندىن سورىدى:

- زەينەب،ئەينى چاغدا سېنىڭ يېنىڭدا قانچىلىك پۇل بار ئىدى؟ سەن نېمىدىن ئەندىشە قىلغان؟

- تۆت مىڭ جۇنەي بار ئىدى، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە سۇداندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تاپشۇرغان ئەزالىق پۇلى ئىدى،بۇ پۇللار تۇتۇلۇپ قالغان ئەزالارنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۆي ئىجارىسىنى ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇش پۇللىرىنى تۆلىۋېلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىشقا ئىشلىتىلەتتى، ئۆتكەن يىلى ھېيتتا، ئائىلىلەردا تۇرغان مۇنۇ جانابقا مىڭ جۇنەي بېرىپ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىغانىدۇق،ئۇ بۇ پۇلنى بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، ئېگە-چاقىسىز قالغان ئائىلىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى.

شەمسى بەدىران يەنە سورىدى:

- دېگىنە ئەلى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم زەينەب غەززالىنىڭ ئۆيىدە نېمە يېدىڭ؟

- پولو يىگەنىدىم شۇ چاغدا زەينەب خانىم ماڭا تارتىنماي يەڭ، ئاللاھ ئاسانلىق بېرەر دېگەنىدى.

- ھە بولدى، ئەمدى سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ

ئەلى چىقىپ كەتتى، شەمسى بەدىراننىڭ ھامىسىدە بىخەتەر ۋە راھەت چىقىپ كەتتى.

شەمسى بەدىران يەنە ھەمزىگە ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنى ئەكىلىشنى بۇيرىدى، ھەمزە چىقىپ كېتىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنى ئەكەلدى، ئۇنىڭ چېھرىدە ئىمانى ساغلام مۆئمىنلەرنىڭ باتۇرلىقى ۋە تەۋھىد ئەھلىنىڭ نۇرى بار ئىدى، يىرتىق كۆك بىر كۆينەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئۈستى-بېشىدىن قىيىن-قىستاق ۋە زۇلۇم

ئىزنالىرى تۆكۈلۈپلا تۇراتتى. ئۇ كىرىپلا مېنى كۆرۈپ « ئەسسالام ئەلەيكۇم » دەپ سالام بەردى، مەنمۇ سالام قايتۇردۇم.

شەمسى بەدىران ئۇنىڭدىن سورىدى:

- ئابدۇلفەتتاھ، سەن زەينەب غەززالىنىڭ ئۆيىدە نېمىش قىلاتتىڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىڭ؟

- ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىز ئىسلامىي قېرىنداشلارمىز، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشلىرىمىزغا قۇرئان ۋە سۈننەتنى ئۆگىتىش، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەگەشكەن ئەۋلادلارنى تەربىيلەش ئۈچۈن باراتتىم، ئەلۋەتتە بۇ دۆلەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدۇ، دۆلەت باتىلغا پاتقان دۆلەتتىن ئىسلام دۆلىتىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ.شەمسى بەدىران غەزەپلىنىپ ۋارقىردى.

- تەبلىغ سۆزلەۋاتامسەن ئىتنىڭ بالىسى؟ ئۆزۈڭنى مەسچىت مۇنبىرىدە دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ ؟ يوقال، كۆزۈمدىن دەرھال يوت!

ئابدۇلفەتتاھ قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق سالام قىلىپ چىقىپ كەتتى، مەنمۇ سالام قايتۇردۇم.

شەمسى بەدىران بولسا تېرىكىپ غالجىر ھايۋاندەك سەكرەپ، ئەڭ مەينەت گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن تىللاپ قالدى.

ئابدۇلفەتتاھنىڭ ئىرادىسى ماڭا ئارام بەردى، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھقا سانسىز شۈكۈرلەر ۋە رەھمەتلەر بولسۇن، ھەق يولدا كۈرەش قىلىدىغان يىگىتلەر ھېلىھەم باركەن،ئىە ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىڭىزدا ساقلىغايسىز!

ئەلى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسىمۇ،يەنە نۇرغۇن تەۋھىدچىلەر قوشۇنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

شەمسى بەدىراننىڭ « بۇ ئىتنىڭ بالىسىنى ئېلىپ كېتىڭلار، ئىقرارنامىسىنى يازدۇرۇپ ئەتە يېنىمغا ئەكىلىڭلار » دېگەن ۋارقىراشلىرىدىن ئۆزۈمگە كەلدىم، ھەسەن خېلىل ۋە

سافۋات قولۇمغا قەغەز- قەلەم تۇتقۇزۇپ مېنى يەنە دوختۇرخانىغا ئەكەلدى، قەغەز-قەلەمنى ئالدىم، ئەمما نېمە يازىمەن؟ سىلەر مەندىن زادى نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانسىلەر؟ بۇ مېنى ئېنىقلا ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ دىنىغا قارشى چىق دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ ياق،يازسام بولمايدۇ، ئەگەر يېزىش توغرا كەلسە پەقەتلا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى.قۇرئان سايىسى ئاستىدا مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى ،ئاللاھنىڭ بىزگە مۇستەھكەم ئىرادە ۋە سەبىر بېرىدىغانلىقىنى،بۇ مەلئۇنلارنىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى يازىمەن.

ئەتىسى ھەمزە، رىياد ۋە سافۋات بىرلىكتە كېلىپ قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلدى،ئەينى ۋاقىتتا ماڭالمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ماشىنىدا شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا ئاپاردى، ئۇ مېنى كۆرۈپلا قولىدىكى قەغەزنى يىرتىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى ۋە:" بۇنى سەن يازدىڭغۇ ھە!؟ قاراپ تۇر، تىنىڭدىن بىر ئىستاكان قان ئېلىپ،شۇ قان بىلەن سەندىن تەلەپ قىلغانلىرىمنى يازغۇزىمەن" دېدى ۋە تىل- دەشناملار ئىچىدە مېنى دوختۇرخانىغا ئۈزىتىپ قويدى.

# ئابدۇناسىرنىڭ ئېتىش بۇيرۇقى

ئەينى چاغدا مەن ئىمجان بولۇپ قالغانىدىم، ئۇلار ئامالسىزلىقتىن مېنى دوختۇرخانىدا نەچچە كۈن داۋالىتىشقا مەجبۇر بولدى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئۇلار مېنى يەنە شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا ئاپاردى، بىراق بۇرۇنقىدەك ئىشخانا ئىچىگە ئەكىرمەي، سىرتتىكى غەلىتە ئاۋاز چىقىرىدىغان ۋە ئىسسىق ھاۋا چىقىرىدىغان ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىگە يۈزۈمنى توغۇرلاپ تۇرغۇزۇپ قويدى، بۇ قاغىشتەككۈر ئۈسكۈنە ئالدىدا توپتوغرا بىر كېچە تۇردۇم، تاڭ ئېتىشغىلا يەنە دوختۇرخانىغا ياندۇرۇپ كەلدى. دوختۇر مەجىد مېنى كۆرۈپ ياردەمچىسى ئابدۇمەبۇدتىن:" ئۇنىڭ چىرايى نېمانچە سارغىيىپ كەتتى،ئۇلار تۈنىگۈن كەچ ئۇنى ئېلىپ كەتكەنمۇ؟"  دەپ سورىدى.

ياردەمچىسى « ھەئە » دەپ جاۋاب بەردى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئابدۇمەبۇد بىر پارچە ساندىۋىچ ئەكىلىپ بېرىپ:" دوختۇر، سىزنى دەرھال يېسۇن دەيدۇ" دېدى.

ئاخشامغا يېقىن دوختۇرخانىدىن چىقىرىپ شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا يېقىن بىر ئۆيگە قاماپ قويدى، بىردەمدىن كېيىن ھەمزە، سافۋات، رىياد كەلدى، ئۇلار كۈسۈرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېين ھەمزە بىلەن سافۋات كېتىپ رىيادلا قالدى. ئۇ  ھەزىلكەشلەرگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چېچىنى ئۆزى يۇلۇپ،كىيىملىرىنى تارتقۇش يىرتتى. ئاندىن ۋارقىراپ - جارقىراپ شەمسى بەدىراننىڭ دېگىنىنى قىلىشمنى، بولسىما ئۆلتۈرۈۋتىدىغانلىقىنى دەپ تەھدىد سالدى ۋە :" ئاۋۋاد ،رىفات، ئىسمائىل فەييۇملارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن، ئۇلار ئابدۇناسىرنىڭ تۈرمىسىدە،ئۇلار مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى قېرىنداشلاردىن كۈنىگە 10نى كۆمۈپ قويىدۇ، جەسەتلەرنى دەل شۇ تۈرمىنىڭ ئۆزىگە كۆمىۋىتىدۇ" دېدى.

ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ « ئۆلتۈرگەنلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى شېھىد بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ » دېدىم، ئۇ يەنە بايىقىدەك ئۆزىنىڭ يۈزىگە ئۆزى ئۇرۇپ: " ئىتنىڭ تالىشى، سۇ تۈرمىسى، ئوتقا قاقلاش، ۋە قامچىلاشلار ساڭا تەسىر قىلمىدۇ؟ جامال ئابدۇناسىر بۇگۈن سېنى ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقى چۈشۈردى، قېنى قانداق قىلىسەنكىن ؟ سەنلەر دۇنيانىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سوۋىت ئىتىپاقىنى تاشلاپ ھەسەنۇل بەننا، سەئىد قۇتۇب ۋە ھۇدەيبىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىشىسىلەر شۇنداقمۇ؟ سىلەر بىر توپ ساراڭ، ئەمما بىز ئۇنداق ئەمەس، قېنى جاۋاب بەر، نېمىگە گەپ قىلمەيسەن؟" دېدى.

مەن:" شۇنداق، سىلەر ئەرەب مۇشرىكلىرىغا نەقەدەر ئوخشايسىلەر ھە! ئۇلارغا ‹ ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق › دېيىلگىنىدە تەكەببۇرلۇق قىلىشىپ بىر ساراڭ شائىر ئۈچۈن ئىلاھلىرىمىزنى تەرك ئېتىمىزمۇ؟ دېگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى بۇت ئىدى، باشقۇرغۇچىلىرىمۇ شۇ ئىدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئەپەندىسى بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ساراڭ دەپ تىللاشقان ئىدى. تارىخ شۇ شەكىلدە يەنە تەكرارلىنىۋاتىدۇ، سىلەر ئاللاھقا دەۋەت قىلغانلارنى ساراڭ دەۋاتىسىلەر، پايدىسىز بىر پادىشاھنىڭ كەينىدىن بۇرنىدىن يېتىلەنگەن تۆگىدەك يۈرىۋاتىسىلەر، ياراتقۇچىنى غەزەبلەندۈرۈش بەدىلىگە يارالغۇچىنى مەمنۇن قىلىۋاتىسىلەر" دېدىم

ئۇ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك گۈركىرەپ:" بىزنى قايتا شۇ قالاق دەۋرگە قايتسۇن دەمسەن؟" دېدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا ياۋايى ئەسكەردىن بىرنەچچىسى كىرىپ مېنى ھارغۇچە قامچىلىدى. رىياد بولسا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ:" زەينەب خانىم، سەن نېمىدېگەن بىچارە، ساڭا ئېچىنىۋاتىمەن" دېدى. مەن " ئاللاھ بىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھىمايىچىمىز، سەن باشقىلاردىن ئەنسىرەشنىم ئىچ ئاغرىتىشنى بىلەمسەن تېخى ؟ سىلەرنىڭ گېپىڭلار بويىچە ،مەسىلە

ئاللىبۇرۇن ئېنىقلىنىپ بولغان بولسا، سىلەر نېمە ئۈچۈن يەنە بۇ جىنايەتنى مېنىڭ ئۈستۈمگە ئېلىشنى مەجبۇرلايسىلەر؟ سىلەر تۆھمەت قىلىۋاتىسىلەر، يالغاننى ئويدۇرىۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلارمۇ ئېنىق" دېدىم.

رىياد:" دېگىنە، قانداق بىر كۈچ بىلەن ياشاۋاتىسەن ؟ دېگىنە، سېنى دەپ ساراڭ بولاي دېدۇق، دوختۇرلار سېنى بىر نەرسە يېمىسە ئۆلىدۇ دېگەنىدى" دېدى.

بۇ ۋاقىتتا ھەمزە بىلەن سافۋات كەلدى. ھەمزە « رىياد، قانداق بولدى؟ بۇ ساراڭ ئەس-ھۇشۇنى يىغقاندۇ بەلكىم » دېدى.

ھەمزىگە قاراپ:"بىلمىدىم، زادى كىم ساراڭ؟" دېدىم.

ھەمزە سافۋاتقا « ئۇنى باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپار » دېدى.

## باشلىق ئىشخانىسىدا

شەمسى بەدىران مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى ۋە :" مېنىڭچە ئەمدى جاھىللىقنىڭ پايدىسى يوق، سېنىڭ بىز تەلەپ قىلغاننىڭ ھەممىسىنى يېزىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن " دېدى.

- ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىمىز بارلىقىنى يېزىشىمنى تەلەپ قىلامسەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تەشكىلاتىمىزنىڭ مەقسىتى پەقەتلا قۇرئان ۋە ھەدىس ئۆگىنىش، ئىنسانلارغا ئازغۇنلارنىڭ قۇللۇقىدىن چىقىپ، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش، ئۇنىڭ دىنىغا باغلىنىپ ياشاش، ھالال ۋە ھارامنى ئايرىش، ھارامنى تاشلاپ، ھالالغا ئەگىشىپ، ئاللاھقا ئىسيان كەلتۈرمەسلىكنىڭ يولىنى ئۆگىتىشتۇر .ئىنسانلارغا ھەر ۋاقىت ياخشىلىقنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا قارشى چىقماسلىقنى، گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا ئاللاھقا تەۋبە-ئىستىغفار ئېيتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز . بىزنىڭ قارىشىمىزغا ئاساسلانغاندا مىسىرنىڭ ھازىرقى

ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى تولىمۇ قاملاشمىغان،بۇ تۈزۈلمە يوقىلىشى كېرەك.بىراق قورال كۈچى بىلەن يوقاتماستىن ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق يوقىتىش كېرەك. سىلەر نېمىشقا بىزنى ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى دەپ قارايسىلەر؟ بىزنىڭ تۈنجى قىلىدىغان ئىشىمىز سىلەرنى باتىلدىن يىراقلاشتۇرۇش. ئىسلام ئاساسلىرى خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشسىلا ئىسلام دۆلىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەبىئىيلا بارلىققا كېلىدۇ.

بۇ گەپلەرنى دېيىشىمگە جاللاتلارنىڭ قامچىلىرى بەدىنىمگە تېگىشكە باشلىدى، كۈچۈمنىڭ بارىچە:" يازمايمەن! يازمايمەن! خالىساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار! دۇنيا ھاياتى مەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس" دەپ ۋارقىرىدىم.

شەمسى بەدىران يېنىمغا كېلىپ :

- تاشلىۋەتكەن قەغەزگە ئابدۇلئەزىز ئەلى توغۇرلۇق ھېچنىمە يازماپسەنغۇ؟

- ئابدۇلئەزىز ئەلى كىم؟

- ئۇ ئابدۇناسىر ئۆزى مىنىستىر قىلىپ تەيىنلىگەن ئادەم، ئەمما ئۇ بۇ ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ، ۋاپاغا جاپا قىلىپ ياخشىلىق قىلغان قولنى چىشلىمەكچى بولدى، ئابدۇناسىرغا بويسۇنماس بولدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۇ كىشى ئېسىمگە كەلدى

- ئۇ ئادەم ئىنگلىزلارغا قارشى ھەركەتنىڭ قوماندانى، خەلق پارتىيىسىدىكىلەرنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، ئابدۇناسىر ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ، تىز پۈكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئاڭلىغان. ئۇ مېنىڭ ئىسلامي قېرىندىشىم، ئۇنىڭ ئايالى مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى مېنىڭ جان جىگەر ھەمشىرەم ئىدى.

- سەن ئۇنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» غا قاتنىششقا تەكلىپ قىلمىدىڭمۇ؟

-ئۇ خەلق ئارىسىدا تۈۋرۈكلۈك رولىنى ئويناۋاتقان مۇھىم بىر شەخس، ئەگەر ئۇ راستىنلا ئەزا بولۇپ كىرگەن بولسا بىز بۇنى شەرىپىمىز دەپ بىلگەن بولاتتۇق.

شەمسى بەدىران گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدى :« سەن يەنە مۇشۇ گەپلىرىڭدىن ۋاز كەچمەمسەن، سافۋات ئۇنى راسا قامچىلا!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار بىردەم توختاپ پىچىرلىشىپ بىرنىمىلەرنى دېيىشتى، ئاندىن ھەسەن خېلىل گەپ سوراشقا باشلىدى:

-سەن نېمە ئۈچۈن ئابدۇلئەزىز ئەلى بىلەن ئابدۇلفەتتاھ ئىسمايىلنى بىر- بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويدۇڭ؟

- ئاخپارات ئىدارىسى تەرىپىدىن پىلانلانغان قاتناش ۋەقەسىدە پۇتۇم سۇنغان ۋاقىتتا ئۇ ئايالى بىلەن بىللە مېنى يوقلاپ كەلدى، دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ يوقلاپ تۇردى. بىر كۈنى ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل مېنى يوقلاپ كەلگەندە ئۆيۈمدە ئۇمۇ بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى تونۇشۇپ قالدى، مېنىڭ بىلىشىمچە ئەھۋال پەقەت شۇنچىلىك.

- زەينەب خانىم، ئابدۇلئەزىز بىلەن ئابدۇلفەتتاھنى مۇشۇنداق تونۇشقان دەپ تۇرايلى، خوش، ئۇلارنى قانداق تونۇشتى؟ ئەبدۇلئەزىز ئەلى بىلەن فەرىد ئابدۇخالىق قانداق تونۇشتى؟

- سېستىرا تېڭىقنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتتا، ئابدۇلئەزىز ئەلى ياتىقىمدىن مېھمانخانىغا چىقىپ تۇردى، بۇ ئەسنادا فەرىد ئابدۇخالىق يوقلاپ كېلىپ ئۇمۇ مېھمانخانىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇ چاغدا ئۇ ئىككىسى تونۇشمايتى، داۋالاش تۈگەپ سېستىرا كەتكەندىن كېيىن ئىكىلىسى مەندىن ھال سوراش ئۈچۈن ئىچىگە كىردى، شۇ چاغدا ئىككىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويدۇم.

شەمسى بەدىران دېگەنلىرىمدىن رازى بولمىدى بولغاي كۈرۈك توخۇدەك كوتۇلداپ ئولتۇرالماي سافۋاتنى چاقىردى.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا پۇتلىرىم تېڭىغلىق ئىدى، ئۇگە- ئۇگىلىرىم ئاجراپ كەتكەندەك ئاغرىۋاتاتتى.

# گۇمان

دوختۇرخانىدا بىر نەچچە كۈن داۋالاندىم. كېيىن يەنە شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا ئاپاردى، ئۇ تېخىچە ئاساسسىز گۇمانلىرى ۋە خام خىياللىرىدا چىڭ تۇراتتى. ئۇ بۇ خىياللىرىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاۋەرگەچ بۇ گۇمان ۋە خىيالى ئۇنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كاللىسىغا قوماندانلىق قىلاتتى.

ئۇنىڭ بۇ ئۆچمەس گۇمانى بولسا، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىقى ئىدى.

شەمسى بەدىران مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندەك « شۇنچىۋالا كۆپ ئىشلار بولدى، سەن تېخىچە هاياتمۇ؟ » دېدى.

ئۇنىڭغا «ئورەكلەرنىڭ ئىگىلىرىگە لەنەت بولسۇن، ئۇ ئورەكلەر لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتلار بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئورەكلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ مۆئمىنلەرگە قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ‹ سۈرە بۇرۇج 4-5-6-7-ئايەتلەر› »

بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ جاۋاب بەردىم. ئورەكتىكى ئوتلاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەر بولسا ئىتائەتمەن ،سادىق جەڭچىلەر بولۇپ، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلار ئىدى .

شەمسى بەدىران :« مەن سېنىڭ گېپىڭنى چۈشەنمەيمەن، هەم بۇ ئۇسلۇپتا گەپ قىلىشلىرىڭدىن ئىچىم پۇشىدۇ،سەن تېخىچە ئاللاهنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسەن؟ سىلەر

1948-يىلــدىن بۇگــۈنگە قەدەر دائىــم يېڭىلــدىڭلار، پادىشــاھ فەرۇخقــا قارشــى كۆتــۈرۈلگىنىڭلاردا يېڭىلــدىڭلار، 1954-يىلــى ۋە 1965-يىلــى ئىنقىلابقــا قارشــى چىققــىنىڭلاردا يېڭىلــدىڭلار! ھەر ۋاقــت يېڭىلدىڭلار،ســىلەر تەشــەببۇس قىلــدىغان ئاتالمىش رەببىڭلار قەيەردە؟» دېدى.

- بىزلەر 1948-يىلى بولسۇن، 1954-يىلى بولسۇن ياكى 1965-يىلى بولسۇن ھەر ۋاقىت غەلبە قىلدۇق، غەلبە ياكى يېڭىلىش سىلەرنىڭ تارازاڭلار بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ.

- سېنى چۆجىنى ئاسقاندەك ئېسىپ سۇغا، ئوتقا چۆرىۋەتتۇق، ئىتقا تالاتتۇق، ئەگەر سېنىڭ ئاللاھىڭ مەۋجۇت بولسا ئۇ نېمىشقا بىزنى توسۇپ، ساڭا ياردەم بەرمەيدۇ؟

- بۇ تاياق، قىين- قىستاقلار بىلەن بىزنى قىيناپ، بىز يەڭدۇق دەپ ئويلامسىلەر؟ ئەملىيەتتە سىلەر بىزدىن قورقىسىلەر،دېدىم.

- ئاغزىڭنى يۇم، ھەممىڭ جازاغا لايىق - دېدى.

- ياق، بىز گۇناھسىز، بىز ۋەزىپىنى يەتكۈزدۇق، ئۈممەتنىڭ ئامانىتىنى قوغدىدۇق، ھەققە دەۋەت قىلدۇق، بىز نۇرانە يولنىڭ ماياكلىرى .

- شۇنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، سەن نېمىگە ئاساسەن بىز سىلەردىن ئۈستۈن كەلدۇق دەيسەن؟

- بىزلەر ئاللاھقا سادىق بولغانچە، ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنچە، سىلەردىن ھەر ۋاقىت غەلبە قىلىمىز، ئۇنىڭ بىلەن كۈچلىنىمىز، ئۇنىڭغا ئىشىنىمىز، ئۇنىڭ يولىدا جىھاد قىلىمىز، ئەگەر بىز ئىمانىمىزدىن ۋاز كەچسەك، تەۋھىت تۇغىنى چۈشۈرىۋەتسەك ، ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈسەك ئاندىن مەغلۇپ بولغان ھېسابلىنىمىز.

ئىسلام بارلىقىمىزدۇر، ئىسلام جەمئىيەتنى تۈزەيدۇ، دۇنيانى ئىشەنچ ۋە ئادالەت بىلەن تولدۇرىدۇ، ئىنسانلارنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ۋە بەندىگە قۇللۇق قىلىشتىن قۇتقۇزۇپ يالغۇز ئاللاھقىلا قىلىشقا يېتەكلەيدۇ، ئاللاھقا توغرىلىق ۋە سەمىمىيەت بىلەن كۆڭلىدىن

سادىق بولغان بىر ئىنسان ھەممىسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ساھىبى، ھاكىمى ۋە رەببى ئىكەنلىكىگە سادىق بولغان بولىدۇ، دۇنيا ھاياتىنى چوڭ بىلمەيدىغان بىر ئىنسان مەۋجۇداتلاردىن قانداقسىگە قورقسۇن ؟ ئەمما سىلەر ئازغۇن ۋە يالغانچىلار، ئاللاھنىڭ دىنىنى بۇرمىلاپ بىدئەتكە يۈزلەنگەنلەر، سىلەر ۋۇجۇدىمىزنى داغلىدىڭلار، ئۆلتۈردىڭلار، قورقۇتتىڭلار، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرى، سىلەر بولساڭلار شەيتاننىڭ يالاقچىلىرى، ئاللاھنىڭ ئەسكەرلىرى ھەر زامان غالىپتۇر! ئىسىڭلاردا بولسۇنكى شەيتاننىڭ رەپتارلىرىنىڭ ھالى تولىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە قارشى چىققانلار ئەڭ پەس كىشىلەردۇر. « ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى- ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى،يا ئۇرۇق- تۇققانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ- دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن، يەنى ئۇلارنىڭ دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا ئاللاھ ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھنى كۈچەيتتى، ئاللاھ ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. ‹ سۈرە مۇجادەلە 22-ئايەت › .

قۇرئاندىكى سۆزلەر ۋە تەۋھىد مەنتىقىسى شەمسى بەدرانىنى تېرىكتۈردى، يىلان چېقىۋالغاندەك چىرقىرىدى ۋە « سافۋات، بۇ نى ئېپچىقىپ 500 قامچا ئۇر » دېدى، ئۇردى، يەنە ئوخشاش سوئاللارنى سورىدى، يەنە ئوخشاش جاۋاب بەردىم، شەمسى بەدران يەنە ۋارقىرىدى، « ئۇرۇڭلار، 250 قامچا ئۇرڭلار » دېدى، ئۇردى، ھوشۇمدىن كەتتىم، كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا ئۆزۈمنى دوختۇرخانىدا كۆردۈم، دوختۇرلار يارامنى تازىلاۋاتاتتى، دوختۇرخانىدا بىر نەچچە كۈن ياتتىم، كېيىن شەمسى بەدراننىڭ يېنىغا

كېسەل كارۋىتى بىلەنلا ئاپاردى. بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ :

- جاھىللىق قىلما، پايدىسى يوق، يۇۋاشراق بـول، سـېنىڭ مەسـىلەڭنى ئاخىرلاشـتۇرۇپ، تەپتىش مەھكىمىسىگە يوللاشقا ماسلاش دېدى.

بار كۈچۈمنى يىغىپ ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە:

- سەنمۇ مۇپەتتىشمۇ؟ مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

- بىز تەلەپ قىلغانـدەك جـاۋاب بەر، تايـاق كۆتۈرگـىدەكمۇ ھالـىڭ قالمـىدى، بىلىسـەن، سافۋات ھەر ۋاقىت تەيياردۇر.

- ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ ۋە قۇتقۇزىدۇ.

- مۇھەممەد قۇتۇب بە باشقىلار ئۆيۈڭگە نېمە ئۈچۈن يىغىلاتتى؟

مۇھەممەد قۇتۇب ئۇستاز ۋە ئامىنە، ھەمىدە قاتارلىق سىڭىللىرى مېنى پـات- پـات يـوقلاپ كېلىپ تۇراتتى.

ئۇ سـۆزۈمنى بۆلـۈپ :«مەن سـەندىن مـۇھەممەد قۇتـۇب ۋە باشـقا مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۆيۈڭلەردە نېمىشقا يىغىلىپ تۇراتتىڭلار... ئۆيۈشمىسىدىكى ھارامزادىلەر سېنىڭ ئۆيۈڭدە نېمە ئۈچۈن يىغىلاتتى دەپ سـوراۋاتىمەن» دېدى.

-ئۇلارنىـــڭ ھەممىســـى ياخشـــى ياشـــلار، ئىســـلامدىكى قېرىنداشـــلار، مېنـــى يـــوقلاپ كېلىشكەنلىرىدە مۇھەممەد قۇتۇب ئۇستاز بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى.

-ھۇ ئىتنىڭ بالىسى مەن سەندىن بۇ ھارامزادىلەر سېنىڭ ئۆيۈڭدە مۇھەممەد قۇتۇب بىلەن كۆرۈشۈپ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىرگە يىغىلىدىكەن، نېمىشقا شـۇنداق قىلىـدۇ دەپ سوراۋاتىمەن.

- ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب ‹20-ئەسىردىكى جـاھىلىيەتى› ‹ ئىلگىـرلەش ۋە قەتئىيلىـك › ناملىق كىتابلىرىنى تارقاتقاندا ياشلارنىڭ بەزىلىرى مۇھەممەد قۇتۇب بىـلەن كۆرۈشۈشـنى ۋە بەزى سـوئاللارنى سورىغۇسـى بـارلىقىنى، ئىككـى كىتـابتىكى بەزى چۈشـنەلمىگەن

مەسلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرغۇسى بارلىقىنى دېدى، ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇبمۇ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشتى.

- بۇ يىغىلىشقا ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل نېمىشقا قوشۇلدى؟

- ئۇ مۇ مۇسۇلمان ياشلارنىڭ سەرخىللىرىدىن بىرسىدۇر.

شەمسى بەدىران تىرىكىپ ئۆلەي دېدى ۋە :« ياخشى، ئىتتىنىڭ بالىسى، بەك ياخشى جاۋاب بېرىۋاتىسەن » دېگىنىچە قامغا بىلەن بىرنى قويدى ۋە سوئالىنى داۋام قىلدى.

ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ۋە مۇھەممەد قۇتۇب بۇ يىغىلىشلارنىڭ قايسىدا ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدى؟

- ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈش دەپ بىر ئىش يوق، بۇ سەپسەتىنى ئۆزۈڭلار توقۇپ چىقتىڭلار.

- بىرىپ ئادۇۋكات تېپىشقا تەييارلىق قىلساڭ بولغۇدەك، بىز سېنىڭ بۇنداق جاھىللىقىڭغا بەك تويۇپ كەتتۇق.

- ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن، ياخشى كۆرىدىغان كىشلىرى ئارىسىدا ياشاشقا نېسىپ قىلدى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلە يەنە دەۋەت ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرىمەن.

شەمسىنىڭ ئاچچىقى چېكىگە چىقتى، ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى تېپىپ كەتتى.

- بۈگۈن سېنىڭ ئاخىرقى كۈنۈڭ، چۈشەندىڭمۇ؟ مۇھەممەد قۇتۇب بىلەن قۇرغان تەشكىلاتىڭلار نېمە قىلىدىغان تەشكىلات؟ ئابدۇناسىرغا قول سېلىشقا كىمنى بەلگىلىدىڭلار؟ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنىمۇ ياكى ئەل-فەييۇمنىمۇ؟

- ئەل-فەييۇمنى سىلەر ئۆلتۈرۈۋەتتىڭلارغۇ، دېدىم.

شەمسى مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ:

- سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ خېلى جىقكەن ھە ؟ سافۋات، بۇنىڭغا فەييۇمنى كۆرسەت، دېدى.

سافۋات قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ھوشۇمدىن كەتتىم،يەنە دوختۇرخانىغا

ئاپىرىلدىم.ئۇلار شەمسى بەدىران ۋە چوماقچىلىرىنىڭ داۋاملىق قىينىشى ئۇچۇن مېنى يەنە داۋالىدى.

## شەمسى بەدىران يەنە شۇ كويدا

ھوشۇمغا كەلگىنىمدىن كېيىن ئۇلار يەنە شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى، تېخى ئەمدىلا ھوشۇمغا كەلگەن ئىدىم، ئەسلىمگە كەلگەندىن كېيىن يەنە قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشىم كېرەك، شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئاپىرىلىشىم كېرەك،ناھايىتى شۇ يەنە قىينايدىغۇ، كۆنۈپمۇ كەتتىم. ئىشخانىسىغا كىرگىنىمىزدە ئۇ بىر گۇندىپايغا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانىكەن،مېنى ئولتۇرغۇزۇپ بوپلا گېپىنى باشلاپ كەتتى:

- ماڭا قارا، ئەڭ يېنىڭ جازاغىمۇ بەرداشلىق بەرگۈدەك ھالىڭ قالمىدى، ئۆزۈڭگە ئىچ ئاغرىت، بولمىسا ئابدۇناسىرنىڭ نامىدىن قەسەم قىلىمەن، سېنى ئەل فەييۇمنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ قويىمەن.

يەنە بىر ئەسكەر گەپكە ئارلىشىپ:«ئاڭلا زەينەب، باشلىقنىڭ گېپىگە ياخشىلىقچە جاۋاب بەر، ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنىمۇ ئويلاپ قوي، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشىنىڭ چارىسىنى تاپقىلى قوي» دېدى.

شەمسى بەدىران يەنە :

- ياخشى ئويلا، فۇئاد سىراجىدىن ئادەم ئەۋەتىپ سېنى ئىزدەپتىكەن ، ئابدۇناسىر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ئۇچۇن ۋەفت پارتىيەسى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەمكارلىشىش تەكلىپىنى بېرىپتىكەن، مارشال ئابدۇلھەكىم ئامىرنىڭ ئىشخانىسىدا سىلەرنىڭ ۋە ۋەفت پارتىيەسى بىلەن ھەمكارلىشىدىغان بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ساڭا ئېيتقانىكەن.

بۇ ئىبلىسلارنىڭ جىنايەت ئويدۇرۇش ھۇنەرلىرىگە ھەيران قېلىپ، دېگەنلىرىگە بىرمۇ بىر جاۋاب بەردىم.

- بۇنىڭ ھەممىسى يالغان، فۇئاد سىراجىدىن ئەسلا بۇ ئىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن مېنىڭ قېشىمغا ئادەم ئەۋەتىپ باققىنى يوق، ئۇنى كۆرمىگىنىمگە ئون ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئېرىم ھاجى مۇھەممەد سالىم بىر كۈنى بازاردا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، ھال-ئەھۋالىمنى ئېرىمدىن سوراپتۇ ۋە ماڭا سالام يوللاپتۇ، ھەممىسى مۇشۇ.

قامچىلار زەھەرلىك يىلاندەك ئۇستۇمگە چىرماشتى، ئۇستۇمگە تېگىشكە باشلىدى، پۇتلىرىمدىكى تېڭىق تېخى يېشىۋېتىلمىگەن بولۇپ، يىرىڭداپ كەتكەن يارامغا قامچا ئازابى قوشۇلۇپ مېنى قىينايتى.

ئۇلار قامچىنى قارسىلدىتىپ ئۇرغاچ:« فۇئاد سىراجىدىن يېنىڭغا ئادەم ئەۋەتتىمۇ؟ ئەۋەتمىدىمۇ؟« دەپ سۇئالىنى تەكرارلايتى.

ياق دېسەملا شەمسى بەدىران تېخىمۇ كۈچەپ ئۇرۇشنى بۇيرۇق قىلاتتى، ھوشۇمدىن كەتسەم كېسەل كارۋىتىدا دوختۇرخانىغا ئەكىلەتتى، ئەسلىمگە كەلسەملا تەكرار قىيىن-قىستاق. شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسى ۋە دوختۇرخانا ئارىسىدا توشۇلۇپ يۈردۈم.

شەمسى بەدىران:« سەن تېخى ئۇقمىدىڭمۇ، بىزنى ھېچنەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. ھەر كۈنى سەندەكلەردىن نەچچىنى كۆمىۋېتىمىز، ئەس سىجنۇل ھاربىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇق سان - ساناقسىز كىشىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ بولدى. ئابدۇناسىرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تەلەپ قىلغىنىمىزدەك جاۋاب بەرمىسەڭ، بىر ئىتنى كۆمۈۋەتكەندەكلا سېنىمۇ كۆمىۋېتىمىز.

پىسەنتىمۇ قىلىپ قويمىدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن تېرىكىپ يەنە ۋارقىرىدى.

- جاۋاب بەر، بولمىسا قامچىلاپ جېنىڭنى ئالىمەن.

- ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىلدۇر، ئاللاھىم بىزگە كۆپلەپ سەبىر ئاتا قىلغايسىز ۋە مۇسۇلمان ھالىتىمىزدە جېنىمىزنى ئالغايسىز.

- سافۋات! ئىتلارنى ئەكىر.

سافۋات كۆندۈرۈلگەن يوغان ئىككى ئىتنى ئەكىرىپ قويۇپ بەردى . ئىت ئاچ بۆرىلەر ئوۋغا ئېتىلغىنىدەك ئۇستۇمگە ئېتىلدى.

بۇ ئىتلارنىڭ چىشلىۋېلىشىدىن قۇتقۇزىشى ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىندىم ۋە: « ئاللاھىم، ئازابىڭدىن رازىلىقىڭنى كۆزلەيمەن، خالىغىنىڭ يول بىلەن مېنى قۇتقۇز » دەپ دۇئا قىلدىم.

ھەمزە شەمسىگە « باشلىق، چىرايى ساغىرىپ كەتتى ئۆلۈپ كىتەمدۇ نېمە» دېدى، شەمسى بەدىران سافۋاتقا :« ئىتلارنى ئەپچىقىۋەت، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار، ئۆلسىمۇ دوختۇرخانىدا ئۆلسۇن» دېدى.

دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتى، يېرىم كېچە بولغاندا، يەنى تۆتنجى قېتىم شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا ئاپاردى، بۇ كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان رىئاللىق ئىدى، قارىغاندا بۇ غالچىلار ئۆلتۈرسىمۇ قويسىمۇ ئىسلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ، ئىسلام ئېزباسارلىرىنى يوقىتىشنىلا ئويلايدىغان ئوخشايدۇ.

شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپلا يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم، ئازراق لىمون سۈيى ئىچكۈزۈپ، ئوكۇل ئۇرغاندىن كېيىن ئەسلىمگە كەلدىم، شەمسى بەدىران سوراقنى يەنە باشلىدى.

- زەينەب! ياۋاشراق بول،بىز سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىلىك ۋەھشى، قانخور ئەمەس، رەئىس ئابدۇناسىر تولىمۇ مېھرىبان،قارنى- كۆكسى كەڭ كىشىدۇر، ھەقىقى ئەھۋالنى دېسەڭلا سېنى ئەپۇ قىلىدۇ، بۇ يەردى چىقىپ كېتىشنى ئويلا .

- مەن ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن ،ئابدۇناسىرغا دەپ قوي ، سىلەر ئاللاھنىڭ ھاكىمىيەت سۈپىتىنى كۆزگە ئىلمىدىڭلار ، ئاللاھقا قارشى چىقتىڭلار ، تەۋبە ۋە ئىستىغفار ئېيتىپ بۇ قىلغىنىڭلاردىن ۋاز كېچىڭلار! باتىل يولدىن قايتىڭلار! ھەققە قايتىڭلار ، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا قايتىڭلار ، قىلغان زۇلۇملىرىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار. سىلەرنى قوللىغان ، سىلەردىن پايدىلىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر ، قەلبىنى كىسەل چىرمىۋالغانلاردۇر.

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاچچىقتىن ھازىرلا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك يوغىناپ كەتتى ۋە :«سېنىڭ مۇشۇ گەپلىرىڭنى ئابدۇناسىرغا يەتكۈزۈپ قويىمىزمۇ؟ » دەپ خاپا بولۇپ كەتتى.

-شۇنداق ، بۇنى ئاڭلاپلا قالماي ، ئابدۇناسىرغا يەتكۈزىشىڭلار ئۈچۈن دەۋاتىمەن.

ئۇلار بىر-بىرىسگە قارىشىپ « بۇ ساراپ بوپتۇ ، تۈپتىن ساراڭ بوپتۇ ، توكلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ داۋالاپ قويساق بولغۇدەك » دېيىشتى.

ھەقنى سۆزلىگىنىم ۋە بۇ ئەپەندىلەرنىڭ شەرىپىگە ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن غەزەپلەنگەن شەمسى بەدىران ھەمزىگە « ئىككى كۈندىن بېرى ئاچ قويغان ئىتلارنى ئەكىر » دېدى.

ھەسەن خېلىل ئويۇن قويغاندەك ھىيلىگەرلىك بىلەن « زەينەب ، ئۆزۈڭنى ئۈپرىتىۋاتىسەن ، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىۋاتىسەن ، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزىۋال ، مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن ئەمدى ساڭا پايدا كەلمەيدۇ ، ھەممىسى چىقىپ كېتىشنىڭ كويىدا ، باشلىق ! فۇئاد سىراجىدىن ئەۋەتكەن كىشىنى ئەسلىيەلىشى ئۈچۈن ئەلى ئاشماۋىنى كەلتۈرەيلى » دېدى.

شەمسى بەدىرانمۇ « تېز ئويلا ،ئىتنىڭ كۈچىكى ، بولمىسا ئەلى ئاشماۋى بىلەن يۈزلەشتۈرىمەن » دېدى.

مەن:« ئەلـى ئاشـماۋى ئازغۇنلارغـا ۋە جىنايەتكارلارغـا سـېتىلدى، دۇنيـا ۋە ئـاخىرەتنى قولدىن چىقاردى، سىراجىدىن ۋەقەسىمۇ بىر ئويـدۇرما ۋەقەدۇر، مەقسـىتىڭلار ئۇنىڭـدىن پايدىلىنىپ ۋىجدان ئىگىلىرىگە ،تىز پۈكمەيدىغان مۆئمىنلەرگە زەربە بېرىش» دېدىم.

بۇ ۋاقىتتا سەئىد ئابدۇلكەرىم ئىسىملىك بىر ئەمەلدار كېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

- قارا زەينەب، فۇئاد سىراجىدىن ۋەقەسىدە ساڭا ياردەملىشىپ بەزى ئىشلارنى ئەسلىتىپ ئۆتەي، ھۈسەيىن ئابدۇلغاففارنى تونۇمسەن؟ بۇرۇن مۇسۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـىدا ئىدى، كېيىن ئۇيەردىن چېكىنىپ ۋە ھەزرىتـى مـۇھەممەد ياشـلار ئىتتىپاقىغـا قېتىلـدى، سەن ئۇنىـڭ مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـىغا قايتىـپ كېلىشـى ئۈچـۈن كـۆپ قېـتىم پاراڭلاشتىڭ.

- ئاللاھقا مەدھىيىلەر بولسۇن ، ئۇ نېمىدىگەن ياخشى ھامىي ھە! ھۈسـەيىن ئابـدۇلغاففار مېنىڭ مـۆئمىن قېرىندىشـىمدۇر،ئۇ مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـېنىڭمۇ ۋە ھەزرىتـى مـۇھەممەد ياشـلار ئىتتىپـاقىنىڭمۇ ئەزاسـى ئىـدى،ئۇنىڭ مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئارىسـىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم سۆھبەتلەشكىنىم راست ئەمما ئۇ ئۆزرە سورىدى ۋە قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى دېدى، ئۇنىـڭ «سـىراجىدىن »يـاكى« ۋەفـد » پارتىيىسـى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق،ئۇ بىر مەزگىل قانۇنچىلار پارتىيىسىگە رەئىـس بولغـان شۇ چاغدا «ۋەفد» پارتىيىسى بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالغانىدى.

ھەسەن خېلىل:

- دېگەنلىرىـڭ راسـت، بىـراق «قـانۇنچىلار پارتىيىسـى» ۋە «ۋەفـد پارتىيىسـى» ۋە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسـى» قاتـارلىقلار ئىلىنـى بىـر قىلىۋالغانـدا تەبئىـيلا بىـر يەرگە كېلىدۇ.

-پىلان ۋە تونۇش جەھەتتىن «مۇسۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـى» ئـۇلاردىن پەرقلىـق تۇرىدۇ،دېدىم.

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاشقا تاقىتى بولمىغان شەمسى بەدىران بىر ئىشارەت بىلەن مېنى قامچىلاشقا بۇيرۇق قىلدى، ئابدۇلكەرىم بولسا :

- باشلىق ئەپۇ قىلىڭ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلايلى - دېدى ۋە داۋاملاشتۇرۇشىمنى بۇيرىدى.

- مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئىسلامنى ئېتىقاد بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ، مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى دەپ بىلىدۇ، قۇرئان ۋە ھەدىسكە تايىنىدۇ.ئالەم ئىسلامىيەت بىلەن يۇغۇرلىشى كېرەك دەپ قاراپ ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتايدۇ،ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغاندەك پۈتۈن دۇنيانىمۇ ئاللاھقا قايتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئاللاھقا قايتقان دۇنيادا ،ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان ئىنسانلار ئارىسىدا ئىسلامى جامائەت ۋە ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغىنىدا ئاۋال پۈتۈن دۇنيانى قۇتقۇزۇپ ، ئاندىن ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرغان ئەمەس؛ ئىجتىمائى ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنسانلارنى تەۋھىدكە چاقىرغان ئەمەس؛ئاۋال مال-مۈلكلەرنى،بايلىقلارنى تەكشى تەقسىملەپ ئاندىن تەۋھىتكە چاقىرغانمۇ ئەمەس؛ ئەكسىچە ھەزرىتى مۇھەممەد ئاۋال تەۋھىدكە چاقىردى، ئىنسانلار مۇسۇلمان بولدى، يىگانە مەبۇدنىڭ، يىگانە ھاكىمنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ، پايدا ۋە زىياننىڭ پەقەتلا ئۇنىڭ ئىلىكىدە ئىكەنلىكىگە، تىرىلدۈرىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان، ھەر شەيئىگە تەدبىر قوللىنىدىغان ۋە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغانىنىڭ پەقەتلا ئاللاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، كېيىن پەيغەمبىرىمىز بىر تۈركۈم ئاۋانگارت مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنەگە ھىجرەت قىلدى، ئۇزاق ئۆتمەي بەدىر جېڭى بولدى، ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامى جەمئىيەت قۇرۇش شۇئارى ئەۋجىگە چىقتى، قۇرئان كەرىم ھالال-ھارامنى، چەكلىمە ۋە ياساقنى ئايرىيدىغان ھۆكۈملىرى بىلەن چۈشۈشكە باشلىدى، ئىسلام ئۈممىتى

كۆپەيدى، يەر يۈزى ھەق ۋە ئادالەت نۇرلىرىغا تولدى.

شەمسى بەدىران سۆزۈمنى بۆلۈپ:

- بۇ ئۇزۇن ھېكايەڭ تۈگىگەن بولسا سىراجىدىن ۋەقەسىنى چۈشەندۈرەمسەن؟- دېدى.

- بۇ سىلەر ئويدۇرغان يالغانچىلىقتۇر، بۇنى سۆزلىگەنلەر سېتىلغان يالغانچىلاردۇر، فۇئاد سىراجىدىنغا مۇناسىۋەتلىك دەيدىغان گېپىم يوق، بىرنەرسە دېيىش كېرەك بولسا دىنىگە سادىق، دۆلىتىنى ۋە مىللىتىنى سۆيىدىغان بىر ئىسان دېيىشتىن باشقا يەنە نېمە دېيەلەيمىز؟، ھازىرمۇ ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمىدى دەپ قارايمەن- دېدىم.

شەمسى بەدىران:

- سافۋات، ئىتلارنى ئەكىر- دېدى.

ئىتلار بىلەن قوشۇپ ئادىمى مەخلۇقلارنى قويۇپ بەردى، بىرى چىشلىسە يەنە بىرى قامچىلايدۇ، ھەر تەرىپىمدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرغان دوختۇر بۇنداق بولىۋەرسە ئۆلۈپ كېتىدۇ دېسىمۇ كار قىلمىدى. بامداتقا ئېيتىلغان ئەزان كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ئۇلار مېنى توختىماي قامچىلاۋاتقان بولسىمۇ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىرخىل ھوزۇر ھېس قىلدىم ۋە ئاللاھنىڭ شۇ سۆزى يادىمغا كەچتى.

«ئەي ئاتەش، ئىبراھىمنىڭ ئۈستىگە سالقىنلىق بەر، زەرەر يەتكۈزمە!»

ئاللاھىم سەن ناھايىتىمۇ ئۇلۇغسەن، مەن بولسام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەجدادى ،تەۋھىدچىلەرنىڭ ئاتىسى سانالغان ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئەۋلادىمەن، ئەگەر مەن ئەي رەببىم پەقەت ساڭىلا ئىتائەت قىلىمەن دېگەنلىكىم سەۋەبلىك بۇ ئىبلىسلارنى قوزغىۋەتكەن بولسام، مېنى ئۆزۈڭ قوغدىغىن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىغىن.

ئېتقىنكى ‹ ئەي كاپىرلار، سىلەر ئېتىقاد قىلغانغا مەن ئېتىقاد قىلمايمەن›

ئەسلىمگە كەلگىنىمدە دوختۇرخانىدا ئىدىم، بۇ قانچىنچى قېتىم ھۇشۇمدىن كېتىم قانچىنچى قېتىم دوختۇرخانىغا كىرىشىم ئۆزۈممۇ ساناپ بولالمايمەن، ئەلۋەتتە ھۇشۇمدىن

كەتمىگىچە ئۇلارمۇ ھەم ئۆزلىگىدىن دوختۇرخانىغا ئەكەلمەيدۇ.

## قارا نىيەتلەرنىڭ تاجاۋۇزى ۋە نەپسىلەرنىڭ زۇلمى

ھوقۇق پەس كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشسە، ئىشلار غاپىل ۋە جاھىللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلسا ئۇنداقتا بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائى ھاۋاسىنى تۇمان قاپلاپ مۇستەبىتلىك، پىتنە ۋە جىنايەت ۋابادەك يامراپ كېتىدۇ. ئۇلار نەپسىلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. پەسلەر بۇ شەكىلدە ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرىدۇ، پۇقرالارغا پاراكەندىچىلىك سالىدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ غورورىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ھەقىقەتتىن ۋە ئادىمىيلىكتىن سۆز ئېچىش ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىكى تارىخقا ئايلىنىپ كەتكەن .

بۇ ھەم شۇنداق بىر دەۋر شۇنداق بىر زامان ئىدىكى قانۇن قىشلىق ئۇچەككە كىرىپ كەتكەن، ئادىمىيلىك ئۇزۇن مەزگىللىك تەتىلگە چىققان، رەھىم-شەپقەت خۇددى بۇ زېمىندىن پىشنى قېقىپ قېچىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

مەن يەنە يوللىرى يادا بولۇپ كەتكەن شەمسى بەدرانىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپىرىلدىمىۇ تېتىقسىز سوراق باشلىنىپ كەتتى.

- زەينەب قېنى ئېيتە، فۇئاد سىراجىدىننىڭ ساڭا دېگەنلىرىگە ھۇسەيىن ئابدۇلغاففار قانداق ئىپادە بىلدۈردى ؟ مارشال ئامىرنىڭ يېنىدا ئىشلەپ، فۇئاد سىراجىدىن بىلەن ھەمكارلىشىدىغان كىملەر ئىدى؟ ئىنقىلابنى كېڭەيتىش ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن نېمە تەلەپ قىلدى؟

- ھۇسەيىن ئابدۇلغاففار مېنىڭ ئاللاھ يولىدىكى مۆئمىن قېرىندىشىمدۇر، سىلەر دېگەن ئىشلاردىن ئەسلا خەۋىرىم يوق، ھەممىسى تۆھمەت- دېدىم.

- ئـاڭلاپ تـۇر زەيـنەب، ھۆسـەيىن، ئابـدۇلفەتتاھ ئىسـمائىل بىـلەن سىـنىڭ ئۆيۈڭـدە كۆرۈشـمىدىمۇ؟ سـەن ئۇنـىڭ مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـىغا قاتنىشـىپ كېلىشـى توغرىسىدا پاراڭلاشمىغانمىدىڭ؟

- بۇنى سىلەرگە دەپ بولغانىدىم، توغرا مەن ھۆسەيىنگە ئۆزى قوللايدىغان توپقا قاتنىشىپ كېلىشنى ئېيتتىم ، بۇنىڭ نەرى خاتا؟ ئـۇ گەرچە مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسـىغا قاتنىشىپ كەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايـدۇ، ئۇلارنـىڭ مەقسـىتىگە يېتىشـىنى ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ قۇرئـان ۋە سـۈننەتنى چۈشـىنىپ ئۇنىڭغـا مۇناسـىپ ھالـدا ياشىشـىنى ئۈمىـد قىلىـدۇ، بەرھەق، ئابـدۇلفەتتاھ ئىسـمائىل بىـلەن ھۆسـەيىن ئۆيۈمـدە ئۇچراشـتى. ئـۇلار ئىسـلام ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ چېكىنىشـى ۋە ئارقىـدا قېلىشـى ھەققىـدە پاراڭلاشتى، سۆھبەتتىن كېيىن ھۆسـەيىن ئابـدۇلغاففار كەتتـى. ئـۇلار مېنىـڭ ئۆيۈمـدە تاسـادىبى ئۇچرىشـىپ تونۇشـۇپ قالغـان، ئابـدۇلفەتتاھ ئىسـمائىل ئـۇنى « ھۆسـەيىن ئۇقۇمۇشـلۇق ، بولىـدىغان ئـادەم ئىـكەن ، ئۇنىـڭ سـوفىزىملىق ھەققىـدىكى پىكىرلىـرى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىگۈدەك» دېگەنىدى.

گېپىم تۈگىشگە ئۇ غالچىلاردىن بىرى يەنە:

- ھۆسـەيىن ھەممىنـى ئېتىـراز قىلدى،مۇسـۇلمان قېرىنداشـلارنىڭ قۇربـانلىق بويۇمىغـا ئايلانغۇڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ، ھۆسەيىن ۋە سىراجىدىنغا چاپان يېپىۋاتىسەن، ساڭا ئەڭ ئـاخىرقى قېتىم پۇرسـەت بېرىمىـز، ئەل-ۋەفىـدىنىڭ ئـادەملىرى بىـلەن ئابـدۇلھەكىم ئامىرنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىشلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ باق .ساڭا بېرىلگەن بۇ پۇرسـەتكە نـېمە دەيسـەنكىن؟ كـۆزلىرىڭنى ئويىۋېلىـپ كـور قىلىۋەتكەنـدىن كېيىن ھۆسەيىن ۋە فۇئاد سىراجىدىن بىلەن يۈزلەشتۈرىمىز- دېدى.

- ئاللاھقا ھەمدە بولسۇن،«ھەقىـقەتەن كـۆزلەر كـور بولمايـدۇ، لـېكىن كـۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ »(سۈرە ھەج 46-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)دېدىم.

شەمسى بەدىران يىلان چىقىۋالغاندەك ۋارقىراپ تۇرۇپ كەتتى :

- سافۋات، ئىتلارنى ئەكىر- دېيىشىگە يېنىدىكى بىرسى ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرمەكچى بولۇپ:

- ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ باشلىق ، ئۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆرۈپ يېتەلمەيۋاتىدۇ، بۇنداق جاھىللىقنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ،دېدى.

- ھەرقانداق نەتىجە- ئاقىۋەت ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا ئەمەس، خالىغىنىنى قىلىدىغان قۇۋۋەت ساھىبى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھتۇر - دېدىم.

شەمسى بەدىراننىڭ يېنىدىكى غالچىلىرىدىن باشقا بىرسى سۆزگە ئارىلاشتى:

- باشلىق، ھۆسەيىن ئابدۇلغاففارنى ھازىرلا بۇ يەركە ئەكىلىشكە بۇيرۇق بېرەمسىزكىن دېدى.

شەمسى بەدىران سافۋاتنى مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىۋېتىپ ھۆسەيىننى يالاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى.

بۇ پەسكەشلەر شەپەرەڭدەك كېچىدىن خوشال بولىدۇ ۋە كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، مېنى يېرىم كېچىدە يالاپ يەنە ئىشخانىغا ئېلىپ كەلدى.بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن ھۆسەيىن ئابدۇلغاففار كىردى، قولى سۇنغان بولۇپ داكا بىلەن بويىنىغا ئېسىغلىق ئىدى، پۇتلىرىمۇ تېڭىغلىق ئىدى، ئۈستى بېشىدىن قىيىن-قىستاققا ئېلىنغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ھۆسەيىن ئىچىگە كىرىپ مېنى كۆرۈپ سالام قىلدى، سالام قايتۇردۇم، شەمسى بەدىران ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك قاراپ :

- قېنى دېگىنە، زەينەب غەززالى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ ئۇنىڭ بىلەن ئاراڭلاردا نېمە ئىشلار بولدى؟ - دېدى.

ھۆسەيىن:

- قەغەزدە ھەممىسى يېزىقلىق- دېدى.

شەمسى بەدىران قەغەزلەرنى چىقىرىپ ھۆسەيىننى ئوقۇشقا بۇيرىدى.

مەن ھۆسەيىننىڭ قولىدىكى قەغەزگە دىققەت قىلماستىن، بۇ ئىبلىسلارنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاپ بېرىش، قانداق قىلىپ ھۆسەيىننى ئۆلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىپىرلايتتىم. ھۆسەيىننى قىيناپ چوقۇم ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغاننى يازدۇردى دەپ ئويلىدىم. ھۆسەيىن ئوقۇشقا باشلىدى.ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ ئەزەلدىن دېمىگەن، قىلمىغان، ھەقىقەتتىن تولىمۇ يىراق بولغان توقۇلمىلار ئىدى.

شەمسى بەدىران:

- زەينەب،ئەمدى نېمە دەيسەن؟- دېدى.

- قانداق قىلسۇن ئەمدى، سىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا سالغا ئىسكەنجە، زۇلۇم ۋە بېسىمڭلار ئاستىدا تەلەپ قىلغىنىڭلارنى يېزىشقا مەجبۇر بولغاندۇ شۇ- دېدىم.

- سەن بۇ ئاڭلىغانلىرىڭمۇ يالغان دېمەكچىمۇ ؟- دېدى.

- ھۆسەيىن يالغان سۆزلىمەيدۇ، ئەمما ئىشىنىمەنكى ئۇ سىلەرنىڭ زۇلۇمڭلارغا چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن.... دېيىشىمگىلا شەمسى گېپىمگە ئارلىشىپ ۋارقىرىدى.

- نېمە دېمەكچىسەن؟ ھۆسەيىن ئوقۇغان بۇ گەپلەرنى ئۇ ساڭا دەپ باقمىغانمۇ ؟

ھەسەن خېلىل :

-ھۆسەيىندىن ئاڭلىغان بۇ سۆزلەرنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىشنى خالايمىز،تىز دېگىن- دېدى.

يەنە بىرسى:

- مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈچۈن جىنىڭنى پىدا قىلغاندەك ھۆسەيىن ئۈچۈنمۇ جېنىڭنى پىدا قىلاي دېدىڭمۇ؟- دېدى.

- مەن ئۆزەمنى ئوتقا تاشلىمەيمەن، ئەكسىچە قۇتقۇزىمەن- دېدىم.

شەمسى بەدىران:

- دېگىنە ھۆسەيىن، زەينەب غەززالىغا فۇئاد سىراجىدىندىن بىر پارچە مەكتۇپ يەتكۈزدىڭمۇ؟ يەتكۈزمىدىڭمۇ؟

ھۆسەيىن ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

- ھۆسەيىن، سىز ماڭا باشلىق سىراجىدىندىن مەكتۇپ ئەكىلىپ باققانمۇ؟

ھۆسەيىن:

- باشلىقتىن ئەمەس، كىچىك فۇئاد سىراجىدىندىن- دېدى.

- مەن پەقەت فۇئاد باشلىقنىلا تونۇيمەن، كىچىك دېگىنىڭىز كىم؟ دېدىم.

- فۇئاد باشلىقنىڭ نەۋرە ئېنىسى- دېدى.

- ھۆسەيىن بۇ زادى نېمە ئىش؟-دەپ سورىدىم.

- بۇ پەقەتلا ئەلى سۇلايماننىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بىر يۇمۇرىدىن ئىبارەت، مەن بۇ يۇمۇرنى زەينەب خانىمغا بۇرۇنمۇ سۆزلەپ بەرگەن دېدى.

شەمسى بەدىران ھۆسەيىننى چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭغا:

- ئاللاھ نېمىدىگەن ياخشى ھىمايىچى، بۇ ئۆزۈڭلار توقۇپ چىققان چاقچاق بولسىمۇ ئارىسىغا سۈيقەستىڭلار يوشۇرۇنغانىكەن دە ؟ شۇنداقمۇ؟ قارىغاندا فۇئاد سىراجىدىن باشلىقمۇ سىلەرنىڭ زەھەرلىك قولۇڭلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىغىدەك، دېدىم.

ئۇ سافۋاتنى مېنى قامچىلاشقا بۇيرىدى .ئاندىن ھەمزە مېنى يالاپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى.

## قېيىن- قىستاق ۋە دوختۇرخانا

ئەتىسى ھەمزە بەسىيۇنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقان، مەن سولانغان كامىرغا كىردى، يېنىدا گېنىرال دەرىجىلىك بىر غالچىسى ۋەدوختۇر ياردەمچىسى ئابدۇلمەبۇد بار ئىدى، ھەمزە ئابدۇلمەبۇدقا:

- چىقىپ ئۇستەل بىلەن ئورۇندۇق ئەكىر- دېدى.

ئۇ مۇ تېزلا ئەكىردى.

ھەمزە ئۇستەلگە قەغەزنى قويدى ۋە ئابدۇلمەبۇدقا :

- ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ زەينەبنىڭ ئاغزىدىن چىققانىڭ ھەممىسىنى ياز- دېدى.

ئارقىدىنلا سافۋات بىرمۇنچە ئارخىبلارنى كۆتۈرۈپ كىردى، ھەمزە ھەربىر ئارخىپ خالتىسىدىن بىردىن ۋاراقنى سۇغۇردى ۋە ماڭا:

- بۇنىڭ ھەممىسىنى قەغەزگە يازىسەن، بۇلار ھۇدەيبى، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، سەئىد قۇتۇب، ھاۋۋاش، ئەھمەد ئابدۇلمەجىد، مۇرسى مۇستافا مۇرسى، سەبرى ئارافە، فەرۇخ مىنشاۋى، ئابدۇلئەزىز ئەلىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرى- دېدى.

- مەن پەقەت بىلگىنىمنى يازىمەن، بۇ سۆزلەر بىلەن ئالاقەم يوق، بۇلارنى ئۇلار يازدى دەپ قارىمايمەن ھەم ئىشەنمەيمەن.

ھەمزە:

- قانداق قىلىش كېرەك بولسا شۇنداق قىل، بولمىسا سېنى شەمسى بەدرانىنىڭ يېنىغا ئاپىرىمىز،ئۇ يەردىكى قىيىن-قىستاقنىڭ تەمىنى ئوبدان بىلىسەن.

ئابدۇلمەبۇدقا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى مەدھىيلەيدىغان گەپلەرنى قىلدىم، ئۇ مۇ يازدى. ئاللاھ ۋە رەسۇلىدىن باشقا بۇ زىنداندا نېمىمىز بارئىدى؟

ھەركۈنى سەھەردە مېنى شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپىرىش ئۈلارغا ئادەت بولۇپ قالدى، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم، شەمسى بەدىران مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققان، دوختۇر ياردەمچىسى خاتىرلىگەن ھېلىقى قەغەزنى كۆز ئالدىمدا يىرتىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتتى، ۋە ھايۋاندىنمۇ بەتتەر بىر قىياپەتتە:

- ۋۇ ئىتنىڭ بالىسى ! بىز قىلغان بارلىق تەكشۈرۈشلەرنى يوق قىلماقچىمۇسەن؟ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭنىڭ نىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىنكار قىلاي دېدىڭمۇ؟ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى سېنىڭ گەپلىرىڭ ئارقىلىقمۇ دەلىللىنى تاپتى،سەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە مەسئۇل بولۇشىڭ كېرەك- دېدى.

- مەن ئۆزەم ئىشىنىدىغان ھەققە سادىق ۋە ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا مەسئۇلمەن، بۇ سۆزلەرنى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن چىققانلىقىغىمۇ ھەم ئىشەنمەيمەن. مېنى ئۇلار بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭلار، بۇ ئىقرارنامىلەرنى تايىنلىق ئۆزلىرىڭلار توقۇپ چىقىرۋالغانسىلەر- دېدىم.

شەمسى بەدىران يەنە ۋارقىرىدى:

- ھەمزە! بۇنىڭ ئۆلگۈسى كەپتۇ،ئېلىپ چىقىپ كۆمۈۋېتىڭلار، ماڭا ئۇنىڭ جەسىدى كېرەك، دېدى.

ئۇلار مېنى باشقا بىر زىنداندا قامماپ قويۇپ بىر سائەتتىن كېيىن چىقىرىپ،شامالدۇرغۇچىنىڭ ئالدىغا يۈزۈمنى توغۇرلاپ قويۇپ قامچىلىدى، ئالتە سائەت مۇشۇنداق تۇردۇم، ئۆزۈمنى خۇددى قىززىق مىخنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم، ئۇزۇن مەزگىللىك تاياق ۋە قامچىلاردىن بەدىنىمنى كۆتۈرگۈدەكمۇ كۈچۈم قالمىغان، ھەممە يېرىم توپتەك ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

يېرىم كېچىدە يەنە شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا ئاپاردى، ئۇ:

- زەينەب، بىزگە ماسلاشساڭ رەئىس ئابدۇناسىرنىڭ يېنىغا ئاپىرىمىز، شۇھامان ئۆيۈڭگە

قايتسەن، شۇ كۈنىلا مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنى چەكلىگەن قانۇننى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز، مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە مىرۇل-جەدىد تىكى مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىملىق ياردەم سۈپىتىدە 50 مىڭ جۈنەيىھ بېرىلىدۇ.بۇلاردىن سىرت بىرلەشمىنىڭ ژورنىلىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قايتا تارقىتىلىشى ئۈچۈن 10 مىڭ جۈنەي بېرىلىدۇ، دېدى.

ئۇلاردىن بىرسى:

- مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مىرۇل جەدىد تە زېمىنى بارمۇ؟- دەپ سورىدى.

- ھەئە، ئالتە مىڭ كۇۋادىرات مېتىر- دەپ جاۋاب بەردىم.

كېيىن بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ سالىھ ناسىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم، بۇكىشى يەنە سورىدى:

- تەشكىلاتىڭلار بۇنچە چوڭ يەرنى نېمە قىلىدۇ؟

- مۇسۇلمان خانىم-قىزلار تەربىيلەش مەركىزى،مۇسۇلمان خانىم-قىزلار ياتىقى،پائالىيەت مەركىزى،يىغىن زالى، باش شتاب ئۈچۈن خىزمەت بىناسى، مەسچىد، قارى تەربىيلەش ئۈچۈن قۇرئان يادىلاش كۇرسى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ، دىنى بىلىملەرنى ئۆگىتىدىغان ئاياللار ئىنىستىتوتى قۇرۇشنى پىلانلىغانىدۇق دەپ جاۋاب بەردىم.

- بۇنچىلىك جىق پۇلنى نەدىن تاپىسلەر؟- دېدى.

- باشقىلارنىڭ ياردىمى ۋە ئىئانىسگە تايىناتتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پىلانلار تەدرىجى ھالدا باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلاتتى، دېدىم.

ئۇ كىشى:

- خوش، ئۇنداقتا رەئىس ئابدۇناسىر ساڭا تولىمۇ ياخشى پۇرسەتنى بېرىپتۇ، ئۆيۈڭگە كېتسەڭ، ئىشىڭنى باشلايسەن، رەئىسمۇ سېنى چوقۇم رازى قىلىدۇ- دېدى.

- ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىز ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، قەلبىمىزدە ئاللاھ زىمىندىن، مالدىن، يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ ۋە مۆئمىن قۇللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تارتىۋلغان ئازغۇنلاردىن

نەچچە ھەسسە ئۇستۇندۇر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق ياردىمىڭلار كېرەك ئەمەس، ئابدۇناسىر بىلەنمۇ كۆرۈشمەيمەن، ئىسمائىل فەييۇم، رىفات بەكرىنىڭ، مۇھەممەد ئاۋۋادنىڭ ۋە ئابدۇلقادىر ئۇدەھنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قېنىنى ئاقتۇرغان ئۇ مۇبارەك مەيىنەت قول بىلەن كۆرۈشۈپ،قولۇمنى بۇلغىمايمەن، بۇ قان بۇ ئالەمدە مەسئۇلىيەت ۋە باشلامچىلىق تەختىدە قايتىدىن ئولتۇرىدىغان مۇسۇلمان ئەۋلادلارنى تەربىيلەيدۇ، بۇ قان ئادىمىيلىكىمىزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئېنىرگىيەنىڭ رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ سۆزلەر ئاغزىمدىن چىقا- چىقماس قامچىلار، شاپىلاقلار يەنە باشلاندى، يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم، شەمسى بەدىران ھەمزىگە ۋارقىراپ:

- بۇنى 34- نۇمۇرلۇق كامىرغا سولاپ قوي- دېدى.

بۇ قاراڭغۇ ۋە تار گوردەك بىر كامىر ئىدى، يەنە مېنىڭ يېنىمغا ئىككى ئىتنى سولاپ قويۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى.

تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم، قىبلىنىڭمۇ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىسەممۇ كەينى كەينىدىن توختىماي ئوقۇپ خوشۇھ ئىچىدە ئاللاھقا مېنى زالىملاردىن قۇتقۇزىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدىم،سەجدىگە باش قويغىنىمدا ئىتلار ئۇستۈمگە چىقىپ بېشىمنى، يۈز- كۆزلىرىمنى تاتىلىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن ئېشىك ئېچىلىپ ئىتلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، مېنى دوختۇرغانىغائاپاردى، خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن يەنە شەمسى بەدىرانىنىڭ يېنىغا سوراق قىلىشقا ئاپاردى.

شەمسى بەدىران:

- زەينەب ئۈچ يىل بۇرۇن مىسىرنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن كەلگەن 50 تىن ئارتۇق كىشى سېنىڭ ئۆيۈڭدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپتىكەن ، بۇ يىغىندا نېمىنى مەسلىھەتلەشتىڭلار؟

- جامائەت بىلەن ئاخشامغىچە بىللە بولدۇق، خۇپتەن نامىزى ۋە تەرەۋىھ نامىزىنى بىللە ئوقۇدۇق ئاندىن ئارام ئالدۇق- دېدىم.

ئۇ:

- بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىش سەۋەبىنى سوراۋاتىمەن، دېدى.

-ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دېدىم

-ئۇلار ئۆيۈڭدە ناشتا قىلدىمۇ؟

-بەزىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە ناشتا قىلدى.

-ئەينى چاغدا نېمىشقا يىغىلغانتىڭلار؟

- ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى ئۆگىنىش، شەرق ۋە غەربنىڭ ھەر تۈرلۈك ئازغۇن ئىدىيەلىرى كۈشكۈرتىدىغان ناچار ئېقىملارغا قانداق قارشى تۇرۇشنى مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن.

- قايسى ئىسلام، قايسى دىنسىزلىق، قايسى جاھىلىيەتتىن سۆز قىلىۋاتىسەن؟

- شەھەردە ئايلانغان ۋاقىتلىرىمدا دىنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقنى باش تېما قىلغان سانسىز گېزىت-ژۇرناللارنى كۆردۈم، بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزىمنى، ئەخلاقسىزلىقنى ۋە ھەر تۈرلۈك ناچارلىقلارنى جەمئىيەتتە تارقىتىش ئۈچۈن سېتىلماقتا.

ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ ۋارقىرىدى:

- قۇرۇق گەپ، ئۆيۈڭدە يىغىلغانلارنىڭ ئىسمىنى دە، ئۇلاردىن بىرى يىغىننى تاشلاپ ھۇدەيبى بىلەن كۆرۈشۈشكە كەتتى، ۋە ھۇدەيبىنىڭ ئۆيىدىن ساڭا بىر تېلېفون قىلىۋەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى، ئۇ كىم ئىدى؟

- ئېسىمدە يوق، ئىسمىدە قالغىنى ئۇنىڭ ھۇدەيبى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھۇدەيبى بىلەن ئالدىنئالا كېلىشىپ قويۇشۇمنى دېگەنلىكى، بۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

- سىلەر زادى نېمىشقا يىغىلغان، سېنىڭ سەمىڭگە سېلىپ قوياي ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ، ھۇدەيبى بىلەن كۆرۈشكىنى ئابدۇلفەتتاھ شەرىف، شۇنداقمۇ؟ راست گەپ قىلمىساڭ يەنە

قامچىلىنىسەن، ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ۋە ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىدىڭلار، شۇنداقمۇ ؟

-جاھىلىيەتكە ۋە ئازدۇرغۇچ ئىدىيەلەرگە قانداق قارشى تۇرۇش، قۇرئان ۋە سۈننەتنى قانداق تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش، قۇرئان بويىچە دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ تەقەززاسىنى مۇسۇلمانلارغا قانداق يوسۇندا بىلدۈرۈش ھەققىدە پاراڭلاشتۇق.

ئۇ مەسخىرە قىلغان ھالدا:

-ئەمسە ئەزھەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دېگىنە ئەزھەرنىڭ ۋەزىپىسى نېمە؟ سافۇۋات! بۇنى ئەپچىقىپ قامچىلا.

تاكى تاياق زەربىسىدىن ھۇشۇمدىن كەتكەنگە قەدەر ئاللاھ دەپ زارلاندىم ئاللاھقا يالۋۇردۇم.

## بەشىنچى باب

## فىرئەۋننىڭ قۇلىقى مەندە

ئەلھەمدۇلىللاھ ھۇشۇمغا كەلدىم، ئەمما كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا جەسەتكە ئوخشاش ئۆلارنىڭ كۆز ئالدىدا يېتىپتىمەن، دوختۇرلار يارىلىرىمنى داۋالاۋاتقان ئىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن كۆز يۈگۈرتتۈم. كىمنى كۆردۈڭ دەڭلار؟!

جامال ئابدۇناسىر ۋە بىر تال قارا كۆزەينەكنى ئويناپ ئولتۇرغان ئابدۇلھەكىم ئامىر مارشال تۇراتتى.

ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ قەيەردىن كەلگەن جاسارەتتىكىن، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ماڭا بىر ئىستاكان لىمون سۈيى بېرىپ ئورۇندۇققا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى، يەنە بىر ئىستاكان قەھۋەمۇ ئەكىرگۈزۈپ بەردى، ئۇنىمۇ ئىككىلەنمەي ، رەت قىلماي ئىچتىم، ئىچىمدە :«ئەمدى نېمە چوڭ ئىشلار بولۇپ كېتەر» دېدىم. ئەتراپىمدىكى بۇ مەنزىرە

پەرەزلىرىمنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى.

شەمسى بەدىران قوۋزىنى كۆپتۈرۈپ :

- زەينەب خانىم، سورىغان سوئاللىرىمغا ياۋاشلىقچە جاۋاب بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، بولمىسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىسەن، مەسىلەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار دۆلەتتە ھاكىم، ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىدا، بىز ئۇلارغا ئىتائەت قىلساق، بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىزنى نېمە قىلىۋېتەتتى ؟- دېدى.

جاسارىتىمنى توپلاپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

- بىز ئۆزلىرىگىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغان كىشلەرنى دورىمايمىز، زالىملار قوللىرىنى بۇلغىغان نەرسىلەردە قوللىرىمىزنى بۇلغاپ يۈرمەيمىز، بىز قوللىرىمىزنى ئىنسانلارنىڭ قېنىغا چىلىمايمىز، يەر يۈزىنى زۇلۇم ۋە چىرىكلىك بىلەن تولدۇرىدىغان ئازغۇنلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرمايمىز.

- يۇم ئاغزىڭنى، مەن سەندىن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ، مېنى نېمە قىلىۋېتەتتىڭ دەپ سوراۋاتىمەن.

بىز ھەقىقەتنى ياقىلىغۇچىلار،ھاكىمىيەتكە ئېرىشسەكمۇ، ئېرىشمىسەكمۇ ئاللاھنىڭ يولىغا سادىق، ‹بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق› تۇغىنى گۈللەندۈرىمىز، بۇنىڭغا جېنىم پىدا بولسۇن ‹ شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ، جانلىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى . سۈرە تەۋبە 111- ئايەتنىڭ بىر قىسمى › .

- ۋۇ ئىتنىڭ بالىسى، سورىغان سوئالىمغا جاۋاب بەر، ھاكىمىيەت ھەرقايسىڭنىڭ قولىدا بولغان بولسا بىزنى قانداق قىلىشاتتىڭ؟

- ھاكىمىيەتنى قولغا چوقۇم كىرگۈزىمىز دېيدىغان مەقسىتىمىز يوق،ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچى سەمىمىي، ئىشەنچلىك بولسا، خەلققە مەسئۇل بولسا ۋە ئاللاھقا قۇللۇق قىلالىسا، ئاللاھ يولىدا كېرەكلىك ئىشلارنى ئىجرا قىلىپ پۈتۈن دۆلەتنى ئىسلامىي يۇراققا

تويۇندۇرالىسىلا بىزنىڭ ئورنىمىزنىڭ يۇقىرى -تۆۋەن بولىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق.
بەلكىم يەنە بىر قانچە ئەۋلادلاردىن كېيىن ئاندىن ئىسلامىيەت ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ، بىز ئالدىراپ كەتمىدۇق، ئىسلامىيەت ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا مۇسۇلمان خانىم-قىزلار ئۆزلىرى ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئورۇنغا ۋە ئىززەت- ئابرويغا ئېرىشىدۇ، يارامىلىق ئىسلام ئەۋلاتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.
شەمسى بەدىران قۇيۇندا قالغاندەك، چۆلدە يۆنىلىشىنى تاپالماي بېشى قېيىپ قالغاندەك ساراڭلارچە چالۋاقاپ:
- بولدى بەس! نېمە دەۋاتىسەن؟ مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ نېمە قىلاتتىڭ دەۋاتىمەن.
- ئىسلام ئادالەت، نۇر ۋە رەھمەتتۇر، ئىسلامدا قامچا ۋە توقماق يوق، قىيناش ۋە زىندان يوقتۇر، تۈرمە ۋە سۈرگۈن يوقتۇر، شېھىدلەرنىڭ بەدەنلىرىنى پارچىلاش، ئەزالىرىنى توغراش يوقتۇر، رىفات بەكىر ﴿ مۇسۇلمان ياشلاردىن بىرسى بولۇپ، بېشى زىندان ھويلىسىدىكى فونتانغا ئۇرۇپ پارچىلانغان ﴾ ، ئىسمائىل فەييۇم ﴿ ئابدۇناسىرنىڭ شەخسى قوغداش ساقچىسى بولۇپ، گۇمانلىق دەپ تۇتۇلغان ۋە شەمسى بەدىران ئۆز قولى بىلەن زىنداندا گېلىنى سىقىپ ئۆلتۈرگەن ﴾ ، مۇھەممەد ئايياد ﴿ سەئىد قۇتۇبنىڭ جىيەنى، يەنى نەفسە ھەدىسېنىڭ ئوغلى ﴾ قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلار يوقتۇر، ئىسلامدا باللار يېتىم، ئاياللار تۇل قالدۇرۇلمايدۇ، ئىسلامدا فىرئەۋنلەر ۋە بۇتپەرەسلەر يوقتۇر، ئىسلام پەقەت ھەق ۋە ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر.
شەمسى بەدىران ۋارقىراپ:
-ئاغزىڭنى يۇم، سافۋات! بۇنى ئېسىپ قامچىلا .
سافۋات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ مېنى ئېسىپ ئۇرۇشقا باشلىدى،قامچا بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرىگە قارسىلداپ تېگىپ،قان تەپچىشكە باشلىدى، مەن ئاغرىق ئازابىنىمۇ ھېس

قىلالماس ھالغا كەلگەنىدىم.

دوختۇر ھالىمنى كۆرۈپ :

- باشلىق، ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىڭلار، ئۇ ئۆلۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ، دېدى.

شەمسى بەدىران:

-ئۇ ئۇستىلىق قىلىۋاتىدۇ، دېدى

ئارىسىدىكى يەنە بىر غالچا:

- ئۇ سوتقا تارتىلىشى ئۈچۈن ياشىشى، ساغلام تۇرىشى لازىم-دېدى.

ئۇنىڭ گېپىنى شەمسى بەدىران تولۇقلاپ:

- شۇنداق، سوتقا چىقىشى، خەلقنىڭ ئۇنى كۆرىشى، ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ياشىشى كېرەك-دېدى.

دوختۇر:

- بۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىددى قۇتقۇزۇشقا كېرەكلىك دورىلارغا مۇھتاجمىز، ئەمما بىزدە دورا قالمىدى، دېدى.

شەمسى بەدىران ئابدۇلھەكىم ئامىرنىڭ دورىخانىسىدىن ئەكىلىشكە بۇيرىدى.

دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلدىم، ئەس-ھۇشۇمنى يوقاتتىم، شۇ سەۋەپ ئۇ كۈنى يەنە جامال ئابدۇناسىر ۋە ئابدۇلھەكىم ئامىر ۋە شەمسى بەدىرانلارنىڭ يەنە نېمە دېگەنلىكلىرىنى ئەسلىيەلمىدىم، ئەمما جامال ئابدۇناسىرغا دېمەكچى بولغانلىرىمنى دېيەلىگەن ئىدىم.

# سۈيقەستنىڭ كېلىش مەنبەسى پەقەت بىر چاقچاق

مېنى  سوتقا ساق-سالامەت ئېلىپ چىقىشىم ،بۇ دىلونىڭ پىلانلىغۇچىسى سۈپىتىدە بارلىق تەپسىلاتلارنى بايان قىلىشىم كېرەك ئىدى، شۇ سەۋەپ  مېنى دورا ـ ئوكۇللار بىلەن داۋالاشقا باشلىدى، ئۈچ كۈن ھۇشسىز ياتتىم.

شەمسى بەدىران ھەمزە بەسيۇنىغا:« مەن ساڭا بۇ خوتۇننى مېنىڭ ئالدىمغا تىرىك ھالدا ئېلىپ كىرمە دېمىگەنمىدىم، ئۇنى يەنە نېمگە ئېلىپ كەلدىڭ» دېدى،ئاندىن ماڭا قاراپ :« سەن نېمىشقا تېخىچە ھايات يۈردۈڭ؟» دەپ سورىدى.

مەن :« ئۆلۈش ياكى ئۆلمەسلىكىمنى سەن بەلگىلىمەيسەن بۇ ئاللاھنىڭ قول ئىلكىدىكى ئىش، ئاللاھ خالىغان ئادەمنى ياشىتىدۇ خالىغان ئادەمدىن ئامانىتىنى ئالىدۇ» دېدىم.

ئۇ ۋاقىرىراپ :« ئاغزىڭنى يۇم ، مېنىڭ سورىغان سۇئاللىمغىلا جاۋاب بەر، قوشۇنىڭدىكى قايسى ئادەم ئىسكەندىرىيەيولىدا جامال ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى؟» دەپ سورىدى.

ھەسەن خېلىل : « باشلىق ، سۇئالىڭىزنى تېخمۇ ئوچۇقراق سورىسىڭىز ياكى ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ» دېدى.

ۋە ئۇلاپلا :« بىرسى ساڭا، بىر تۈركۈم كىشلەرنىڭ ئىسكەندىرىيەگە بارىدىغان يولغا قىلتاق قويغانلىقىنى ئېيتقان . بۇ ۋاقىتتا جامال ئابدۇناسىر ماشىنا بىلەن ئىسكەندىرىيەگە بارماقچى ئىدى ، بۇ كىشلەر يولدا ئۇنىڭغا زەربە بەرگەن ، زادى كىم جامال ئابدۇناسىر ئۆلتۈرماقچى بولغان ماشىنىغا چىقىۋالغان ؟ » دەپ سورىدى.

مەن :« بۇ نېمىدىگەن بىمەنىلىك ، مەن ئاڭلىغان ئەڭ كۈلكىلىك ئىش بولدى، سىلەر تارىخ بېتىگە ئۆزۈڭلارنىڭ سېسىق ناملىرىنى قالدۇرغۇدەكسىلەر، مېنىڭ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىشىم ، قېنىمنىڭ ئېقىشى، ئۇستىخانلىرىمنىڭ سۇندۇرىلىشى مۇشۇ ئىش ئۈچۈنمۇ؟»

دېدىم.

شەمسى بەدىران :« ئەگەر سىىنى ئېسىپ ئۇرىدىغان بولساق ھازىرلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىسەن ، ئەمما يەنىلا سىىنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىڭنى ئاڭلىغۇمىز بار ، بۇ ئىشلارنى باشتىن ـ ئاياغ ئېنىق سۆزلە! ئىتنىڭ بالىسى ، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتقان سەيفۇل بەننامۇ ؟» دەپ سورىدى.

مەن :« شۇنداق ، بۇ سەيفۇل بەننا ماڭا سۆزلەپ بەرگەن چاقچاق ئىدى خالاس» دېدىم.

شەمسى بەدىران ئاچچىغلانغىنىدىن مېنى تېپىپ :«نېمە ،چاقچاق دېدىڭمۇ؟» دېدى.

مەن :« بىر كۈنى شېھىد ھەسەنۇل بەننانىڭ ئۆيىگە باردىم، سەيفۇل بەننا ماڭا بىرسى ماڭا مۇنداق بىر گەپنى دەپ بەردى، جامال ئابدۇناسىر ماشىنا بىلەن ئىسكەندىرىيەگە بارىمىش، بىر تۆركۈم كىشى ئابدۇناسىر ئۆتىدىغان يولدا ئۇنىڭغا زەربە بەرمەكچىمىش، ئەمما جامال ئابدۇناسىر پىلاننى ئۆزگەرتىپ ، ماشىنا بىلەن ئەمەس پويىز بىلەن ئىسكەندىرىيەگە بېرىپتۇمىش، ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى ماشىنىغا يوشۇرۇنغان كىشىمۇ ۋە ماشىنىمۇ يوقاپ كېتىپتۇمىش » دېدى.

مەن سەيفۇلغا :« بۇ بىر چاقچاق ئىكەن ، ئەمما ئىش كىشلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۇنچە ئاددى ئەمەستەك تۇرىدۇ، مېنىڭچە ھېچكىم جامال ئابدۇناسىرنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە پېتىنالمايدۇ، بۇ ئاخبارات مەھكىمىسىدىكىلەرنىڭ توقۇپ چىققان يالغان گەپلىرى خالاس ، ھەر كۈنى دېگۈدەك جامال ئابدۇناسىرنى قەستلەش خەۋەرلىرى تارقىلىپ تۇرىۋاتىدۇ ، بىردەم خەلق قوزغىلاڭچىلىرى ئۆلتۈرمەكچى دەۋاتقان بىردەم بولسا ئارمىيە تەرەپ ئۆلتۈرمەكچى دەۋاتقان ، مۇشۇ ئىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشلەرنى تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىشتى »دېدىم.

سەيفۇل :«بۇ پەقەت كىشلەر سۆزلىشىۋاتقان كۈلكىلىق بىر چاقچاق بولسىلا بولىدىغۇ» دېدى.

مەن :« جامال ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇنداق زالىم ھۆكۈمراننى ئۆلتۈرۈش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدۇ،مەسىلە ئابدۇناسىرنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر، يەنى نۆۋەتتىكى مەسىلە بولسا دۆلەتنى قانداق قىلىپ جاھىلىيەتتىن ئازات قىلىش» دېدىم.

سەيفۇ :« خەلق ئۆز مەنپەئەتىنى كۆپرەك ئويلىشى ، قانداق قىلىپ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئويلىشى كېرەك » دېدى.

مەن :« ئىشقىلىپ ، كىشىلەر بۇ چاقچاق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن ، ئەمما ئۇلار بۇ چاقچاق تۈپەيلى ئىسسىق جانلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىمۇ بارغانسىرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ» دېدىم.

شۇنداق قىلىپ سەيفۇل ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت مۇشۇ يەردە تۈگىدى.

شەمسى بەدىران :«بۇ چاقچاقمۇ ؟ ئىسكەندىرىيەگە بارىدىغان يولدا جامال ئابدۇناسىرنى قەستلەش چاقچىقىمۇ ؟ سەن ئۆيۈڭدە ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، ئەلى ئىشماۋىيلار بىلەنمۇ مۇشۇ چاقچاقنى قىلىشتىڭلار، سىلەر نېمە ئۈچۈن بىرلىكتە بۇ پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىكى سەۋەنلىكلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ باردىڭلار؟» دەپ سورىدى.

مەن :« مەن ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلغا سەيفۇل بەننادىن ئاڭلىغان بۇ چاقچاقنى سۆزلەپ بەردىم خالاس» دېدىم.

ئۇلار گېپىم تۈگىشىگىلا مېنى ئۇرۇپ-تىللاپ كېتىشتى.

شەمسى بەدىران : « ئۇنداقتا ھەسەن ھۇدەيبىگە بۇ چاقچاقنى سۆزلىشىڭدىكى مەقسەت نېمە ، سېنىڭ گېپىڭچە بولغاندا بۇ پەقەتلا بىر چاقچاققۇ خالاس، ئۇنى ھەممە ئادەمگە يەتكۈزۈشۈڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟» دېدى.

مەن :« بىزمۇ ئادەم ، ئانچە- مۇنچە كۈلۈشكە، خۇش بولۇشقا ئېھتىياجىمىز بار، شۇڭا بۇ چاقچاقنى دېيىشىپ كۆڭلىمىزنى خوش قىلىۋالدۇق خالاس» دېدىم، دېدىمىۇ، يەنە تاياققا قالدىم.

شەمسى بەدىران :

-خوش، بولىدۇ، سەيفۇل بەنناغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە پاراڭلىشايلى ، قۇتۇب تۈرمىدىن چىقىشتىن بۇرۇن ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ئابدۇلئەزىز ئەلى مەسئۇل بولغان، بۇ ئىشنى كىم ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قارار قىلغان؟ ئابدۇلئەزىز ئەلى ئەينى ۋاقىتتا ئەلى ئاشماۋى ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، يەھيا ھۈسەيىن ، ئابدۇلمەجىد ئەش-شازەلىلەر بىلەن يىغىلىپ يىغىن ئېچىشقان، قۇتۇب تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇلار يەنە ئىككى قېتىم يىغىلغان ،بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن ؟

- بۇ ئۇچرىشىشلاردىن خەۋىرىم يوق.

- سەن بىلمىسەڭ كىم بىلىدۇ ؟ ئۇچرىشىشلارنى، يىغىلىشلارنى ھەممىدىن ئېنىق سەن بىلىسەن.

- بۇ ئېنىقلا بىر تۆھمەت.

-ئابدۇلئەزىز ئەلىنىڭ رەھبەر بولۇش بۇيرۇقىنى كىم يەتكۈزدى؟

-يالغان، ئۇنداق ئىش يوق؟

-سېنى ئوبدان بىر ئەدەبلەپ قويمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ، سەن ھوشۇڭنى تاپمايۋاتىسەن، ئۆزۈڭنىڭ مەنەپەئىتىنىمۇ ئويلاپ قوي.

ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئولتۇرغان ھەربىي ئەمەلداردىن بىرى سىياسەتچىلەردەك سۆزلەشكە باشلىدى.

- توختاپ تۇرۇڭ باشلىق، مەن زەينەب خانىم بىلەن بىردەم پاراڭلىشاي،دېدى ۋە:

- زەينەب، ھۇدەيبى، ئابدۇلئەزىز ئەلى ئېتىراپ قالدى، ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، بەلكىم ئېسىڭگە كەپ قالار ، ھەممىسى ئېتىراپ قىلغان ئىشنى ئىنكار قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئابدۇلئەزىز ئەلى ئابدۇناسىرنى زەھەرلەش ئۈچۈن ئىسمائىل فەييۇمگە زەھەر

بەرگەن ئىشــــنى بىلەمســــەن؟ بـــۇ ئىـــش قانـــداق مەسلىھەتلىشـــىلدى ۋە قانـــداق ئەمەلىلەشتۈرۈلدى؟

ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدىم:

- ھەممىگــلار ئېلىشــىپ قاپســىلەر، ئەســلى ئابدۇناســىرنى ئۆزۈڭلارنىــڭ ئۆلتۈرگۈســى بــار ئوخشــايدۇ ، ئۆلتۈرگــۈڭلار بولســا ئــۆزۈڭلار ئۆلتۈرــۈرىڭلار، نېمىشــقا كەچكــچە بىزنــى چېتىۋالىسىلەر؟ مېنى ئابدۇلئەزىز ئەلى ۋە ھەسەن ھۇدەيبى ئۇستاز بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭلار .

- ياق، سېنى ئاۋال ئەلى ئاشماۋى بىلەن كۆرۈشتۈرىمىز-دېدى.

- ئەلـى ئاشـماۋى بىـر يالغـانچى ئەبـلەخ ، ئەگەر ئـۇنى كـۆرۈپلا قالسـام يـۈزىگە تۈكـۈرۈپ قويۇشۇم مۇمكىن.

- ئەلى ئاشماۋى سىلەرنىڭ ئادىمىڭلار ئەمەسمۇ؟-دېدى شەمسى بەدىران.

- ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس، ئەلى ئاشـماۋى سـېتىلغان بىـر چېقىمچىـدۇر، مېنى ھۇدەيبى ياكى ئابدۇلئەزىز ئەلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار-دېدىم.

- بولمايدىغان يېرى يوق، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرىمىز-دېدى ھەسەن خېلىل

شەمسى بەدىران سۆزگە ئارلىشىپ:

- ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى تەشكىللىشى ئۈچـۈن ھـۇدەيبى بـىلەن قاچـان مەسلىھەتلەشتىڭ؟-دېدى.

- بۇنداق ئىش يوق- دېدىم.

شەمسى بەدىران سافۋاتقا ئەلى ئاشماۋىنى ئەكىرىشنى بۇيرىدى.

ئەلى ئاشماۋى يىپەك كىيىملەر بىلەن چاچلىرى تاراغلىق ھالدا كەلـدى، ناھـايىتى ياخشـى مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى، شەمسـى بەدىـران سـىلىق بىـر تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن سورىدى:

-ئەلـى، زەينەبنىـڭ پـۈتى يارىلانغانـدا سـەن ئۇنىـڭ بـىلەن بىـرگە ھۇدەيبىنىـڭ ئـۆيىگە

باردىڭ، زەينەب ماشىنىدىن چۈشمىدى، سەن ئۆزۈڭ يالغۇز كىرىپ كەتتىڭ شۇ چاغدا نېمە ئىشلار بولدى؟

-شۇنداق، مەن ھۇدەيبىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قىزنىڭ دادىسىدىن سوراپ بېقىپ، ئابدۇلئەزىز ئەلىگە ئىشىنەمدىكەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا رەھبەرلىك قىلىشىغا قوشۇلامدىكەن دېدىم، قىزى بىردەمدىن كېيىن دادىسىنىڭ ئابدۇلئەزىز ئەلىنىڭ باشلىق بولىشىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقتى .

- نېمە دەيسەن زەينەب؟ - دېدى شەمسى بەدىران.

ئەلى ئاشماۋىغا:

-سەن يالغان سۆزلەۋاتىسەن، بىر كۈنى سېنى ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالغىنىمدا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى بىر يىگىتنىڭ ئابدۇلئەزىز ئەلىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگۈسى بارلىقىنى ، ۋە بۇ ھەقتە ھۇدەيبى ئۇستازنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتتىڭ، ۋە مېنىڭمۇ بۇ ئىش ئۈچۈن بىللە بېرىشىمنى ئۆتۈندۈڭ، شۇنداق قىلىپ ئىككىمىز بىللە ھۇدەيبى ئۇستازنىڭ ئۆيىگە باردۇق، ھۇدەيبى ئۇستاز ئابدۇلئەزىز ئەلى ئائىلىسى تەربىيىلىك ، ياخشى ئائىلە، بۇ توي ئىشىغا قوشۇلىمەن ، دېدى.

- ئەلى، بۇ ئىش راستمۇ؟ دەپ سورىدى شەمسى بەدىران

- بۇنىڭ ھەممىسى سىموۋللۇق گەپلەر ، زەينەب بۇ ئىشلارنى ھەممىدىن ياخشى بىلىدۇ - دەپ جاۋاب بەردى ئەلى ئاشماۋى.

- سېنىڭ ئۇستى ـ بېشىڭ، تۇرقۇڭ سېنىڭ ئەپتى-بەشىرەڭنى ئاشكارلاپ تۇرۇپتۇ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار دار ياغاچلىرىدا قامچا يىگەندە، ئىتلار تالاپ بەدەنلىرى-تىتما-كاتاڭ بولۇپ، قىينالغاندا سەن قەيەردە ئىدىڭ، ۋۇ نۇمۇسسىز غالچا، ئۇلارنىڭ سېنىڭ گېپىڭگە ئىشەنگەنلىرى بىكار ئەمەسكەن، دېدىم.

شەمسى بەدىران ئەلىنى چىقىرۋېتىپ:

- زەيــنەب، ســاڭا ئەڭ ئــاخىرقى قېتىملىــق پۇرســەتنى بېــرىمەن، ئابــدۇلئەزىز ئەلــى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىــق ئېيتىــپ بەر، ســېنىڭ ۋاستەڭ ئــارقىلىق هــۇدەيبى ۋە ئابــدۇلئەزىز ئەلــىلەر قايســى ماتېرىيــاللارنى ئالماشــتۇردى، دەپ سورىدى.

مەن:« ئۇ ئىككىسى بىلەن يۈزلىشمەن » دېدىم.

شەمسى بەدىران سافۋاتقا:

- هۇدەيبى بىلەن ئابدۇلئەزىزنى ئەكەلگۈچە بۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت- دېدى.

سافۋات بىلەن شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىدىن چىقتۇق، بىر سەئەتتىن كېيىن يەنە قايتۇرۇپ كەلدى، ئەمما ئىشخانىدا ئابدۇلئەزىز ئەلى ۋە هۇدەيبىلەر كۆرۈنمەيتى .

- قېنى ئۇلار- دېدىم.

شەمسى بەدىران:

- ســېنىڭ دېگىنىڭنــى قىلامتــۇق، خالىغــان ۋاقىتتــا كۆرۈشــتۈرىمىز، خالىغــان ۋاقىتتــا ئەكىلىمــىز، قارىغانــدا ســېنى باشــتىن باشــلاپ يەنە قــىيىن-قىســتاققا ئالســاق بولــدىغان ئوخشايدۇ،دېدى.

ئاللاهتىن خىجىل بولمىغــان ، قورقمىغــان ئادەملەرنىــڭ بەنــدىگە تۇتقــان مۇئامىلىســىدىن ئەجەبلەنمىسەممۇ بولىدۇ، دېدىم.

-هەسەن خېلىل:

- خانىم، هۇشــۇڭنى يىغىــۋال، باشــلىق ســېنى تەپــتىش مەهكىمىســىگە يــوللاپ بەرمەكچــى بولىۋاتىدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ كەلگۈسىنى چىقىش قىلغىن.

-تەپــتىش مەهكىمىســى؟ يەنە قايســى تەپــتىش مەهكىمىســى؟ ئۇنــداقتا ســىلەرچۇ؟ ســىلەر كىمنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋاتىسىلەر؟

-بىز پەقەت تەپتىش مەهكىمىسى ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىمىز خالاس،

دېدى شەمسى بەدىران.

-قامچا، ئىت، ئوت، سۇ تۈرمىسى، ئىسسىپ قويۇش ئۇرۇش، ئاچ ۋە سۇسىز قويۇش، يۇيۇنۇپ-تارىنىشتىن مەھرۇم قىلىش، كېچە-كۈندۈز دېمەي قىيناشلارنىڭ ھەممىسى تەپتىش مەھكىمىسىدىكى مۆھتەرەملەرنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى شۇنداقمۇ؟!

## مۇھەممەد قۇتۇب

شەمسى بەدراننىڭ ئىشخانىسىدا ھەسەن خېلىل « باشلىق ، تەپتىش مەھكىمىسىگە بېرىشتىن بۇرۇن بىز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ تەشكىللەش مەسىلىسى ۋە مەسئۇدنىڭ سوراق مەسلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى »دېدى .

شەمسى بەدران خۇددى ئۇنتۇپ قالغان بىر ئىشنى تۇيۇقسىز ئىسىگە ئالغاندەك :توغرا ، زەينەب بىز مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ تەشكىللەش مەسىلىسى ھەققىدە پاراڭلىشايلى ،دېدى .

مەن « بۇ مەسىلە توغۇرلۇق بۇرۇن دەيدىغانلىرىمنى دەپ بولغان . مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ھېچقانداق تەشكىلات قۇرغىنى يوق . ئۇ بىر ئىسلامى يازغۇچى،ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولسا كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋە كىشىلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرنى بىلدۈرۈشتۇر »دېدىم .

شەمسى بەدران :ھەمزە ئۇنى ئېلىپ كەت !قارىغاندا ئۇنىڭ سۇ تۈرمىسگە قايتقۇسى ، ۋەھشى ئىتلارغا يەم بولغۇسى ، ئوت تۈرمىسگە قامالغۇسى يەنە ئۆلگۇدەك قامچىلانغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ »دېدى .

ھەمزە مىنى شەمسىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئۆيگە ئاپىرىپ مىنى

قاماپ قويدى .

يېرىم سائەتتىن كېيىن ھەسەن خېلىل كىلىپ ، زەينەپ مەن ساڭا نەسىھەت قىلغىلى كەلدىم ، مەن بەك ھەيران قالدىم ،سەن ئۆزەڭنىڭ بوينىدىكى سىرتماقنى ئۆزەڭ چىڭتىۋاتىسەن . بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىدىكىلەر ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۋاتىدۇ .ئۇلار تىنىچلىق يولنى تاپتى ، بىز 100مىڭ ئادەمنى تۇتتۇق ، ھازىر 80 مىڭ ئادەمنى قويۇپ بەردۇق ،ھازىر پەقەت 20 مىڭ ئادەم قالدى . قويۇپ بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى قىلغانلىرنى ئېتىراپ قىلدى ،كىم ئۆزىنىڭ قىلغان جىنايەتلىرنى ئېتىراپ قىلسا دەرھال قويۇپ بىرىلدۇ . ھازىر يەنە 10 مىڭ ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرنى ئېتىراپ قىلدى ، ئۇلار قىلغانلىرغا نىسبەتەن پۇشايمان قىلغانلىرنى بىلدۇرۇشتى ،بىز ئۇلارنىڭ پۇشايمانلىرنى قۇبۇل قىلىپ ئۇلارنى قويۇۋەتتۇق . ھەتتا باش يىتەكچى ھەسەن ھۇدەيبى ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ، قۇتۇبلارمۇ قىلغانلىرنى بوينىغا ئېلىپ پۇشايمان قىلدى . سەن باش يىتەكچىنى قوغدىدىڭ ، لىكىن ئۇ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ساڭا ئىتتىرىپ قويدى . ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ، ۋە قۇتۇبلارمۇ ئوخشاش . سەن ئۇلار ئۈچۈن ئۆزەڭنى خاراپ قىلۋاتىسەن ، لىكىن ئۇلار سېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىڭ بىلەن قىلچىمۇ كارى بولمىدى . سەن ھازىرقى پوزىتسىيەڭنى ئۆزگەرتىشىڭ كېرەك ، ئۇ ئەزمەتلەرنىڭ ھەممىسى خاتىرجەملىككە ئېرىشتى ياكى خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن بىز بىلەن ماسلاشتى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسئۇلىيەتنى سەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئىتتىرىپ قويۇشتى ، ھۇدەيبى ، قۇتۇب ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ھەممىسى سېنى تىللاۋاتىدۇ ، مۇھەممەد قۇتۇب ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى بارلىق كىشى سېنى تىللاۋاتىدۇ . سېنىڭ پوزىتسىيەڭ ۋە مەيدانىڭ بىزنىڭ ھۆرمەتلىشىمىزگە ۋە ماختىشىمىزغا ئەرزىيدۇ . بىز باشقىلارنىڭ ئۇ خىل پوزىتسىيسېنى نەزەرگە ئالمايمىز . سەن ھەمزە بەسيۇنى ۋە سافۋاتنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلۈڭگە ئالما ، بىز قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئۇ ئەزالارنى

كۆزگە ئىلمايمىز ، ئۇلار سىنى قانچە تىلللىغانچە بىز سىنى شۇنچە ھۆرمەتلەيمىز . ئەگەر ساڭا ساڭا ئوخشاش مۇشۇنداق تەسىرى بار بىرسى مۇشۇنداقلا تۇگەشسە بۇ ئىنتايىن چوڭ بىر يوقۇتۇش بولىدۇ. باشلىق سىنى قايتىدىن ئازاپلىماقچى ، لىكىن مەن بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم ، مەن سەن بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلغاندىن كىيىن باشلىق بىلەن كۆرىشمەن ، سىنى بۇ قېيىن شارائىتتىن قۇتۇلدۇرىمەن.

ئەينى ۋاقىتتا پات-پات ھۇدەيبى بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە تاماق يەيتتىڭلار ، ھۇدەيبى سوتلاش جەريانىدا بۇنى ئىقرار قىلدى، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلغا بۇيرۇق ۋە تەلىماتلارنى ئۆزۈڭ بېرەتتىڭ، بۇ بۇيرۇقلاردىن بىرەرنى مىسال قىلىپ دەپ بەرگەن بولساڭ تولىمۇ مەمنۇن بولاتتۇق. سەئىد قۇتۇب تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھۇدەيبى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇشقا مەسئۇل بولدۇڭ ،زەينەب، بىز ھەممىنى بىلىمىز شۇڭا قۇرۇق گەپ سېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق.

ھەسەن خېلىلىنىڭ قولىدا بىر پارچە قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ سۆزلەيتى، بىر كۆز تاشلىغاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

- مەسىلەن ، ئۇيۇشمىنىڭ راسخوت پۇللىرى سىنىڭ يېنىڭدا ئىدى، ئۆيۈڭدىن ھۇدەيبىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىدىڭ، كېيىن يەنە سىنىڭ ئۆيۈڭگە يۆتكەپ كېلىندى، يەنەھۇدەيبىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدى، ئاخىرى سىنىڭ ئۆيۈڭدە قېلىشى قارار قىلىندى، بۇنىڭ ھەممىسىنى ھۇدەيبى ئىقرار قىلدى. سىنىڭ ئىنكار قىلىشىڭنىڭ ئورنى يوق .

زەينەب خانىم سىلەرنىڭ بارلىق مەخپىيەتلىكلىرىڭلارنى ئۇقۇپ بولدۇق، ھازىر كەم بولغىنى بولسا پەقەتلا ئىشىنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرى خالاس،ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى ۋە يەنە باشقا ئىشلارنى تەپسىلى يازىسەن، يازغانلىرىڭنى ئابدۇناسىرغا ئەۋەتىمىز، سىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىڭنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىمىز، كېيىن تەپتىش مەھكىمىسىگە ھاۋالە قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن سوئال-سوراق ئاياقلىشىدۇ، ئىككى كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىسەن،

كەينىدىنلا خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىسەن، ھېكمەت ئەبۇ زەيد ۋەزىپىدىن قالدۇرىلىدۇ، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن زەينەب خانىم؟

ھەسەن خېلىل شۇنداق دېگىنىچە قوڭغۇراقنى بېسىۋىدى، بىر ئەسكەر كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇردى، ھەسەن خېلىل ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان لىمون سۈيى ئەكىرىشنى بۇيرىدى، ماڭا يەنە ئوخشىمىغان مەسىلىلەرنى، ۋە ئۇلار تەلەپ قىلغان شەكىلدە يېزىشىمنى دېدى.

ئەسكەر لىمون سۈيىنى ئەكىردى، مېنى ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى، يەنە ئىككى ئىستاكان قەھۋە ئەكىرىپ بېرىشكە بۇيرىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەپسەتىسىنى سۆزلەۋەردى، مەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدىم، دېگەنلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەن ھالدا ئەسكەرگە:

- خانىمغا نېمە لازىم بولسا ئەكىلىپ بەر- دېدى.

ئاندىن ماڭا بىر سائەتتىن كېيىن شەمسى باشلىقنىڭ يېنىغا چىقىمىز شۇڭا ئۆز مەنپەئەتىڭنىمۇ ئويلاپ ياخشى يازغىن، دېدى.

ئۈستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يېزىشنى باشلىدىم.

« ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ھەزرىتى مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرىغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن، ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن. ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرنى ساناشقىمۇ ئاجىزلىق قىلىمەن، چەكسىز نېئمەتلىرىگە شۈكۈرلەر بولسۇن، قۇللىرى ئۈچۈن تاللىغان يولغا مېنىمۇ تاللىدى، قۇرئان ۋە سۈننەت يولىنى كۆرسەتتى ۋە ئۇنىڭغا سادىق قىلدى، بارلىق ئىنسانلارنى بۇ يولنى تاللاشقا دەۋەت قىلدى، « ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەردكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە

رەھــمەت بولغــان (قۇرئــان) كەلــدى ‹ســۈرە يۇنــۇس 17- ئــايەت› « ئــى ئىنســانلار!

تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سـىلەرنى ۋە سـىلەردىن بـۇرۇنقىلار (يەنـى ئـۆتكەنكى

ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار ‹سۈرە بەقەرە 21-ئـايەت›

«پەرۋەردىگــارىمىزا! بىــز ھەقىــقەتەن بىــر چاقىرغۇچىنىــڭ (يەنــى مــۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ) 'رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار' دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق،

ئىمــان ئېيتتــۇق، پەرۋەردىگــارىمىزا! بىزنىــڭ گۇنــاھلىرىمىزنى مەغپىــرەت قىلغىــن،

يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن ‹سۈرە

ئــال ئىمــران 193-ئــايەت› «شۈبھىســىزكى، الله مــۆمىنلەردىن ئۇلارنىــڭ جــانلىرىنى،

ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى.{سۈرە تەۋبە111-ئـايەت} بىزنـى مـۆئمىنلەر

قاتارىدىن ،ئۈممىتى قاتارىدىن قىلغان جانابى ئاللاھقا سانسىز شۈكۈرلەر بولسۇن.

ئاللاھ بىزنى ئۆزى ئۈچۈن جېنىدىن كېچەلەيدىغان، ئاللاھنىڭ بۇيرىقى ئۈچۈن ھېچنىمىگە

قارىماي جېمى مال-مۈلكى، جېنىنى قۇربان قىلالايدىغانلاردىن قىلسۇن.

ئۇلار الله نىڭ يولىـدا ئـۇرۇش قىلىـپ (دۈشـمەنلەرنى) ئۆلتۈرىـدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىـدۇ (يەنـى

دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، ‹سۈرە تەۋبە111-ئايەت›

« (ئـى مـۇھەممەد ئـۈممىتى!) سـىلەر ئىنسـانلار مەنپەئىتـى ئۈچـۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان

ياخشــىلىققا بــۇيرۇپ يامــانلىقتىن توســىدىغان الله قــا ئىمــان ئېيتىــدىغان ئەڭ ياخشــى

ئۈممەتىسلەر. »{سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەت}

بىز ‹ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر›

دېگەن شاھادەت كەلىمىسنى تەستىقلايمىز «(ئى مۇھەممەد!) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا الله

نىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ، ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل

قىلدۇق. خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن»{نىسا سۈرىسى 105-ئايەت}

بىز ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە سادىق، ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرىمىز.

ئـــاللاھىم، ســـېنىڭ يولۇڭـــدا مۇســـتەھكەم تۇرۇشـــقا، ھېچكىمنىـــڭ مەيـــدانىمنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ساڭا شـرىك كەلتـۈرگەن، قۇرئانغـا ئەمەل قىلمىغان، دىنغا دۈشمەنلىك قىلغان، قۇرئان ۋە سۈننەتكە سادىق مۆئمىنلەرگە تاجاۋۇز قىلغان زالىملار ئۈستىدىن غەلبە قىلغۇزغىن. بىز ئاللاھنىـڭ كـالامىنى قوغـدىغۇچىلارمىز، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەلەمنىڭ سۈننىتىنى قوغدىغۇچىلارمىز.

بىز شۇنداق ياشايمىز ۋە شۇنداق ئۆلىمىز ، كىيىن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارىمىز . ئاللاھىم ! مىنى تەقـۋادارلاردىن . ھەقىقەتنـى قوغـدىغۇچىلاردىن ، سـەندىن ھايـا قىلغـۇچىلاردىن قىلغايسەن .

ئـاللاھىم ! سـېنى سۆيۈشكە ،سـەن بۇيرىغـاننى قىلىشـقا، سـەن توسـقاندىن يىـراق بولۇشقا ،سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىشقا نىسىپ قىلغىن.

مانا بۇ مەن تاللىغان ھەق يول، ئەي ئادەملەر! سىلەر نېمە قىلغۇڭلار كەلسە قىلـۇڭلاردىن كەلسە خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار.

مەن سـىلەرنى ئاللاھقـا چـاقىرىمەن، سـىلەر كەچـكەن كىچىكـتىن ئۆتكـۈزىمىز، ماڭغـان يولـۇڭلاردا مـاڭغۇزىمىز دەپ بىھـۇدە ئـاۋارە بولمـاڭلار. ئىسـلامغا ۋە مۇسـۇلمانلارغا قىلغـان تاجاۋۇزۇڭلارغا بىزنى شىرىك قىلىمىز دەپ چۆچۈرىنى خام سـانىماڭلار،بىزنىڭ سـىلەرنىڭ قىلمىــش ـ ئەتمىشـلىرىڭلار بىــلەن قىلچىلىكمــۇ مۇناســۋىتىمىز يــوق، ئىنشــائاللاھ بىــز سىلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كەتكۈچە كۈرەش قىلىمىز.

----------------- زەينەب غەززالى جۇبەيلى

ھەمزە بەسيۇنى كىرىپ :

- زەينەب،ئاللاھ كۆڭلۈڭگە ئىنساب بېرىپ، ئۆز مەنپەئەتىڭنى تونۇپ يېتەرسەن.

ئىرىــڭ ھــاجى ســالىم ئوڭلــۇق، ئەخلاقلىــق ئــادەم ئىــدى، مۇســۇلمان قېرىنداشــلارنىڭ

قاپقانلىرىغا قانداق بولۇپ چۈشۈپ قالغانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، يېزىپ بولدۇڭمۇ؟مەن بىلەن ماڭ- دېدى.

شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق، شەمسى مېنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، لىمون سۇيى ۋە قەھۋە ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرىدى- دە، يازغانلىرىمنى ئوقۇشقا باشلىدى، چىراي ئىپادىسى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، قارىماققا ھازىرلا پارتلايدىغاندەك قىلاتتى.

ئۇ كۆزلىرىدىن غەزەب ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ ھەمزە ۋە ئەتراپتىكىلەرگە:«ئۇنى ئەپچىقىپ مىلىك قامچا ئۇرۇڭلار،بۇ ئىتنىڭ كۆچىكى بىزنى كولدۇرلىتىپتۇ،ھەمزە ئۇ بۇ مەسخىرىلىك خېتىنى يازغاندا سەن نەگە كەتكەن؟ گەپ قىلە نەگە كەتكەن!»دەپ ۋارقىرىدى ، قامچا ئۇستى-بېشىمغا رەھىمسىزلەرچە تىگىشكە باشلىدى.

شەمسى قەغەزنى يەرگە ئېتىپ :

- بىزنى كولدۇرلاتماقچىمۇسەن ، مەسچىتتىكى ئىمام-مەزىناخۇنۇملاردەك بىزگە تەبلىغ سۆزلىگىنىڭمۇ بۇ ؟ دېدى.

غالچىلاردىن بىرسى يەردىكى قەغەزنى ئېلىپ بىر قانچە قۇر ئوقۇپ قۇتراتقۇلۇق بىلەن :«ۋاي نېمىلەر بۇ؟ باشلىق بۇ خوتۇننى زادى راسا بىر ئەدەبلەپ قويمىساق بولماپتۇ»دېدى ۋە يازغانلىرىمنى ئوقۇشقا بۇيرىدى .

ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرسى :«قاراڭلار بۇخوتۇننىڭ يامانلىقىنى ، تەشۋىقاتچى ، يازغۇچى،مەشھۇر ناتىقلاردىن قېلىشمايدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ،بۇ خوتۇن بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جازاغا لايىق » دېدى،بۇ گەپلەر شەمسى بەدىرانغا مايدەك خوش ياققان بولسا كېرەك بولسا مېنى ئېسىپ قويۇپ داۋاملىق ئۇرۇشقا بۇيرىدى.

پۈتۈمدىكى قان توختىماچقا ھەممە يېرى داكا بىلەن ئوراپ تېڭىلغان، بەدىنىمنىڭ ھەممە يېرى يارا بىلەن تولغانىدى، شۇنداق بولۇشۇمغا قارىماي ئۇ ياۋۇزلار ماڭا قىلچە رەھىم

قىلماستىن  مېنى ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇشنى داۋام قىلدى.
ئاق رەڭلىك داكا قىزىلغا بويىلىپ، داكىدىن قان تېمىشقا باشلىغاندا، دوختۇر ئۇلارغا ئۇرۇشنى توختىتىشنى ئېيتتى. ئۇ مەلئۇنلار دار ياغىچىدىن يېشىپ شەمسىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا تاشلىۋەتتى، ئۇ يەردە ئالاھەزەل بىر سائەتتەك يېتىپتىمەن، كېيىن كېسەل كارۋىتىدا دوختۇرخانىغا ئاپاردى.
مۇراد بىلەن ھەمزە دوختۇرخانىغا كېلىپ:
- دوختۇرلار سېنى ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالدى دەيدۇ، بىراق سەن چوقۇم سوتقا چىقىشىڭ ، ئۆلۈم جازايىڭنى ئۆز قۇلىقىڭ بىلەن ئاڭلىشىڭ، ئۆزۈڭ تېرىغان ئازاب مېۋىسىگە ئېغىز تېگىشىڭ كېرەك. ئەتە ئەتىگەن سوتقا ئاپىرىمىز، ئەگەر سوتنىڭ قارارىغا بويسۇنمىساڭ ، خىزمەتلىرىگە ماسلاشمىساڭ، سېنى يەنە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىمىز -دېدى.
ۋە سافۋاتقا ئەتە سائەت توققۇزدا مېنى سوت مەھكىمىسىگە ئاپىرىشنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

## تەپتىش مەھكىمىسىدە

مەن قامچىلىنىش، ئىتقا تالىتىۋېتىلىش، سۇ تۈرمىسىگە، ئوت تۈرمىلىرىگە قاملىش ۋە تۈرلۈك روھىي جەھەتتىكى قىيناشلار قاتارلىق  تۈرلۈك قىيان -قىستاقلارنى باشتىن كەچۈرۈپتىمەن، ئەمدى بۇ رەزىل ئويۇننى تاماملاش ئۈچۈن  نۆۋەت تەپتىش مەھكىمىسىگە كەلگەنىدى. بىر زىيانلانغۇچى مەزلۇم،  ئادالەت ۋە قانۇن قالپىقى ئاستىدىكى سوت مەھكىمىسىدە جازالىنىش ئالدىدا تۇراتتى.
تەكشۈرۈپ قاراپ چىققۇچى خادىملارنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم، ئۇلار بىر بۇيرۇقنى ئىجرا

قىلىۋاتقانىكەن ، بۇ يەردىمۇ تەھدىت ۋە مەجبۇرلاش بار ئىدى، قاراپ چىققۇچىلار باش تەپتىش ئالدىدا ئۆزلىرى ئويىدۇرۇپ چىققان ھۆججەتلەرگە جاۋابكارنى زورلاپ قول قويدۇراتتى.

شۇنداق، بۇ دۆلەتتە ھەممە نەرسە بارغانسىرى خارابلىشىۋاتىدۇ، ھەتتا ھەق ئۈچۈن قىلنى قىرىق يېرىشقا، خەلققە خىزمەت قىلىش خەلققە ئۆرنەك بولۇشقا تىگىشلىك بولغان سوت مەھكىمىسىمۇ مۇشۇ ھالدا، مەن تۈرمىدە شۇنداق بىر تۈركۈم تەپتىش ئەمەلدارلىرىنى كۆردۈمكى ئۇلار يالغاندىن ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقىدۇ، يالغاننى سۆزلىگەنلىرىدە يۈزلىرى قىلچىمۇ قىزارمايدۇ، توقۇپ چىققان سەپسەتىلىرىنى بىگۇناھلارغا مەجبۇرى تاڭىدۇ، ئۇلار قوشۇلمىسا،«گۇناھى»نى بوينىغا ئېلىپ ئىمزا قويمىسا تۈرمىگە سولىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالىدۇ.

مۇۋاققەت تەپتىش ئەمەلدارى داكىداپ تېگىلغان پۇتۇمغا، سارغايغان چىرايىمغا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان غازاڭدەك قورۇلۇپ قالغان ،گەپ قىلغۇدەك مادارمۇ قالمىغان جىسمىمغا قاراپ قويدى.

ئۇنىڭ ئۈستىلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئارخىپ-ماتىرياللار قەت كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، بىر ياندا بولسا كاتىپ قەلەم قەغەزنى راستلاپ ، سوتچىنىڭ بۇيرىغانلىرىنى يېزىش ئۈچۈن قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇراتتى.

تەپتىش ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ ئىسىم - فامىلەم، يېشىم، ۋە تۇرۇشلۇق ئادرىسلىرىمنى يېزىشقا بۇيرىدى. ئۇ ئوۋغا تەييارلانغان ئىتتەك شۇ ھامان قەلەملىرىنى ئوينىتىپ ئاق قەغەز ئۈستىگە ئارخىپىمنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

تەپتىش:

- زەينەب، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ گۇۋاھلىق ۋە ئىقرارنامىلىرىنىڭ ھەممىسى قولىمىزدا بار. سېنىڭ پوزىتسىيەڭنىڭ قانداقلىقىنىمۇ بىلىمىز، سەندىن پەقەت ھەقىقى ئەھۋالنى

ئاڭلاشنى خالايمىز، هۇدەيبى، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل، سەئىد قۇتۇب ۋە باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ هەممىسى جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلدى، جاھىللىقنى تاشلاپ، ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ئەسلى مەسىلە تولىمۇ ئاددى، ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلساڭ سېنى كەلگەن يېرىڭگە ،هەربىي تۈرمىگە قايتا ئاپىرىۋېتىمىز - دېدى.

ئۇ سوراقنى داۋاملاشتۇرۇپ مەندىن بىر قانچە سۇئال سورىدى، مەنمۇ هەممىسىگە بىرمۇ بىر جاۋاپ بەردىم، ئەمما هەيران قالارلىقى شۇكى مەن بەرگەن ئىككى ئۈچ ئېغىز جاۋاب ئۇلارنىڭ خاتىرىسىگە بىر بەت بولۇپ خاتىرلىنىپ مېڭىۋاتاتتى.

بۇ ئىشنى هېس قىلغاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن سورىدىم :

-جانابىي مۆهتەرەم تەپتىش جانابلىرى ئاڭلاپ تۇرۇپسىزكى مەن سۇئاللارغا بىر ئىككى ئېغىزلا جاۋاب بېرىۋاتىمەن ئەمما سىلەر بۇنى بىر قانچە بەت قىلىپ خاتىرلەۋاتىسلەر، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟

-بۇ ساڭا ياردەم قىلغىنىمىز چۈنكى هەربىر سۆزۈڭ دۆلەت رەئىسىگە يەتكۈزۈلىدۇ ئۇ سېنىڭ هەركۈندىكى هەربىر گۇۋاهلىق سۆزۈڭنى كۆرىدۇ.

- بۇنىڭ مەن بىلەن ئالاقىسى يوق، ئەمما مەن دېمىگەن گەپلەرنىڭ مېنىڭ نامىمدا خاتىرلىمەسلىكىڭلار كېرەك ،ئەگەر ئۆزۈڭلار بىلگەننى يازىدىغان ئىش بولسا مېنىڭ بۇ يەردە ئىشىم يوقكەنغۇ، ئۇنداق ئادەم ئۆزۈڭلار ئاڭلاشقا خۇشتار بولغان گەپلەرنى كاتىپقا يازدۇرىۋالساڭلارلا بولغىدەكقۇ، سىلەرگە دەپ قوياي مەن ئۆزۈم ئېيتمىغان گەپ بولسا هەرگىز تەن ئالمايمەن.

تەپ تد ش سوراقنى داۋاملاشتۇردى.

- سەن ئابدۇناسىرنى كاپىر، دىنسىز دەپسەن،ئۇنىڭ هۆكۈمىتىنى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنى كاپىر دەپ هاقارەتلەپسەن؟

- ئەهلى قىبلىنى كاپىر دەپ ئەيىپلىمەيمىز.

- ئەھلى قىبلە دېگىنىڭ كىم؟

- ‹ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى › دەپ ئىما ئېيتىپ، ئاللاھ ۋە رەئىلۇللاھ دەئۋەت قىلغان ھەممە نەرسىنى قوبۇل قىلغان ۋە سادىق بولغانلاردۇر.

- ئەھلى قىبلىنىڭ سۈپەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇڭنى تەلەپ قىلىمەن.

- نامـاز ئوقۇغـانلار، روزا تۇتقـانلار، زاكـات بەرگەنـلەر، يـول ۋە ئىمكـان بولسـا ھەجـگە بارغانلار، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەگەشكەنلەر، ئاللاھنىڭ ئەمىر-ياسـاقلىرىغا بويسـۇنغانلار ۋە ئىسلام قانۇنى ئارقىلىق ھاكىمىيەت باشقۇرغۇنلار.

-ئۇنداقتا جامال ئابدۇناسىر ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىـدىكى جەمئىيەتنـى ئەھلـى قىبلىـدىن دەپ ھېسابلامسەن؟

- ئابدۇناسـىرنى ئەھلـى قىبلــدىن دەپ ھېسـابلىمايمەن، ئـۇ دۆلەتنـى قۇرئـان كەريـم ئـارقىلىق تامـامەن باشـقۇرالايتى،ھالبۇكى ئـۇ ئاللاھنىــڭ دىنــى ۋە كىتـابىنى كەيــنىگە چۆرىـۋەتتى، ئـۆزى دىـن ئويـدۇرۇپ چىقىـپ، شـۇ بـويىچە ھـۆكىمەتنى ئىـدارە قىلـدى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى چەكلىدى، ئىنساننىڭ سۆزىنى قـانۇن قىلـدى، ئوچـۇقنى ئېيتقانـدا ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلدى.

- ئۇنــداقتا ئابدۇناســىر ۋە ئۇنىــڭ ھـۆكىمتى كاپىرلاردىنكەنــدە، بـۇنى ئېنىــق قىلىــپ سۆزلىگىن.

- مەن سورىغىنىڭىزغا جاۋاپ بېرىـپ بولـدۇم، ئۇلارنىـڭ ئاللاھقـا تۇتقـان پوزىتسيەسـىنى بىلمەكچى بولغانلار ئاللاھنىڭ كىتابىغا قاراپ ئاندىن ئۆزىنى دەڭسەپ باقسۇن.

سوتچى باشقا بىر سوئالغا ئۆتتى.

- سىلەر ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە ئابدۇلھەلىم ھافىزنى ئۆلتۈرمەكچى بوپسىلەر، شۇنداقمۇ؟

- ئاللاھنىــڭ دىنىغــا دەۋەت قىلىـــش، ئىســـلامنى گۇللەنـــدۈرۈش يولـــدا مەشـــغۇل

بولىۋاتقانلارنىڭ بۇنداق كىچىك ئىشلارنى پىلانلاشقا نەدىمۇ چولىسى؟ كىشلەر ئۆزلىكىدىن ھەقىقى  ھالدا ئىسلامنىڭ قويىنىغا ئېسىلغاندا كۈندە بۇ رەزىللىكلەر ۋە ئەخلاقسىزلىقلار يوقىلىدۇ، ئۇممەت بۇ مەينەت ئەخلاقسىزلىقلاردىن قۇتۇلىدۇ، شەيناننىڭ بۇ قەدەر ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ئۆزلىكىدىن قۇتۇلىدۇ.

مۇۋاققەت تەپتىش ئەمەلدارى مەھەممەد كاناۋى بىر تەرەپتىن مېنىڭ سۆزلىگەنلىرىمنى يازاتتى يەنە بىر تەرەپتىن باشقا ماتىرىياللارنى يازاتتى، بەزىدە ئۆزى توقۇپ بىرنىملەرنى يازاتتى.

سوراقخانىدا تەپتىشنىڭ سوئال-سورىقى مۇشۇ شەكىلدە داۋام قىلدى، شۇنداق قىلىپ تەپتىش مەھكىمىسىدە تۇرىۋاتقىنىمغا ئون كۈن بولدى.

سوراقنى كۆزىتىشكە مەسئۇل مۇتەخەسسىس مۇھەممەد ئابدۇسالام بەزى-بەزىدە ماراپ قوياتتى ۋە كاناۋىدىن ئەھۋالنى ئىگەللەپ تۇراتتى.

بىر كۈنى سوراقتا مۇۋاققەت تەپتىش ئەمەلدارى كاناۋىيغا :« دۇنيادا كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ ،كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ دېگەندەك ئىنسان ئۆلمىسە تۈرلۈك ئىشلارنى كۆرىدىكەن،ئاجايىپ قىززىق ئىشلارنى كۆرىۋاتىمەن دېسە،بەزى قانۇن ئەمەلدارلىرى ئورمانلىقتىكى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرىدىكەن،قانۇن تونىنى كىيىۋېلىپ ھەق-ناھەقنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ قانۇن ۋە ئادالەتنى كۆزگە ئىلىشمايدىكەن» دېدىم. ئۇ:

- بىز سېنى قۇتقۇزماقچى خالاس، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ بالاسىغا سېنى ئارلاشتۇرغىمىز يوق، ھۇدەيبىنىڭ، سەئىد قۇتۇبنىڭ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىلنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا سەن ئۆلۈمگە لايىق، بۇ ئۇچىنىڭ ئىقرارنامىسىگە قانداق قارايسەنكىن ؟

- سىلەر ئۇلارغا يالغاننى چاپلاۋاتىسىلەر، ئۇلار مۇسۇلمان جامائىتى ياخشى كۆرىدىغان

ئاۋانگارتلاردۇر.

- بىز كىمگە يالغان سۆزلەپتىمىز؟ ئەسلىدە سەن راست گەپ قىلغىلى ئۇنىمايۋاتىسەن، يالغان سۆزلەۋاتقىنى بىز ئەمەس ئەكسىچە سەن،ھۆكىمەتكە ، بىز تەپتىش ئەمەلدارلىرىغا يالغان سۆزلەۋاتىسەن.

- سىز ئۆزىڭىزنى تەپتىش ئەمەلدارى ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىم دەپ قارايدىغان ئوخشىمامسىز؟

- سېنىڭ دېلوېيڭنى توختىتىپ يەنە قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشىڭ ئۈچۈن تۈرمىگە قايتۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام، ئۇ شۇنداق دېگىنچە قەھۋەدىن بىر قانچە ئوتلام ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

- زەينەب ،گەپ قىلە ، قانداق قىلىمىز، تۈرمىگە قايتقۇڭ بارمۇ؟ ئابدۇناسىر سېنىڭ ئىقرارىڭنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ - دېدى ۋە يازغان دوكلاتلارغا ئىمزا قويۇشىمنى تەلەپ قىلدى. رەت قىلدىم،ئاقىۋەتتە دېگىنىنى قىلىپ مېنى قىيىن-قىستاق ئۈۋىسى بولغان تۈرمىگە قايتۇرىۋېتىشتى. تۈرمىدە بولىشىچە قامچىلاندىم ۋە يەنە تەپتىش مەھكىمىسىگە ئېلىپ كېلىندىم.

# تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئىككىنچى ئۇچرىشىش

ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە تەپتىش مەھكىمىسىگە ئاپىرىشتى، ئۇ يەردە قىيىن-قىستاق دەستىدىن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بىر قانچە مۇسۇلمان ياشنى كۆردۈم.

مۇۋاققەت تەپتىش ئەمەلدارى كاناۋى مەندىن سۇئال سوراشقا باشلىدى:

- بۇ ياشلار بىلە قاچان كۆرۈشتۈڭ؟ قاچان تونۇشتۇڭ؟ ئىسىملىرى نېمە؟

يىگىتلەرگە قارىدىم :

- سىلەرنى قاچان كۆردۈم؟ سىلەر مەن بىلەن ئۇچرىشىپ باققانمۇ؟ بۇندىن بۇرۇن مېنى تونۇمتىڭلار؟ ئىسمىڭلار نىمە؟

كاناۋى غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى، ئۇنىڭغا:

- مەندىن ئۇلار بىلەن قاچان كۆرۈشكەنلىكىمنى سورىماي، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن قاچان كۆرۈشكەنلىكىنى ئۆزىدىن سوراڭ- دېدىم.

كاناۋى ھەممىسىدىن بىر-بىرلەپ سوراپ چىقتى، جاۋاب پەقەتلا بىر يەنى «تونىمايمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى.

كاناۋى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك يەرنى تېپىپ سەكرەپ كەتتى ۋە:

-سوراق قىلغاندا ھەرقايسىڭ ئۇنى تونۇيمىز دېيىشمىگەنمىدىڭ، ئەمدى ئەجەپ تونىماي قېلىشىپسەن، دېدى.

ئۇلار دېيىشۋالغاندەك تەڭلا :« قامچا تەگكەندە ھەممە گەپ ئېغىزدىن چىقىدۇ جانابى ئەپەندىم» دېدى.

ئۇلار ئامالسىز بۇ مۇسۇلمان ياشلارنىمۇ تۈرمىگە قايتۇرۇپ كەتتى.

# ھەربىي ئىشلار تۈرمىسگە قايتا سەپەر

شەمسى بەدىران ۋە ئۇنىڭ چوماقچىلىرىنىڭ ئىشخانىسىدا يەنە تۇتۇشماقتىمەن.

بەزىدە يېرىم كېچىدە شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا ياكى باشقىلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپىرىدۇ، قىيىن-قىستاق ۋە تەھدىتلەر بىلەن بىردەم بەدەن قىزىتقاندىن كېيىن مۇسۇلمان ياش يىگىتلەر ۋە بېلى پۈكۈلگەن ياشانغانلار،زىيالىلارنى باشلاپ كېلىپ شۇلار بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ قاچان تونۇشقىنىم ، قانداق تونۇشقىنىم، نېمىلەرنى دېيىشكىنىم ھەققىدە سوئال سورايدۇ.

مەنمۇ قىيان-قىستاقتىن قورقماي :« ئۇلار مېنى تونۇيدىغان بولسا شۇلارنىڭ ئۆزىدىنلا سوراڭلار مېنى ئاۋارە قىلماي» دېدىم.

يېڭى قىيناش ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلىشتى، مەسىلەن : قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئۆرە تۇرىمەن، ئارقامدا بىر ئەسكەر قامچىسىنى ئوينىتىپ ، يەرگە توختىماي ئۇرۇپ تۇرىدۇ، مېنى ئورنۇمدا قەدەملەپ ماڭغۇزىدۇ،ھېرىپ توختاپ قالغۇدەك بولسام شۇ ھامان 10 ياكى 20 قامچا ئۇرىدۇ، ئۆرە تۇرغۇدەك ھالىم قالمىغاندا دوختۇرخانىدىكى كامىرغا يۆتكەيدۇ.

تەپتىش مەھكىمىسىدىكى سوئال-سوراقتىن كېيىن مەن يەنە تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنىدىم، ئابدۇناسىر دېگەن مەخلۇقنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە تېخىمۇ ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىيناش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرماقچىمەن.

# قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە شەمسى بەدرىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە ئەكىردى، ئىچىدە جېلىل ئەد-دىيىپ ئولتۇرغانىكەن، كىرە-كىرمەيلا سوراق قىلىشقا باشلىدى.

- قېنى دېگىنە زەينەب، خالىدە ھۇدەيبى ۋە ئېرى ئەھمەد سابىت بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار؟ ئۇلارنىڭ ئۆيىۇشمىدىكى ۋەزىپىسى نېمە؟

- خالىدە مەن بىلەن بىللە ئىشلەيتى، تۈتۈلۈپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ياردەم بېرەتتى.

- قانداق ياردەم؟

- ئىقتىسادى ياردەم، مەسىلەن كېيىم-كېچەك، ئۇن، ياغ، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ بېرەتتى.

-ئەمسە ئەھمەد سابىتچۇ؟

- ئۇنىڭ ئالاھىدە ۋەزىپىسى ياكى خىزمىتى يوق، پەقەتلا خانىم-قىزلار تەشكىلاتىغا كېلىپ مەن خالىدەگە تاپشۇرغان نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتەتتى، ئۇ كەلگەندە ھەتتا ماشىنىدىن چۈشمەيتى.

ئۇ گېپىمگە ئىشەنمەي مېنى سافۋاتقا تاپشۇرۇپ بەردى، سافۋات مېنى تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئوخشاش سۇئالنى توختىماي سورىدى، بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى مەن يەنىلا شۇنداق جاۋاب بەردىم، ئۇ يەنە ئىتلىرى ۋە قامچىلىرى بىلەن تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. بىر چاغدا ھەمزە ئەل بەسيۇنى كىردى، جېلىل ئەد-دىيىپ ئۇنى مېنى ئىتقا تالىتىشقا بۇيرىغانىكەن.

بىر قاراڭغۇ كامىرغا ئىت بىلەن قوشۇپ ئىككى سائەتچە سولاپ قويدى،كېيىن دوختۇرغانىغا ئاپاردى.

ئەتسى كېچە خالدە ۋە يولدىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بارلىقىنى يەنە قايتا-قايتا زېرىكمەي سوراشتى. مەن بۇرۇنقى جاۋابىمدا چىڭ تۇردۇم. جېلىل ئەد-دىيىپ بىر نەتىجە ئالالمىغاندىن كېيىن مېنى سافۋاتقا تاشلاپ قويدى، سافۋات شاپىلاق ۋە تېپىك بىلەن ھارغۇچە ئۇرۇپ ئىشكىنى تاقاپ چىقىپ كەتتى، ئىككى سائەتتىن كېيىن يەنە دوختۇرخانىدىكى كامىرغا ئېلىپ كېتىشتى.

## ئىقتىساد ھەققىدە تالاش-تارتىش

يەنە شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدۇق، شەمسى بەدىران:

- زەينىنىى غەززاھەتىن ئەكەلدۇق، سەن ئىلگىرى ئۇنى يېتەكچىڭلار ھۇدەيبىگە تونۇشتۇرغان، زەينى ساڭا بىر قېتىم نۇرغۇن پۇل ئەكىلىپ بەرگەن، شۇنداقمۇ؟ ئەگەر بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلمىساڭ ئاقىۋىتىڭنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، قىلدىغانلىرىڭ ھەممىنى قىلىمىز، چۈشەندىڭمۇ؟ شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، زەينى ھەممە ئىشنى ئېتىراپ قىلدى- دېدى.

كەينىدىنلا مېنى قاراڭغۇ بىر كامىرغا ئەكىردى، ئىچىدە بىرسى بار ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى تاياق -توقماق جاراھەت يارىسىدىن ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مېنى ئۇنىڭغا بىر ھازا قاراتقۇزغاندىن كېيىن يەنە شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىردى.

شەمسى بەدىران « ئۇ كىم؟» دەپ سورىدى، « تونىمايمەن» دېدىم، « سەن ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىسەنغۇ، ئۇ دەل سادىق زەينى شۇ » دېدى.

بۇ ۋاقىتتا جېلىل ئەد-دىيىپ زەيىنى ئېلىپ كەلگەن پۇلنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن نېمە ئىشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى سورىدى.

ئۇ پۇللارنى ئېگە-چاقىسىز، يېتىم-يېسىر، ئاجىز-مېيىپلارغا ۋە تۆمۈر قەپەس ئىچىدە قىينىلىۋاتقانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتىلىرىنىڭ كېيىم-كېچەك ،يېمەك-ئىچمەك ۋە تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم.

شەمسى بەدىران ئاچچىقلىنىپ ھەمزىگە :« بۇنى ئەپچىقىپ ئىتلارغا ئەمەس، يىلانغا تاشلاپ بەر » دەپ ۋارقىرىدى.

ھەمزە ۋە سافۋات مېنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا ئەكەلدى، ھەمزە ئولتۇرۇپ ۋەز-نەسىھەتكە چۈشتى :« ساڭا پەقەت گەپ توغرا كەلمەيدىكەن ،مەن سېنى يىلانغا چاقتۇرمايمەن، ئۇ پۇلنى زادى نېمىگە ئىشلەتمەكچى ئىدىڭلار، ماڭا ئېيتىپ بەرگىن! » دېدى.

« بۇ توغرىسىدا بايا سوراپ بولدۇڭلار » دېدىم، جېلىل ئەد- دىيىپ كىرىپ: « قانداق؟ ئويلاپ بولدىڭمۇ؟ ياكى جاھىللىقنى قىلىۋېرەمسەن؟» دېدى، ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ھەمزە « جېلىل بولدى قىل ،ئۇ ئىتلارنى سېغىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ » دەپ قوشۇق سالدى.

مېنىڭچە ئىتمۇ ئۇلاردىن ئىنسابلىقراق ئىدى. ھەر قېتىم ئىتلار بىلەن بىللە قاماپ قويغاندا مەن ئۇلارنىڭ قانچىلىك رەھىمسىزلىكىنى، ۋەھشىيلىكىنى تونۇپ يېتەتتىم، ئىت بىلەن بىللە تۇرۇشقا رازى ئىدىمكى ، شەمسى بەدىران، ھەمزە، سافۋات ۋە جېلىللار بىلەن بىر مىنۇتمۇ تۇرالمايتتىم.

بىر كۈنى كېچىسى يەنە شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا كەلدۇق، ئۇ كۈنى قانچىلىك ئۇرغانلىقىنى ساناپ بېرەلمەيمەن، ھوشۇمدىن كەتكەندىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئاپاردى،ئۈچ كۈندىن كېيىن شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا ئاپاردى، ئۇ ئابدۇناسىرنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆتكىنى بويىچە جاۋاب بەرمىسەم بىرىنچىدىن 34 -گىچە بولغان كامىرلارغا قايتا بىر ـ بىرلەپ سولايدىغانلىقىنى ئېيتتى،شۇنداق، بۇ

يەردىكى ھەر بىر كامىردا يىگى «كارامەت» يىگى «ھۈنەر»لەر بار ئىدى.

« قارا، زەينەب، ساگا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئىش توغرىسىدا پاراگلىشايلى، بىرىنچىسى مۇھەممەد قۇتۇپ، ھۇدەيبىنىڭ ئايالى،مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك،يەنە بىرى بولسا مەمۇن،ھۇدەيبى ۋە ئەلى ئاشماۋىلارغا چېتىشلىق. ھەسەن ھۇدەيبى ۋە ئايالى، مۇھەممەد قۇتۇب قاتارلىقلار ئالليبۇرۇن ئىقرار قىلىپ بولدى، سەن بىزنى يالغاننى توقۇدۇگلار دەيسەن ، ئەگەر ئۇلار ئىقرار قىلمىسا بىز بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلىمىز،ئەلى ئاشماۋىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەدە ئەلىنى يالغان سۆزلىدى دېگەن ئىدىڭ، ئەمما يەنە بىر مەسىلىدە ئەلى يوق، بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

- بىر كۈنى كەچتە مۇھەممەد قۇتۇب سېنى ئىزدەپ كەلگەن، ئىككىڭلار پاراگلاشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا 500 جۈنەي بىلەن بىلەيزۈكۈگنى بەردىڭ،ۋە ئۇنىڭغا بۇ 500 جۈنەينى ھۇدەيبىنىڭ ئايالى ۋالىدەگە بېرىشنى، بىلەيزۈكنى بولسا ئۇيۇشمىدىكى بىرسىنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتىڭ...

- شۇنداق،شۇنداق ئىش بولغان، بۇمۇ قانۇنغا خىلاپمۇ؟ بىلەيزۈكۈمنى كىمگە ھەدىيە قىلغۇم كەلسە شۇنىڭغا ھەدىيە قىلىۋېرىمەن،ئۇنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى قېيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ھەدىيە قىلدىم، 500 جۈنەي بولسا ئەسلىدىنلا جامائەتنىڭ پۇلى ، مەندە ئامانەت بولۇپ تۇرغان ئىدى، مەندە تۇرىۋەرسە بىخەتەر بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرىۋەتكەن.

شەمسى گېپىمنىڭ بىلىگە تېپىپ :« 500 جۈنەي بولسا تەشكىلاتنىڭ پائالىيەتلىرى ئۈچۈن يىغىلغان، ھەرگىزمۇ قىسمەن ئائىلىلەر ئۈچۈن ئەمەس» دېدى.

- ئۇنداق ئەمەس، ئەلى ئاشماۋى بىر يالغانچى ،ئۇ يالغان سۆزلەۋاتىدۇ ،ئۇ پۇللار ئەسلىدىنلا نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلەتتى.

- مۇھەممەد قۇتۇب 500 جۈنەينىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بىلەيزۈكۈڭ

بىلەن بىللە ھۇدەيبىنىڭ ئايالىغا بىرىپ قويۇشۇڭنى تاپىلغانلىقىڭنى ئېيتىراپ قىلدى.

- مۇھەممەد قۇتۇب بىلەن يۈزلىشىمەن، ئۇنىڭغا 500 جۈنەي نىڭ نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى دېگەن ئىدىم.

- بولىدۇ، يۈزلەشتۈرىمىز ئەمما 500 جۈنەينىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلىشىمىز لازىم.

- بىر كۈنى ئەلى ئاشماۋى ئۆيۈمگە كەلدى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىن كەلگەن بىر قېرىندىشىنىڭ ھۇدەيبى ئۇستاز ياكى مەمۇن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى.مەمۇن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئالدىن كېلىشىش خېتى يېزىشىنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى، ئۇستاز ھۇدەيبىنىڭ بولسا ئىسكەندىرىيەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئەلى ئاشماۋى يەنە ئىزدەپ كەلدى، ۋە ھېلىقى سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مۇسۇلمان قېرىندىشىمىزنىڭ مەمۇن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ۋە ئىگە-چاقىسىز ئائىلىلەر ئۈچۈن 500 جۈنەي ئىئانە قىلغانلىقىنى،مەمۇننىڭ بۇ پۇلنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ ئەلى پۇللارنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەردى، بۇ پۇل پەقەتلا يوقسۇل ئائىلىلەرنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىدى.

- ياق،مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ دېيىشىچە بۇ پۇل يوقسۇل ئائىلىلەرگە بېرىش ئۈچۈن ئەمەسكەن.

- بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى پەقەت ئاللاھ ۋە مەن بىلىمەن ، مۇھەممەد قۇتۇب ئۇنداق دېگەن بولسا ئۇ بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

-قارىغاندا تاياق سېغىنىپ قالغان ئوخشايسەن، سافۋاتنىڭ قامچىسىنىڭ تەمىنى يەنە بىر تېتىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن راست گەپ قىلارسەن.

- مۇھەممەد قۇتۇبنى مەن بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭلار- دېدىم.

ماقۇل دەپ يۈزلەشتۈردى، يۈزلەشكەندىن كېيىن مۇھەممەد قۇتۇبقا پۇلنى، بىلەيزۈكنى

هۆدەيبىننىڭ ئايالىغا بېرىشى ئۈچۈن بەرگەنلىكىمنى ئەسلەتتىم، ئۇ ئۆزىمۇ پۇلنىڭ ئامانەت بولۇپ يېنىمدا ساقلانغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى،ئەمما شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا دېگەنلىرىمنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن «ئەگەر زەينەب خانىم جەزىم قىلغان بولسا ئۇنىداقتا ئۇنىڭ دېگىنى راست،مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن » دېدى.

ئۇ بەدبەختلەر مېنى ئەتىسى سەھەرگىچە بىر كېچە ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى، ئاندىن دوختۇرخانىغا ئاپاردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن شەمسى بەدىراننىڭ يېنىغا يەنە ئاپاردى،مەن ئىشخانىغا كىرەر-كىرمەيلا ئۇ :

- زەينەب، مۇھەممەد قۇتۇب قۇرغان تەشكىلات توغرىسىدا سۆزلەپ بەر، دەپ بۇيرۇق قىلدى.

- بۇ توغرىسىدا سىلەرگە بۇرۇنمۇ دېگەنىدىم ، مۇھەممەد قۇتۇب ھېچقاچان، ھېچقانداق تەشكىلات قۇرغىنى يوق- دېدىم.

سافۋات مېنى ئېسىپ قويۇپ، پۇتلىرىمغا قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى، ئاندىن شەمسىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يېنىدىكى كامىرغا ئەكىردى، ئىسمىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم مېنى كۆرۈپلا :

- زەينەب، تولىمۇ ئەخمەقكەنسەن، ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇشنى بىلمىدىڭ، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى ساڭا بۆھتان چاپلىدى ، نېمىشقا بىزگە ماسلىشىپ، مۇھەممەد قۇتۇب ھەققىدە ئازراق ئۇچۇر بەرمەيسەن؟ سەن بىلەن كېلىشىپ قالىمىز، بۇ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنۇتمايمىز -دېدى.

- سىلەر بىلەن قانداق كېلىشىمەن؟ ئادالەتسىزلىكلەر ۋە جاھىللىقلار، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلەڭلاردىن نەپرەتلىنىمەن، سىلەر شەيتاننىڭ غالچىلىرى ۋە قۇللىرى، بىز ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىمىز، قانچىلىك

ھېيله-مىكىر ئويلاپ چىقىپ، بىزنى قىين-قىستاققا ئالساڭلارمۇ بىزنى يالغان سۆزلىتەلمەيسلەر،بىر-بىرىمىزگە قارشى  يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈزەلمەيسلەر، دېدى.

- قىين- قىستاققا ئېلىشنى باشتىن قايتا باشلايمىز، تەپتىش مەھكىمىسىگە يەنە قايتا بارىسەن.

- تەپتىش مەھكىمىسى ھەرقايسىڭنىڭ، ھەرقايسىنىڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ، بىر-بىرىڭدىن پەرقىڭ يوق، سىلەر غەزەپكە ئۇچرىغۇچىلار،ئازغۇنلار- دەپ ئاچچىقىمغا چىدىماي سۆزلەپ كەتتىم.

ھەمزە بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقان ھالدا كىرىپ :

- باشلىق ، ئۇ يەنە بويۇنتاۋلىق قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ، دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئاندىن سافۋات كېلىپ ئۆزى ھېرىپ قالغۇچە قامچىلىدى، كېيىن تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويدى، تەخمىنەن بىر سائەتتىن كېيىن باشقا بىرسى كىرىپ، مۇھەممەد قۇتۇپ ۋە ئۇلار ئويدۇرۇپ چىقىرىۋالغان ئاتالمىش تەشكىلات توغۇرلۇق ئۇچۇر بېرىپ، ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشمنى، بۇنىڭ ئۆزۈم، يولدىشىم ۋە قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى دېدى، ئەمما مەندىن جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن يەنە ئىتلار بىلەن سولاپ قويدى.

بۇ قېتىم بۇ كامىردا ئىتتىن باشقا، ئىتتىن پەرقى يوق يەنە بىر ئىتسىمان ئەسكەرمۇ بار ئىدى، ھەمزە ئۇنىڭغا « ئىت ئۇنى چىشمىلىسە، سەن چىشلە » دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، بۇ يەردە ئىككى سائەت بۇلار بىلەن بىللە تۇرۇش جەريانىدا « ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى هامىي » دېگەن دۇئانى توختىماي ئوقۇدۇم، ئىت بىلەن ئۇ ئەسكەر بولسا ئاللاھنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى سائەت جەريانىدا زۇۋان سۈرمىدى، يېنىمغىمۇ كەلمىدى.

ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇلار مېنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا كەلدى.

ئەتىسى رىياد ئىبراھىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئاپاردى، كەرداسە يېزىسىدا تونۇيدىغان

ئادەملىرىم بار-يوقلىقىنى سورىدى، ھېچكىمنى تونىمايدىغانلىقىمنى دېدىم، بۇ يېزىدا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭمۇ؟ دېگەن سوئالىغىمۇ ياق دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ گېپىمگە ئەھمەت ئابدۇمەجىدنىڭ كەرداسەلىك ئىكەنلىكىنى، راست گەپ قىلمىسام مەن بىلەن دېيىشىدىغانغا باشقا ئادەم ئەكەلىدۇردىغانلىقىنى دەپ تەھدىت سېلىپ چىقىپ كەتتى. كەينىدىنلا بىر ئەسكەر يۈزۈمنى تامغا قاراپ تۇرۇشۇمنى بۇيرۇق قىلىپ، قامچىلىدى، ئاندىن يەنە دوختۇرخانىغا ئەكەلدى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ! بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەپتىش مەھكىمىسىگە بارغاندىن كېيىن يۈز بەردى، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن رىيادنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىلىپ بۇندىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئاياللار بىلەن يۈزلەشتۈردى، ئەبباس ئەس -سىسېنىڭ ئايالىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى سورىدى. « تونىمايمەن» دېدىم، كەينىدىن يەنە ياش بىر يىگىتنى قامچىلاپ ئېچىگە ئەكىردى، ئۇنىڭدىن « زەينەب غەززالى قايسى؟» دەپ سورىدى، يىگىت « تونىمايمەن» دېدى. ئاباس ئەس- سىسېنىڭ ئايالى قايسى دەپ سورىغاندا ئۇنىڭغىمۇ تونىمايمەن دەپ جاۋاب بەردى، بۇ يەردىكى ئايالالارنىڭ قايسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سورىدى، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەنلىكىنى دېدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ يىگىتنى ئېچىگە قانداق ئەكىرگەن بولسا شۇنداق قامچىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەينىدىن ھەممىدە قۇتۇبنى ئەكىردى، ئۇنىڭدىنمۇ ئاباس ئەس سىسېنىڭ ئايالىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى سورىدى، ئۇمۇ تونىمايدىغانلىقىنى دېدى، ئاندىن تۆت ئايال بىلەن ھەمدەنى چىقىرۋەتتى، مەن بىلەن رىيادلا قالدۇق، ئۇ ماڭا :

- مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ 4 خوتۇنلۇق بولغان بىرەرسىنى تونۇمسەن؟ -دېدى.

- ياق- دېدىم.

- مېنى تېپىشماق سوراۋاتىدۇ دەپ قالغان ئوخشايسەن، مۇسۇلمان قېرىنداشلاردىن 4 خوتۇنلۇق بولغان بىرسى بار، كىم ئىكەنلىكىنى دېمىسەڭ قامچىلىنىسەن- دېدى.

- نېمە قىلساڭ قىل، بىلمەيمەن- دېدىم.

نەچچە قامچا ئۇرغانىدىن كېيىن مېنى يالغۇز قويۇپ چىقىپ كەتتى، ئىككى سائەتتىن كېيىن سافۋات بىلەن كېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى.

## بىر قۇتا گۆش قىيمىسى

دوختۇرلار سالامەتلىك ئەھۋالىمنىڭ تامامەن بۇزۇلغانلىقىنى، ئەگەر تاماق بېرىلمىسە بۇ ھالەتتە ياشىشىمنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ، ھەتتا سوتقىمۇ چىقارماسلىقنى ئېيتتى.شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەلئۇنلار ئۆيۈمدىكىلەرنىڭ مېۋە-چېۋە، سۈت، قېتىقلارنى ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلدى .

بىر كۈنى سىڭلىم گۆش قىيمىسى ئەكىلىپ سىناپ باقتى، قېتىق قاچىسېنى بىكارلاپ ، ئۇنىڭغا گۆش قىيمىسى قاچىلاپ ، ئۈستىگە قېتىقتىن ئازراق قۇيۇپ ئەۋەتىپتۇ، قولۇمغا تەككۈچە ئاللاھنىڭ ھېكمىتى بىلەن ھېچكىم ئىچىگە قاراپ باقماپتۇ، ھەتتا ئۆزۈممۇ دەسلەپ ئۇنىڭ گۆش قىيمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقماپتىمەن، بۇنىڭ بىلەن بىرگە مېۋە-چېۋە ۋە ئىرىمچىكمۇ ئەۋەتكەنىكەن،گۆش قىيمىسىدىن ئازراق يېدىم، قالغىنىنى ۋە مېۋە-چېۋىلەرنى ئابدۇلمەبۇدقا دوختۇرخانىدىكى باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا تارقىتىپ بېرىڭ دەپ بەردىم، ئابدۇلئەزىز ئەلىمۇ دوختۇرخانىدا ئىدى. سېستىرا بىردەمدە قايتىپ كېلىپ بۇ گۆش قىيمىسىنىڭ ھايات تۇرۇشۇم ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىملىقىنى ئېيتتى،ئەمما مەن ئۇنىمىدىم،قالغانلارمۇ يېسۇن دەپ تۇرىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن بىر قوشۇقتىن ئېغىز تەگكەندىن كېيىن ئۇ يەنە قىيما قاچىلانغان قۇتىنى ئالدىمغا ئەكىلىپ بەردى، ئىچىدە يەنە ئازراق قىيما بار ئىدى، مەن ئۇنى ئۇستاز ئابۇلئەزىز ئەلىگە بېرىشنى ئېيتتىم، ئابدۇلمەبۇد ھەيرانلىق بىلەن بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى..

ئۇنىڭغا «قۇللىرىغا بۇ رىزىقنى بەرگۈچى پەقەت ئاللاھتۇر »دېدىم، ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇستاز قانداق قىلغاندا سىرتنىڭ يېمەكلىكلىرىنى ئەكىرگىلى قويىدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئۈچۈن دوختۇر قوشۇلىشى كېرەكلىكىنى،ئاۋال دوختۇردىن تەلەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى دېۋىدىم، ئۇمۇ دوختۇرنى ئىزدەپ، ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، تۈرمە سىرتىدا ياشاۋاتقان «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئەزالىرى تۆت تام ئىچىدە ئادالەت ۋە ھەق يولى ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا يېمەكلىك كىرگۈزۈشكە باشلىدى، چۈنكى ئۇلار ھەق يولىدا تەۋرەنمەي تۇرۇش ئۈچۈن ئوزۇقلۇققا، كۈتۈنۈشكە مۇھتاج ئىدى.

تۈرمە سىرتىدىن كىرگۈزۈلگەن ھەر قانداق نەرسە، ھەتتا ئادەتتىكى تۈرمۇش بويۇملىرىمۇ بىزنى ئالەمچە خۇشال قىلاتتى.

مانا بۇ زوراۋانلىق ۋە جاھىلىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئېچىنىشلىق رىئاللىق ئىدى.

## دوختۇرخانىدا يەنە ئاچلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە

بىر يىلغا يېقىن زىنداندا ياتتىم،بىراق ئۇلار سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى ئۈچ ئايدا ئاندىن سىرتتىن يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەنسىرەيتى، بۇ ئۇلار كۆزلەپ كەتكەن ساختىپەزلىكلەردىن بىرى ئىدى.

ئانام ۋە سىڭلىم سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن مېنى يوقلاپ كەلگەنىدە كىشىنىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان ئىشلاردىن خەۋەردار بولدۇم، سىڭلىمنىڭ دېيىشىچە مەن سولانغاندىن كېيىن سافۋات كۆپ قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، دورا-دەرمەك،كېيىم -

كېچەك تەلەپ قىپتۇ،كېيىملەر تېخى يېڭى بولىشى كېرەكمىش، بۇلارنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم، بۇ ئېنىقلا بىزنىڭ مال- مۈلكىمىزگە تاجاۋۇز قىلغانلىق، ئائىلىمىزنى قاقتى-سوقتى قىلىپ بوزەك ئەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟ بىزنى زىندانىدا چىرىتكەندەك ئائىلىمىزنىمۇ ماددى جەھەتتىن چىرىتىۋەتمەكچى بوپتىكەن دە؟!

ئۇلارنىڭ سىرتتىن نەرسە ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىشى، سىرتتىكىلەرگە :« بىز گۇماندار جىنايەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، سالامەتلىكلىرىمۇ شۇڭا ياخشى» دېگەن تەسىرنى بېرىش ئۈچۈن ئىدى.

ئەمما ئەمىلىيەتتەچۇ؟ بىزنىڭ تارتقان ئەلەملىرىمىزنى ساناپ تۈگىتەلمەيمەن، يۇقىرىدا، تارتقان ئەرزىيەتلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتكەندىم، قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەرگە، زىنداندا يېتىۋاتقان، بولۇپمۇ تۈرلۈك كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ تارتقان ئەرزىيەتلىرىدىن بىر قانچىنى سۆزلەپ بېرەي.

بىر كۈنى مۇسۇلمان ياشلاردىن بىر يىگىتنى ئەكىردى، بەدىنى قىيىن-قىستاقتىن تونىغۇسىز ھالغا كەلگەنىدى، دوختۇر ئۇنىڭغا ئازراق شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈش لازىملىقىنى ئەمما دوختۇرخانىدا شىكەر يوقلىقىنى ئېيتىپ ،شېكەر ئىزدەپ پايپېتەك بولۇپ كەتتى.دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى مەن تۇرىۋاتقان تۈرمە ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئۇردۇم، دوختۇر ياردەمچىسى سېستىرا ئابدۇلمەبۇد ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ماڭا ئۆيدىكىلەر ئەۋەتكەن ھەسەلنى ئۇ يىگىتكە ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتىم.

بۇنىڭ ھەممىسى ئۇ رەھىمسىزلەردىن مەخپى ھالدا ئېلىپ بېرىلدى، ئەگەر بايقاپلا قالىدىغان بولسا ھەرگىز يول قويمىغانىنىڭ ئۈستىگە بىر مۇنچە جازالايتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ چەكلىمىلەر شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى، كېسەللەرنىڭ سۇ ئىچىشىمۇ چەكلەندى، يازنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرى بارلىق كېسەللەرنىڭ سۇ ئىچىشى چەكلەندى، شۇنداق قىلىپ يېرىم ئىستاكان سۇ تېپىپ ئىچىش مۆجىزە

ھېسابلىنىدىغان ھالغا كەلدى. سالامەتلىك ئەھۋالىمنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەھۋالىم ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن ماڭا ئازراق سۇ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى، ياندىكى ياتاقتا بىر ياشانغان قېرىنداشىمىز ياتاتتى ، ماڭا بەرگەن سۇنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچىشنى ئويلاپ بېشىم قاتتى، سۇنى ئۇنىڭغا قانداق يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىمنى دەپ بەرسەم ئىشەنمەيسىلەر، سۇنى كۆز ئەينىكىمنىڭ قېپىغا قۇيۇپ تامنىڭ ئارلىقىدىن ئۆزىتىپ بەردىم، ئۇسسۇزلۇقنى ئازراق بولسىمۇ قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، ئۇنىڭ بەدەنلىرىمۇ قامچا دەستىدىن تىتىلغان بولۇپ، سۇغا مەندىنمۇ بەكرەك مۇھتاج ئىدى.

بۇ زالىملار قىيناشتا مۇتەخەسسىسكە ئايلانغان ئىدى، يېڭى، كونا، ئىشقىلىپ قانداقلا ئۇسۇل بولسا قوللىناتتى، ھۈنەرلىرىگە ھۈنەر قوشۇپ ھەممىنى بىزنى جازالاشقا ئىشلىتەتتى.

## بىر قارانىيەتنىڭ پۇشايمىنى

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن، بۇ يەردە سىزگە مەن دوختۇرخانىدا ياتقان چاغدا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن .بۇ ۋەقە مېنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ۋە بۇ دۆلەت خەلقىنىڭ ھېلىھەم ئاقكۆڭۈل ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى .ئەگەر كەڭ خەلق ئاممىسى ساغلام يېتەكلەشكە ،تەربىيەگە ئېرىشەلىسە، ئىنشائاللاھ نەتىجىسى تولىمۇ خەيرلىك، ياخشى بولغۇسى!

شۇ چاغدا ئۇلار چوقۇم ياراتقان ئىگىمىزگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئايىماي ھەتتاكى جېنىنى قۇربان قىلىپ ئېتىقادىنى قوغدايدۇ.

دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتىمدا سالىھ ئىسملىك بىرسەھىيە مەمۇرى بىرگە ئىدى.

ئۇ بىمارلارغا ئوكۇل ئۇرۇش ۋە ھەر قايىسى كامىرلاردا بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدى .بىر كۈنى مەن تازىلىق ئۆيىگە كېتىۋاتاتتىم، مەن دەل ئۇستاز شەيخ قۇتۇب تۇرۇۋاتقان كامىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ،شامال ئىشىككە تارتىپ قويۇلغان ئەدىتالنى قايرىۋەتتى.(ئۇستاز ياتقان كامىرغا ئىشىك ئورنىتىپ بولالمىغاچقا ئەدىيالنى تارتىپ قويۇشقانىدى)بۇ تاساددىبىيلا يۈز بەرگەن ئىش بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىچىك ئىش ئەمەستەك قىلاتتى .

مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك دوختۇرخانا ئىچى ئوڭتەي- توڭتەي بولۇپ كەتتى .قانداقىسگە بۇنداق بولىدۇ؟ قانداق قىلىپ زەينەب غەززالى كامىر ئىچىدە تىپتىچ ئولتۇرغان شەيخ قۇتۇبنى كۆرۈپ قالىدۇ ؟بۇ ئىش سەۋەبلىك سالىھ تىل-دەشنام ئىچىدە قالدى.

بالا كەلسە قوش كەپتۇ دەپ، دەل مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندە سافۋات دىگەن ئەبلەخنىڭ دوختۇرخانىغا ئىش بىجىرگىلى كېلىپ قالسا بولىدۇ. ئۇ نەق مەيداندا بار ئەسكەرلەرنى گۇۋاھلىققا تارتىپ بۇ ئىشنى قەستەن يۈز بەرگەنگە چىقارماقچى بولدى .چۈنكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەزالارنىڭ خالىغانچە كۆرۈشۈشىگە يول قويۇلمايتتى.

سالىھ ئەسلىدە ياۋايى ھايۋاندەك قوپال، بىر قارانىيەت ئىدى. ئادەمىيلىكتىن، ئەقىل ئىدراك ،ئېتىقاد دىگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن قۇتۇب ئۇستاز سالىھقا تەسەللىي بەردى ۋە يول كۆرسەتتى، ھەمدە ئۇنىڭغا ئىشىك پەردىسىنىڭ شامال تەرىپىدىن قايرىۋېتىلگەنلىكىنى ، بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلىقىنى ئېيتتى. ئەستايىدىل پاراڭلاشقاندىن كېيىن سالىھتا ئۆزگىرىش يۈز بەردى .

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ قېشىمغا كېلىپ پۇشايمان ۋە سەممىيەت ئارلاشقان تەلەپپۇزدا :«ئىسلامغا قايتىدىن كىرىمەن.» دېدى ۋە مەندىن قانداق قىلغاندا ھەقىقىي

مۇسۇلمان بولغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى .

مەن ئۇنىڭدىن:«سىز كۆرگەن ئىشلارغا تاقەت قىلىپ تۇرالامسىز؟ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەزالار ئۇچرىغاندەك كۆلپەتلەرگە ئۇچرىسىڭىز سەبىر- تاقەت قىلالامسىز ؟»دەپ سورىدىم .

ئۇ:«ئەگەر مەن بىر ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالىسام ئاللاھ ماڭا سەبىر ـ تاقەت ۋە چىدامچانلىق ئاتا قىلىدۇ »دېدى مەن ئۇنىڭغا ماڭا ئەگىشىپ«بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر » دەپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇشنى ئېيتتىم. ئۇ كۆز ئالدىمدا شاھادەت ئېيتتى، ئاندىن مەن يەنە:«ئۇنداقتا سىز پەقەت ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى قىلىڭ ،ئىسان قېلىپىدىن چىققان ياۋۇز ،زالىملارغا بويسۇنماڭ .چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆرسەتمە بۇيرۇقلىرى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بۇيرۇقلىرىغا، تەشەببۇسلىرىغا قارمۇ -قارشى » دېدىم.

ئۇ:«مېنىڭ ھەقىقىي ئىسلامنىڭ قانداقلىقىنى بىلگۈم بار .ھەقىقىي ئىسلام سىلەرگە باشقىلار سەبىر- تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشنى ئۆگىتىپتۇ »دېدى.

ئۇنىڭغا شەيخ قۇتۇبىنىڭ قېشىغا بېرىشنى، ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسلامىي بىلىملەرنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشنى ھەم ئۇ زاتقا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىدىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تۆۋبە قىلدى.

# سوت ئېچىلىدىغانغا ئاز قالدى

بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، سوت ئېچىلىش ۋاقتى يېزىلغان ئۇقتۇرۇش قەغىزى قولۇمغا  تەگدى. بۇ راستىنلا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر مەيدان غەۋغا ئىدى . ئۇلار ماڭا ھۆكۈمنامەنىڭ شەمسى بەدىرانىنىڭ تارتمىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى . دېمەك بۇ ھۆكۈمنامىسى ئاللىبۇرۇن چىقىرىلىپ بولغان، شەكىلگە ئېچىلىدىغان سوت ئىدى.

مەن ئەخمەد ھەۋۋاج پروفېسسورنى مېنىڭ ئاقلىغۇچى ئادۋۇكاتىم قىلىشنى  تەلەپ قىلغىنىمدا ئۇلار بۇ دېلودا مېنىڭ ئاقلىنىش ۋە ئادۋۇكات بىلەن كۆرۈشۈش ھوقۇقۇمنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى .

«ئۇنداقتا بوپتۇ ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئاقلايمەن » دېدىم.

ئۇلار ماڭا بىر خرىستىيان ئادۋۇكاتنى ئاقلىغۇچى قىلىپ تەكلىپ قىپتۇ. ئانام ۋە ئىككى ھەمشىرەم مېنى يوقلاپ كەلگەندە ،چىراي- تۇرقۇمدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى، ساۋفات بىلەن ھەمزە بىزنىڭ پارىڭىمىزغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇردى.

ئۆيدىكىلەردىن مەن ئۈچۈن ئاقلىغۇچى ئادۋۇكات تەكلىپ قىلماسلىقنى ئۆتۈندۈم، ئەمما ئانىلاردىن ئۇقتۇمكى ئۆيدىكىلەر ئاللىقاچان مەسلىھەتلىشىپ ھۆسەين ئەبۇ زەيد پروفېسسورغا  1000جۇنەي تۆلەپ ئاقلىغۇچى ئادۋۇكاتلىققا تەكلىپ قىپتۇ.

سوت ئېچىلىشتىن بۇرۇن ئادۋۇكاتنىڭ ئاقلاش ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۆلەش كېرەككەن. ئۆيدىكىلەرگە ئۇ كېلىشىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى ئېيتتىم ، ئەمما سوت ئېچىلغاندا ھۆسەين ئەبۇ زەيد پروفېسسور يەنىلا كېلىپ مەن ئۈچۈن ئاقلىغۇچى ئادۋۇكات بولدى.

سوت ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن شەمسى بەدىرانىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىلدىم .

ئۇ:«ساڭا قويىدىغان تەلىپىمىز شۇكى ،تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ بولغان مەسىلىلەرگە قارىتا باشقىچە پىكىردە بولۇشۇڭغا بولمايدۇ.ھەممە تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يېزىلغان ھەر بىر

جۇملىنى ئېتىراپ قىلىشلىك كېرەك. ئەگەر سوتتا، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر مېنى ئالدىدى دېيەلىسەڭ، ئۆتكەن ئىشلىرىڭغا پۇشايمان قىلدىغانلىقىڭنى بىلدۈرسەڭ ،سوت ساڭا چىقارغان كېسىمنى يېنىكلىتىدۇ؛ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىكى ھەر قانداق بىر سۆزگە قارشى چىقىشىڭغا بولمايدۇ؛ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق، ئۇيۇشما ئەزالىرى مېنى ئالدىدى دېيەلىسەڭ ،بىز سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى خىزمەتتە بولىمىز »-دېدى .

مەن:« ئاللاھنىڭ خالىغىنى ۋە تالىغان ئىشى يۈز بېرىدۇ. باشقا كىشىنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلىشى ، ئۆزىنىڭ تاللاش دائىرىسىدە ئەمەس»دېدىم .

ئۇ:«ئەرەب تىلىدا گەپ قىل ! گېپىڭنى چۈشەنمىدىم ، قارىغاندا بىز سەن ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى دېسەكمۇ ئۆزۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.

ئۇلارغا ‹ غەيىپنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللاھ بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، دەرەختىن ياپراقتىن ئاللاھنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى ئاللاھقا مەلۇم بولۇپ، لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر .› { سۈرە ئەنئام 59-ئايەت }بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەردىم.

ئۇ:«ھەمزە ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەت ئۇز مەنپەئەتىنى ئويلىشالمىدۇ ئويلاشمامدۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىشى » دېدى.

ھەمزە:«جانابلىرى ،ئۇنى ماڭا تاپشۇرسىلا ،مەن ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق پىكىرگە كېلەلەيمەن »دېدى دە، مېنى شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىدىن ئەچىقىپ يېنىدىكى باشقا بىر ئىشخانىغا ئەكىردى .

ھەمزە ماڭا نەسىھەت قىلغىلى باشلىدى .ئۇ ماڭا ئىپادەم باشقا ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭكىدىن پەرقلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ھەم ئىلگىرى كۆپ قېتىم ماڭا دەپ تەكرارلىغان سەئىد

قۇتۇپ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىللار مېنى ئالدىدى دېگىن دېدى .

شۇنداق قىلسام ماڭا تۈنجى سوۋغا سۇپىتىدە ،ئۆيدىكىلەردىن جەرىمانە ھېسابىغا ئالغان پۇللارنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ،مېنىڭ سوتتا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈيۈشمىسىنى ئەيىبلەپ سۆككەنلىرىمنىڭ ۋەزنىگە قاراپ جامال ئابدۇناسىر ماڭا يەنە باشقىچە سوۋغا بېرىدىغانلىقىنى ،ھەمدە سوتتا ئاقلانە بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ،ئۇنىڭ بىلەن بىرگە شەمسى بەدىراننىڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغانلىقمنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى.

دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، ئەمما بىر ئېغىزمۇ جاۋاب بەرمىدىم، بىراق سوتتا بۇلارنى ئېتىراپ قىلساڭ سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن» دېگەن سۆزىگە چىداپ تۇرالماي « سەن شۇنچىلىك ئاجىز ۋە مىسكىنسەنكى، قەۋزىيەت بولۇپ قالغىنىڭدا تەرەت قىلغىلىمۇ كۈچۈڭ يەتمەس تۇرۇقلۇق، مېنى ئۆلۈمدىن قانداق قۇتقۇزىسەن؟ » دېدىم.

يەنە زىندانغا سولاپ قويدى، بۇ ئازغۇنلارنى ۋە دېگەنلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان سوت مەھكىمىلىرىنى خىيال قىلدىم. سىياسى ھوقۇق شۇلارنىڭ قولىدا، سوت مەھكىمىسىمۇ ئۇلارنىڭ كونتروللىقىدا تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا بىزنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىمىزدە بۇنچە چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم.

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن ،قارىغاندا بۇ بىر مەيدان غەۋغانىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشلىرى قويۇلماقچىدەك ، ئويۇننىڭ ئاخىرقى پەردىسى سوتتا ئاشكارلانماقچىدەك قىلىدۇ.

ئۇلار خەلققە « ئەي جامائەت، قاراڭلار! مانا بۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۈيۈشمىسىدىكى ئەزالار دۆلەت ۋە جۇمھۇرىيەت رەئىسى، ھەمە نەرسىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولغان جامال ئابدۇناسىرنى يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئېتىراپ قىلىشتى »دېمەكچىدەك تۇراتتى ئەمما ئاقىۋەتتە ھەممە ئىش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ چىقتى .

قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنرالى ئەددەجەۋى سوتقا قاتناشتى، بۇ نېمەدىگەن كۈلكىلىك ئويۇن !

## خۇش بىشارەت!

بۇ ئىشلارنى ئويلاپ يېتىپ ئازراق ئۇخلاپ قاپتىمەن ۋە مۇنداق چۈش كۆرۈپتىمەن.

چۈشۈمدە بىر كەڭرى بىر سەينادا تۇرغۇدەكمەن؛بىز بۇسەينادا سوراققا تارتىلىۋاتقۇدەكمىز .شۇ يەردە تۇرسام تۇيۇقسىز ،سەينانىڭ چۆرىسىدىكى تام توساقلار غايىب بولغۇدەك ،سەينا چوڭىيىپ پۈتكۈل زېمىندەك كەڭرى بولۇپ كەتكۈدەك، ئاسمان خۇددى بىر كۈنلۈكتەك زېمىننى چۈمكەپ تۇرغۇدەك . تۇيۇقسىز بىر نۇر پۈتكۈل زېمىننى يورۇتۇپ ئاسمان بىلەن زېمىننى بىر بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋاتقۇدەك ،دەل شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى كۆردۈم .ئۇ زات مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغۇدەك، يۈزى قىبلىگە يۈزلەنگەن، مەن ئۇنىڭ «زەينەپ ،ھەقىقەتنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سېلىڭ »دېگىنىنى ئاڭلىدىم .ئۇ ئاۋاز پۈتكۈل ئاسمان-زېمىنغا ئەكىس سادا بولۇپ ياڭرىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇلاپلا ‹تاغۇتلار ھۆكۈم چىقارسا، زۇلۇم ۋە ھەقسىزلىققا مەھكۇم بولىسىلەر، سىلەر ئىسلام ئۈممىتىسىلەر، ھەق يولنىڭ يولۇچىسىلەر. ‹ ئى مۆمىنلەر، تائەت-ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار . سۈرە ئالى-ئىمران 200-ئايەتنىڭ بىرقىسمى › دېدى.

بۇلار بولسا چۈشۈمدە ئاڭلىغان ھەقىقەت سادالىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.بۇ سادالار پۈتكۈل ئاسمان زېمىننى زىل- زىلىگە كەلتۈرگەچكە، مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئېسىمدە تۇتۇۋېلىشقا ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرۈشكە ئاجىز كەلدىم .

ھەقىقەت سادالىرى سەل بېسىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك يۈزىنى ماڭا بۇرىدى ،ھەم ئوڭ تەرىپىمگە قارىشىمنى ئىما قىلدى . مەن بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان بەھەيۋەت بىر تاغنىڭ ماڭا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ تاغ ياپيېشىل زېمىنغا يېيىلغان بىر پارچە

چوڭ گىلەمگە ئوخشاپ كېتەتتى .

رەسۇلۇللاھ ماگا:« زەينەب، بۇ تاغقا چىققىڭ، چوققىسىدا ھەسەن ئەل- ھۇدەيبىنى كۆرىسىز،سىز ئۇنىڭغا بۇ سۆزلىرىمنى ئېيتىڭ» دېدى ۋە ماڭا ماڭا چوڭقۇر مېھرى بىلەن بىر قاراپ قويدىيۇ،بىرنەرسە دېمىدى،پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك ،نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم .

تاغقا ياماشتىم، يامىشىۋېتىپ ئەلى ۋە خالىدە ئەل-ھۇدەيبى بىلەن ئۇچراشتىم،« سىلەرمۇ بىز بىلەن چىقامسىلەر ؟» دەپ سورىدىم، « ھەئە » دەپ جاۋاب بەردى. داۋاملىق ياماشتىم، بىر نەچچە مېتىر ياماشقاندىن كېيىن ئامىنە، ھەمىدە قۇتۇب ۋە فاتىمە ئىسا بىلەن كۆرۈشتۈم. «سىلەرمۇ بىزبىلەن چىقامسىلەر ؟» دەپ سورىدىم،« ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

يامىشىپ ئاخىرى چوققىغا چىقتىم، بۇ يەردە ناھايىتى كەڭ ،تۈز بىر يەر بار ئىدى .بۇ تۈزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا پايانداز-گىلەملەر سېلىنغان مەيدان، مەيداندا نۇرغۇنلىغان ئۇستەل- ئورۇندۇقلار بولۇپ ،ھۇدەيبى ئۇستاز مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى.مېنى كۆرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملاشتى ، كەلگىنىمدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ « رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد تەرىپىدىن ئامانەت قىلىنغان بەزى سۆزلەرنى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم» دېدىم، ئۇ «ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن،مەن ئاللىقاچان ئۇ سۆزلەرنى بىلىپ بولدۇم » دېدى.

بىز شۇ يەردە ئولتۇردۇق ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرى تىل بىلەن ئەمەس بەلكى قەلبىلىرىمىز بىلەن يەتكۈزۈلۈۋاتاتتى...

ھۇدەيبى ئۇستاز نىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمدا،تاغ باغرىدا كېتىۋاتقان بىر پويىزنى كۆردۈم .دەرھال ئۇستازغا ئىشارە قىلىپ پويىزدا يالىڭاچ ئاياللارنىڭ بارلىقىنى كۆرسەتتىم .ئۇ شۇنداق بىر قارىدى ، كۆرگەنلىرىمدىن تولىمۇ ئازابلاندىم .

«سىز ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېتىراز بىلدۈرەمسىز ؟»دەپ سورىدى ئۇستاز .

-ھەئە دېدىم .

ئۇ يەنە:«سىزنىڭچە بىز ئورۇنىدىغان ئىشلار، بىزنىڭ ئىككى قولىمىزغىلا،غەيرەت-شىجائىتىمىزگىلا تايىنىپلا ئورۇندالغانمۇ ؟» دەپ سورىدى.

-ياق ! ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە رەھمىتى بىلەن بولغان.

-بولدى، سىز ئۇ ئىككى ئايالنى ئويلىماڭ .

-بىز ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى ،ئەمما ئۇلارغا تەربىيە قىلىپ ھەقىقىي ئىنسان بولۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك .

-يالغۇز ئۆزىڭىزگىلا تايىنىپ بۇ ئىشلارنى قىلىپ كېتەلەمسىز ؟

-ياق ! پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بولغاندىلا ئاندىن قىلالايمىز.

-ئۇنداقتا بىز ئاللاھقا ھەمدۇ- سانالار ئېيتايلى ،ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغاننى بىزگە بېرىدۇ. قۇتۇب ئۇستاز دۇئاغا قول كۆتۈردى ،مەنمۇ ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۈم . بىز تەكرار -تەكرار دۇئا قىلدۇق .ئاخىرى مەن چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتتىم .قورققۇدەك ھېچ ئىش يوق ئىدى،چۈشلىرىمدە ئايان بولغان ئىشلار مېنى ئازابتىن خالاس قىلدى ،قەلبىمدىكى دەرت ئەلەملەرنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كەتتى.

﴿ ھىجرەت قىلغانلار، يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلار، مېنىڭ يولۇمدا ئەزىيەت تارتقانلار، مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ۋە مېنىڭ يولۇمدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت ۋە رەھمىتىم بىلەن ئەلۋەتتە يوققا چىقىرىمەن، ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمەن، بۇ ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپاتتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشى مۇكاپات، يەنى جەننەت بار. كاپىرلارنىڭ پۇل-مال، ئابروي، مەرتىۋە ئىزدەش يۈززىسىدىن شەھەرلەردە كېزىپ يۈرۈشى سېنى ئالدىمىسۇن. سۈرە ئال ئىمران 195،196-ئايەت.﴾ ﴿ ئى مۆئمىنلەر ! تائەت-

ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەبىر قىلىڭلار . سۈرە ئال ئىمران 200-ئايەت › .

## سوت ئېچىلغان كۈنى

بىرىنچى قېتىمىق سوتتا سوت كوللىگىيەسى يەتتە دېلوغا قاراپ چىقماقچى ئىدى.سوت ئېچىلىدىغان كۈن بىز ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن كېيىنلا ھەر قايسى ئىشخانىلارغا ئېلىپ بېرىلدۇق .ئۇندىن كېيىن سوت مەھكىمىسىگە بارىدىغان ماشىنىنى ساقلىدۇق، ئەتىگەن سائەت سەككىز ، ھەربىي تۇرمە ھويلىسى ئوفىستېر، ئەسكەر ۋە ساقچىلار بىلەن لىق تولدى، .ئۇلار خۇددى جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغاندەكلا سۈر ۋە ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى.

ماشىنا كىلىشىگە سوت مەھكىمىسىگە تۆت چۆرىمىزدىكى لىق ئەسكەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا «بىخەتەر» ھالدا يۈرۈپ كەتتۇق. يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىزنى جاۋابكارلار تۇرىدىغان قەپەزسىمان ئورۇنغا سىلكىشلەپ ئېلىپ چىقىشتى .

ئەينى چاغدا بىز جەمئىي 43 كىشى ئىدۇق.

1. مۇھەممەد يۈسۈپ ھاۋۋاش
2. ئابدۇلفەتتاھ ئابدۇللاھ ئىسمائىل
3. ئەھمەد ئابدۇلمەجىد ئابدۇسەمى
4. سەئىد قۇتۇب ئىبراھىم
5. سەبرى ئارافە ئىبراھىم ئەل- قۇمى
6. مەجىد ئابدۇلئەزىز مۇتەۋەللى
7. ئابدۇلمەجىد يۈسۈپ ئابدۇلمەجىد شاكىرى
8. ئابباس سەئىد

9. مۇبارەك ئابدۇلئەزىم مۇھەممەد ئىياد

10. فەرۇخ ئەھمەد ئەلى ئەل-مىنشاۋى

11. فەيىز مۇھەممەد ئىسمائىل يۈسۈپ

12. مەمدۇھ دەرۋىش مۇستافا ئەد- دىرى

13. مۇھەممەد ئەھمەد مۇھەممەد ئابدۇرەھىم

14. جالالىدىن بەكرى دىشاۋى

15. مۇھەممەد ئابدۇلمۇفتى ئىبراھىم ئەل- جەززار

16. مۇھەممەد ئەل-مەمۇن يەھيا زەكەرىييا

17. ئەھمەد ئابدۇلھەلىم ئەس-سۈرۇجى

18. سالىھ مۇھەممەد مۇھەممەد خەلىفە

19. سەئىد سائادەتتىن سەئىد شەرىف

20. مۇھەممەد ئابدۇلمۇفتى ئابدۇرەھىم

21. ئىمام ئابدۇلەتىف ئابدۇلفەتتاھ غايس

22. كامال ئابدۇلئەزىز ئارىف سالام

23. فۇئاد ھەسەن ئەلى مۇتەۋەللى

24. مۇھەممەد ئەھمەد ئەل-جىرى

25. ھەمدى ھەسەن سالىھ

26. مۇستافا ئابدۇلئەزىز ئەل-ھۇدەيبى

27. سەئىد نازىلى مۇھەممەد ئادىيە

28. مۇرسى مۇستافا مۇرسى

29. مۇھەممەد بەدى ئابدۇلمەجىد مۇھەممەد سەمى

30. مۇھەممەد ئابدۇلمۆمىن شاھىن

31. مۇھەممەد ئەھمەد فەخرى

32. مەھمۇد ئىززەت ئىبراھىم

33. سالاھ مۇھەممەد ئابدۇلھەق

34. ھېلىم مۇھەممەد سادىق خاتھۇت

35. ئىلھام يەھيا ئابدۇمەجىد بەدەۋى

36. ئابدۇلمۆمىن ئابدۇررەئوف يۈسۈپ ئەرافات

37. مۇھەممەد ئابدۇلفەتتاھ رىزىق شەرىف

38. زەينەب غەززالى جۇبەيلى

39. ھەمدە قۇتۇب ئىبراھىم

40. مۇھىيددىن ھىلال

41. ئاشماۋى سۇلايمان

42. مۇستافا ئەل-ئالىم

43. ئەلى ئاشماۋى

ئوقۇرمەنلەرگە ئايان بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەلى ئەشماۋىمۇ بار ئىدى .ئۇ ئەرزىمەس دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز ئىمان ئېتىقادىنى سېتىۋەتكەن بولۇپ ،گۇۋاھچى سالاھىيىتىدە بۇ قېتىمقى سوتقا قاتناشماقچى ئىدى.

بىز جاۋابكارلار ئېلىپ چىقىلغاندا ئاتالمىش سودىيەمۇ يېتىپ كەلگەن ئىدى . ھېلىقى قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنرالى دەجەۋى بىزنىڭ بىر بىرلەپ ئىسمىمىزنى ئاتاپ سوتقا قارىتا باشقىچە پىكرىمىز بارمۇ يوق سوراپ چىقتى .

بىز قېرىنداشىمىز جاۋاب بېرىپ:« سوتقا قاتناشقا ھەر بىر كىشىگە نىسبەتەن ھېچقانداق پىكرىمىز يوق ،ئەمما نادانلارچە تۈزۈلگەن ئاتالمىش قانۇنلارنى دەستەك قىلىپ، بىزنى سوتلىماقچى بولغان شۇ بۇيرۇقۋازلارغا قارىتا پىكرىم بار. بىز بۇنداق ناھايىتى

ئازساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن زور كۆپچىلىكنى قۇربان قىلىدىغان ، نادانلارچە تۈزۈلگەن قانۇننى قوبۇل قىلالمايمىز ، بىزنى پەقەت ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەنلا سوتلىيالايسىلەر خالاس!» دېدى.

دەجەۋى سورايدىغانلىرىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن :« سوتىمىز قارار قىلىپ زەيىنەپ غەززالى بىلەن ھەمىدە قۇتۇبقا باشقىچە دېلو تۇرغۇزۇپ سوتلىماقچى » دېدى .

شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنى ئېلىپ ماڭدى، سوتقا چىققان بارلىق تۇغقانلىرىمغا،قېرىنداشلىرىمغا ھۆرمىتىمنى بىلدۈرگەچ ماڭدىم .

ئۇلار بىزنى باشقا بىر ئىشخانىغا ئېلىپ چىقىپ سولاپ قويۇشتى،سوت ئاخىرلاشقاندا بىزنى ماشىنىغا يالاپ چىقىرىپ ،ھەربىي تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېلىشتى.

شۇ قېتىمقى سوت مىلادىيە 1966-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنى ئېچىلغان ئىدى. بىز زىنداندا شۇنىڭدىن كېيىن تا 5-ئاينىڭ 17كۈنىگىچە ياتتۇق. كېيىن يەنە قايتا سوت ئېچىلدى ، ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك سوت ئېچىش پەقەتلا خەلققە كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈنلا قويۇلغان بىر سىنارىيە كۆرۈنىشى ئىدى خالاس.

## ئالتىنجى باب

## سوت

1966-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۇلار بىزنى يەنە بىر قېتىم سوتقا ئېلىپ چىقىشتى ۋە جاۋابكارلىق ئورنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇشتى.

يۈزلىرى گۆشلۈك كەلگەن خام سېمىز قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنرالى دەجەۋى سوت كوللىگىيەسىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى .باشقىلار دەجەۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان ئىدى .ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر قانچە مۇخبىر ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارسوت كوللىگىيىسى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ بولۇشقان ئىدى .

مۇخبىرلار توختىماستىن بىزنى رەسىمگە تارتىشاتتى ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئابدۇلئەزىم ئىسىملىك مۇخبىر ئىلگىرى دائىم مۇسۇلمان ئاياللار بىرلەشمىسى باش شتابىغا كېلىپ بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنازىرىگە قاتنىشاتتى. بىز ئۇنىڭغا:«ئابدۇلئەزىم ، رەسىملەرنى ياخشى ساقلاپ قويۇڭ ،بەلكىم بىر كۈنلەردە ئەسقېتىپ قالار، بۇ كۈنلەر ئۇنچىۋالا يىراقتا ئەمەس » دېگەنىدۇق، ئۇ ئەينى چاغدا خېلى يۈرەكلىك ھالدا :«بولىدۇ »دېگەن ئىدى .مېنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ ، تىترەپ كەتتى ۋە نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا سوتخانىدىن غايىب بولدى .

مەن يەنە باشقا مۇخبىرلارغا قاراپ:« زادى نىمە ئىش قىلىشىۋاتىسلەر!؟» دەپ ۋاقىرىدىم.

سوت باشلىنىپ دەجەۋى ئىسمىمنى چاقىردى، جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن جاۋابكارلار ئورنىدىن چۈشتۈم .ئۇلارنىڭ مەندىن سورىغان سوئاللىرى بىلەن تەكشۈرۈش جەريانىدا دىگەن گەپلىرىم تامامەن بىردەك ئەمەس ئىدى .مەن ئۇنىڭغا :«مەن بۇنداق گەپلەرنى دېمىگەن »دېدىم .

بۇ يەردە مەن پەقەت سوتتا جاۋاب بەرگەن ئىككى سوئال توغرۇلۇق توختالماقچى :

دەجەۋى:«ھەسەن ھەۋدەيبى سەن ئۇنىڭغا بەرگەن 4000 جۇنەينى ئېرىدىن ئوغۇرلاپ كەلگەن دەيدۇغۇ »دېدى.

مەن: «ئۇ 4000 جۇنەي پۇل مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى قېرىنداشلار تاپشۇرغان ئەزالىق پۇلى ۋە ئىئانە قىلغان پۇللار، ئۇ پۇللارنى تۇتۇپ كېتىلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ،پەرزەنتلىرىنىڭ يېمەك -ئىچمەك ،كىيىم كېچەكلىرىنى تەل قىلىپ بېرىشكە ئىشلىتىمىز» دېدىم.

1954-يىلدىكى كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشتا جامال ئابدۇناسىر مىڭلىغان ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلغانىدى.

دەجەۋى خۇددى چايان چېقىۋالغاندەك سەكرەپ كەتتى. ئۇ يەنە:«سېنىڭ پۇتۇڭ يارىلانغان چاغدا ، سەن بۇ پۇللاردىن ناھايىتى ئەنسىرەپ كېتىپتىكەنسەن، ئەجىبا نېمە ئۈچۈن ؟ ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل سېنى كۆرگىلى دوختۇرخانىغا بارغاندا سەن ئۇنىڭغا ئۆيۈڭگە بېرىپ بۇ پۇلنى ئېلىپ ھەۋدەيبىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى تاپىلاپسەن ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دەپ ئىككىنچى سوئالنى سورىدى.

مەن جاۋابەن:«چۈنكى ئۇ پۇل ئىسلامنى تېخىمۇ كەڭ تەشۋىق قىلىش ، تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .ئىسلام يولىدا كۈرەش قىلىپ تۇتقۇن قىلىنغانلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ ئۇ پۇلنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بار ،پۇل مېنىڭ ئۆيۈمدە قېلىپ، ئەگەر مەن بەختكە قارشى ئۆلۈپ كەتسەم ئىز باسارلىرىم بۇ پۇلنى مىراس دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ ، بۇ مېنىڭ شەخسىي مۈلكىم ئەمەس، بەلكى جامائەتنىڭ پۇلى » دېدىم.

ئۇ:«بۇ بولسا مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى يىغقان، قورال -ياراق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان پۇلكەن، ھۇدەيبىمۇ بۇ پۇللارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلمەيدىغانلىقنى ئېيتتى .ئەسلىدە بۇ پۇلنى ئېرىڭنىڭ يېنىدىن ئوغۇرلاپ كەلگەنىكەنسەن » دېدى .

يەنە بىر سوت خادىمى گەپكە قوشۇق سېلىپ: «قۇتۇب ئىلگىرى ھەمدەگە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىماقچى، دېگەن ئىكەن » دېدى.

ـ ياق، بۇنداق ئىش يوق دېدىم.

ـ ئەمسە قۇتۇب يالغان سۆزلىگەن ئوخشىمامدۇ؟

ـ ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ! ئۇ كىشى يالغان ئېيتمايدۇ، دېدىم.

شۇنداق قىلىپ بۇ تەپتىش خادىمىنىڭ ئېغىزى ئەۋرەزگە ئوخشاش سېسىق گەپلەرگە لىق تولدى. سوت خادىملىرىنىڭ بۇ قەدەر ئىپلاس، نومۇسسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ئەجەبا مۇستەبىتلەر مىسىردا كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلامدۇ؟!

دەجەۋى سورايدىغانلىرىنى سوراپ بولغاندا مەن جاۋابكارلار ئورنىغا قايتۇرۇلدۇم .ھەمدە جاۋابكارلار ئورنىدىن چۈشۈپ،سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە باشلىدى .ئۇمۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ ئورنىغا قايتۇرۇلدى، ئۆزىمىزنى ئاقلاشقا كىرىشتۇق، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئاقلاش دەپ ئاتىسام بولامدۇ يوق بىلمىدىم .

سوت خادىملىرى يەنىلا نومۇسسىزلارچە تىل- ئاھانەت ياغدۇرۇۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بۇقەدەر ۋەھشىي، نومۇسسىز، غالجىرلىقىغا ناھايىتى غەزىپىم كەلدى، قولۇمنى كۆتۈرۈپ سۆز قىلماقچى بولدۇم .

دەجەۋى مېنى ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن، تىللىرىدىن قورقتى دەپ ئويلىدى بولغاي، ماڭا ھاماقەتلەرچە بىر قارىۋېتىپ :«قېنى گېپىڭ بولسا ئېيت !» دېدى .

ئورنۇمدىن تۇرۇپ :«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن! بىز مىللىتىمىزنىڭ سەممىي كىشىلىرى ، قۇرئاننىڭ يەنى ئىلاھى قانۇننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكىمىز ۋە مۇنەۋۋەر يول

باشچىمىز ! بىز تەۋھىد بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاھ يولىدا قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق ماڭىمىزكى تەسىرىمىزگە ئۇچرىغان پۈتكۈل ئۇممەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ . ئاللاھ بىزنى قوغدايدۇ، بىزنى زالىملارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن قوغدايدۇ! سەنلەرنىڭ قېپقىزىل يالغانچىلىقلىرىغىنىڭ ۋە زۇلۇم - سىتەملىرىگىنىڭ شەررىدىن قوغدايدۇ ! »دېدىم.

دەجەۋى:«ئاغزىڭنى يۇم !سەن دىگەن قايسى ئۆرنەك ،قايسى ئۈلگە ئۇ؟! »دەپ توۋلىدى.

ئەسلىدە ئاتالمىش سودىيە، تەپتىشلەر ئۈلگە - ئۆرنەكنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ بۇنداق دۆت، ھاماقەتلىكى پۈتۈن سوت مەيدانىدا مازاق ئارىلاش كۈلكە پەيدا قىلدى. ئەسلىدە ئابدۇناسىر مۇشۇنداق كىشىلەرنى ئىشلىتىدىكەن ئەمەسمۇ ؟! ئۇلارنىڭ تەختتىن چۈشمەسلىكى، ۋەيران بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟!

مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە:«چىرىكلىك ،پارىخورلۇقنىڭ ئۆزى نادانلىق، جاھالەتتۇر. ھەر قانداق بىر چىرىكلىكنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. تارىخ گۇۋاھ بولسۇنكى كۆرىمىز كىملەر بىزنى سوتلىيالايدىكەن ، كىملەر بىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدىكەن! » دېدىم.

سوت ئاخىرلاشتى، سوتتىكى ئىپادىمىزگە ئاساسەن «مۇكاپاتىمىز» نى بېرىۋېتىپ ئاندىن تۈرمىگە قايتۇرۇپ كەلدى.

## جاھىلىيەت دەۋرىدىنمۇ ئۆتە

سوتتىن كېيىن ئەمدى مېنى قايتا ئاۋارە قىلىشمايدىغان بولدىغۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن ،كىم بىلسۇن ئۇلار مېنى يەنە ئىشخانىلىرىغا ئېلىپ بېرىپ سوتلىدى، بىر قانچەيلەننىڭ ئىشلىرىنى سورىدى، مەن تونۇمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم .

شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن قىيناشقا باشلىدى،قىيناپ بولۇپ تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ قويۇشتى، گەرچە سوتنىڭ سوتلاپ قارار چىقىرىشى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ ، ئەمما قىيناش يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تارىختا كۆرۈلمىگەن ھەتتاكى جاھالەتكە چۆمگەن قۇرەيشلەر دەۋرىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان .

## ھۆكۈم ئېلان قىلىش

ھۆكۈم ئېلان قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى ، ھەممىدە بىلەن بىرلىكتە ماشىنىغا يالاپ چىقاردى. ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ھۆكۈمنى ئاڭلاشقا ماڭدۇق، ئۇلاربىزنى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ ھۆكۈم چىقىرىلغۇچە ساقلاپ تۇرۇشقا بۇيرىدى .

ئالدى بىلەن ئەرلەرگە ھۆكۈم چىقىرىپ ئېلان قىلىشتى ، بىر ئازدىن كېيىن بىز ئىككىمىزنى سوتخانىغا ئېلىپ كىرىشتى .سوتخانىدا ھەربىي گېنراللار ئولتۇرۇشقان ئىدى .

سوتچى ئالدى بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى توۋلىدى:«زەينەب غەززالى، 25 يىل ئېغىر ئەمگەككە سېلىنىدۇ ۋە پۈتۈن مال -مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىدۇ !»دەپ ئېلان قىلدى.

مەن « ئاللاھۇ ئەكبەر، ھەمدۇ-سانالار ئۇنىڭغا مەنسۇبتۇر، ئاللاھ يولىدا، ئىسلام دەۋىتى يولىدا قايغۇرماڭلار، ‹ ھەقىقى مۆمىن بولساڭلار ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر› { سۈرە ئال ئىمران 139-ئايەت } دەپ توۋلىدىم.

ئاندىن ھەمىدە قۇتۇبنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدى ۋە :

-ھەمىدە قۇتۇب 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، دېدى .

مەن ھەمىدەنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ :«ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە بۈيۈكتۇر !بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر !ھەممىسى قۇرئان ـ ئىسلام شەرىئىتى قانۇنىي ئاساس قىلىنغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن !»دېدىم. بىز بىرلىكتە يۇقارقى سۆزلىرىمىزنى تاكى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ چوڭ ھويلىسىغا چىققۇچە تەكرارلىدۇق.

ئۇ يەردە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەزالارنى ماشىنىدا ئۆرە تۇرغان ھالەتتە كۆردۇق .ئۇلارغا قانداق ھۆكۈم چىقىرىشقاندۇ دەپ تولىمۇ ئەنسىرىدىم . ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا گەپ قىلدى:

- زەينەب ھەدە، قانداق ھۆكۈم چىقاردى؟

-25يىللىق كەستى، ھېچقىسى يوق، ھەممىسى قۇرئان ۋە ئىسلام شەرئىىتى ئاساسى قانۇن قىلىنغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن.

-ھەمىدە ئاچىمىزچۇ؟ ئۇ قانداق بولدى؟

10- يىللىق كەستى ، ھەممىسى ئىسلامنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولدى.

ئۇلاردىن ئابدۇفەتتاھ ئىسمائىل ،يۈسۈپ ھەۋۋاش،سەئىد قۇتۇب ۋە باشقا قېرىنداشلارغا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى سورىدىم .

ئۇلار:«ئاللاھ يولىدا جانلىرىنى پىدا قىلدى» دېدى .

دېمەك ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانىكەن.

« قۇرئان ۋە سۈننەتكە سادىق ئىسلام ئۇممىتى يېتىشتۈرۈش يولىدىكى بۇ پىداكارلىرىمىزغا شېھىدلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىنىڭ ئىە ئاللاھ! » دەپ دۇئا قىلدىم.

سافۋات ۋە باشقا بىر ئۈچ ئەسكەرلەر مېنى ۋە ھەمىدەنى تارتىشتۇرۇپ بىر كىچىك

ماشــىنىغا چىقىرىشــتى، مــۇخبىرلار رەســمگە تارتىشــاتتى، مەن يۇلقۇنــۇپ بېرىــپ بىــر مۇخبىرنىــڭ ئاپپــاراتىنى چېقىــۋەتمەكچى بولــۇپ:« مۇســتەبىتلىكنى چىرايلىــق زىنــنەتلەپ كۆرسىتىدىغان قورچاقلارنىڭ، زالىملارنىڭ يۇنــدە- يــالىقىنى يــالاپ ،ئاشــقان -تاشــقىنىنى يەيدىغان ئىتلار! سەنلەر زادى نىمە ئىش قىلىشماقچى ؟!» دەپ ۋارقىرىدىم.
زىندانغا قايتتۇق، هۆكۈم چىقىرىلغان كۈندىن ئېتىبــارەن هەمــدە ئىككىمــىز بىــر كــامىردا تۇردۇق.

## كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مىنۇتلار

هۆكۈم چىقىرىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن زىنــدان باشــلىقى ئىبــراهىم بىــلەن ســافۋات ســەئىد قۇتۇبنى ئېلىپ بىز تۇرىۋاتقان كامىرغا كىردى. ئىبراهىم چىقىــپ كەتتــى، ســافۋات بىــلەن سەئىد قۇتۇپ قالدى.

- خۇش كەلدىڭىز قېرىندىشىم سەئىد ، بــۇ تۇيۇقســىز كېلىشــىڭىز بىزنــى تولىمــۇ خۇشــال قىلدى، بىز بىلەن بىردەم بىللە ئولتۇرىشىڭىز ئالالاھنىڭ بۈيۈك رەھمىتى ۋە رازىلىقىــدۇر - دېدىم.

ئۇستاز ئولتۇرغاندىن كېيىن بىز بىلەن هۆكــۈم ئــېلان قىلغــان هەر بىــر قېرىندىشــىمىزنىڭ كېيىــــملىرى توغرۇلــــۇق پاراڭلاشــــتى ۋە ئالالاھنىــــڭ تەقــــدىرىگە، ئورۇنلاشتۇرىشــــىغا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش هەققىدە سۆزلەپ بەردى.

ئاندىن هەمىدە ئىككىمىز بىلەن ئايرىم- ئــايرىم پەس ئــاۋازدا پاراڭلاشــتى ، بــۇنى بايقــاپ قالغان سافۋات ۋارقىراپ كېلىپ پارىڭىمىزنى ئۈزىۋەتتى.شــۇنداق، مۇســتەبىتلەر هەر دائىــم كىشىگە ئازراقمۇ ئىختىيار- ئەركىنلىك بەرمەسلىكنىڭ كويىدا .

شەيخ سەئىد بىزگە قاراپ: «بىز پەقەت سەبىر قىلىشىمىز كېرەك » دېدى ۋە بىزگە سالام بېرىپ كامىردىن ئايرىلدى.

# ئۆلۈم ئالدىدىكى سودا

شـەيخ قۇتـۇب ئۇسـتازغا ئۆلـۈم جازاسـى ھۆكـۈم قىلىـدىغان شـۇ ئاخشـىمى قـارا نـىيەتلەر ھەمىدەنى ئېلىپ كەتتى.شۇ چاغدا قارا نىيەتلەر بىلەن بولۇشقان گەپلەرنى ھەمىدە بىزگە ئۆزى بايان قىلىپ بېرىدۇ:

-ھەمزە بەسيۇنى مېنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ  ئۆلـۈم جازاسـى بۇيرۇقنامىسـىنى كۆرسـەتتى .ئانـدىن ماڭـا ، ئەگەر قېرىنداشـىڭ سـەئىد تەلـۈپنىمىزگە كۆنسـە، ئۇنىڭغـا بېرىلىـدىغان جـازانى يېنىكلىتىمىـز . ئاكاڭـدىن ئايرىلىـپ قېلىش ساڭىلا ئەمەس بەلكـى پۈتكۈل مىسىرغا نىسبەتەنمۇ بىر ئېغىر يـوقىتىش، مەن يەنە بىـر قـانچە سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

بىز تېزدىن مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانساق قوللىنىـپ ئـۇنى قۇتقۇزايلى، ئـۇ پەقەت بىـر ئىككى ئېغىـز سـۆز قىلسـىلا ئۆلۈمـدىن قۇتۇلـۇپ قالـدۇ ،پەقەت سـەنلا ئۇنىڭغـا نەسـىھەت قىلىـپ ئـۇنى قايىـل  قىلالايسـەن،پەقەت سـەنلا بـۇ گەپلەرنـى ئۇنىڭغـا يەتكۈزەلەيسـەن . باياتىن مەن ئۇنىڭغا ئېزىپ چۈشەندۈردۈم ، ئەمما يەنىلا سېنىڭ بېرىپ سـۆزلىگىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ . ئۇ پەقەت بىر ئىككى ئېغىـز گەپ قىلسـىلا مەسـىلە ھەل بولىـدۇ ، بىـز ئۇنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسـىنىڭ پائـالىيەتلىرى بىـلەن  مەلـۇم جەھەتـلەردە ئالاقىسـى بـارلىقىنى ئېيتىشـنى ئۈمىـد قىلىمىـز. پەقەت سـەن مۇشـۇ گەپلەرنـى ئۇنىڭغـا يەتكۈزسەڭلا ،سـەئىدنىڭ سـالامەتلىكىنى كـۆزدە تۇتـۇپ قويـۇپ بېرىمىـز ،ئىـش شـۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولىدۇ ،دېدى .

مەن ئۇنىڭغا:« سەنمۇ بىلىسەن ، ئابدۇناسىرمۇ بىلىدۇ، ئاكامنىڭ مۇسـۇلمان قېرىنداشـلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق،دېدىم .

ھەمـزە:« مەن بىلـىمەن ،كۆپچىلىكنىـڭ ھەممىسـى بىلىـدۇ، سـىلەر بىـلەن ھەر قايىسـى

تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، سىلەر مىسىردا ئۆزەڭلارنىڭ ئېتىقادىنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلدىڭلار ۋە كۈچىدىڭلار . بىز ھەممىنى بىلىمىز سىلەر دۆلەتتىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەرسىلەر .ئەمما بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز پەقەت قۇتقۇۋىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، دېدى.

مەن:«ئەگەر سەن ئاكامغا مۇشۇ گەپلەرنى دېمەكچى بولساڭ مەن قارشى تۇرمايمەن !» دېدىم .

ھەمزە ماڭا بىر قارىۋېتىپ:«سافۋات ئۇنى ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتۈر! » دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاكام بىلەن كۆرۈشتۇم ، ئۇلارنىڭ مەندىن ئاكامغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغانلىرىنى ئاكامغا دېدىم .

ئاكام ماڭا قارىدى قارىغاندىمۇ تازا سىنچىلاپ قارىدى ، ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن مەندىن بۇنداق قىلىشنى سەن خالىدىڭمۇ ياكى ئۇلار سېنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ دىگەن سوئال مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى .

مەن ئاكامغا ئۇلارنىڭ مېنى شۇنداق قىلىشقا قىستىغانلىقىنى ئاستىرىتتىن بىلدۇردۇم .

ئاكام ماڭا:« ئەگەر ھەقىقەتەن مۇشۇنداق ئىش بولىدىغان بولسىدى ،مەن شۇنداق دىيەلەيمەنكى يەر شارىدىكى ھەر قانداق بىر كۈچ مېنى ھەئە شۇنداق دېيىشتىن توساپ قالالمايتتى، ئەمما ئەسلا ئۇنداق ئىش بولغىنى يوق ، مەن ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن ! »دېدى.

سافۋات:«بۇ سېنىڭ مەيدانىڭمۇ ؟» دەپ سورىدى .

ئاكام:«شۇنداق ، بۇ مېنىڭ مەيدانىم » دېدى.

سافۋات:«يەنە ياخشىراق ئويلىنىپ باققىن ، بولمىسا باشقا بىر قانچەيلەن بىرلىكتە تۆگىشىسەن » دېدى.

سافۋات كەتتى .مەن ئاكامغا ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئېيتىپ بەردىم .

ئاكام مەندىن:« سىڭلىم ،سەن مېنىڭ ئۆلارنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇشۇمغا رازىمۇسەن ؟»
دەپ سورىدى .

مەن:« ياق ، ھەرگىز رازى بولمايمەن » دېدىم.

ئاكام:« ئۇلار بىر توپ يارىماسلار ،بىزنىڭ ھاياتىمىز ۋە ماماتىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە . ئۇلار مېنى ئەجىلىمدىن بۇرۇن ئۆلتۈرەلمەيدۇ ، ياكى ئۆمرۈمنى ئۇزارتالمايدۇ . ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىلگىرى كېيىن قىلغان بارچە قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدۇ » دېدى.

## ھۆكۈم ئىجرا قىلىش

بىر قانچە كۈندىن كېيىن ، شەيخ قۇتۇب ، ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل ،ۋە مۇھەممەد قاتارلىق قېرىنداشلارنىڭ قەتلى قىلىنغانلىقىنى بىلدۇق .خەۋەر خۇددى چاقماق ئۇرغاندەك بىزنى ھوشىمىزدىن كەتكۈزدى، ئازابىمىزنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىز ئىدۇق. قۇتۇب ئۇستازنىڭ سىڭلىسى ھەمىدە بىلەن بىر كامېردا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانداق تەسەللىي بېرىشنى ،كۆڭلىنى قانداق كۆتۈرۈشنى ھەقىقەتەن بىلەلمىدىم ، بۇنداق مۇسىبەت ئالدىدا ئۇنىڭغا قانداق دەپ تەسەللىي بېرەلەيمەن ؟!

قۇتۇب ئۇستاز بىلەن باشقا ئىككى قېرىندىشىمىزنىڭ قەتلى قىلىنىشى ھەقىقەتەنمۇ كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى . قۇتۇب ئۇستاز بولسا قۇرئان تەفسىر قىلىدىغان ئالىم ، ئىسلام دەۋەتچىسى،ئىسلامىي بىلىملەر بىلەن راۋۇرۇس قوراللانغان زات بولۇپ ئۆز ئىمانىغا سادىق، ئاللاھقا قەتئىي ئىشىنىدىغان ئۆلىما ئىدى. ئۇ ئىلگىرى «قۇرئان سايىسى ئاستىدا»دىگەن كىتابىنى يازغان . ئۇ بۇ كىتابتا قۇرئاننى قانداق چۈشىنىش ،پەرزلەرنى

قانداق ئاڭقىرىش، قۇرئانغا قانداق ئەمەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە خېلى چوڭقۇر ئىزدەنگەن ئىدى .

قۇتۇب ئۇستاز «ئەنئام» سۈرىسىنىڭ تەفسىرىدە بېشىدىلا يول قەيەردە؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە توختالغان . قۇرتۇبى ئۇستاز يەنە ئىسلامدا ئىجتىمائى ئادالەت، مانا بۇ دىن، ئىستىقبال ئىسلامنىڭدۇر، يول بۇ يەردە، ئىسلامى تەتقىقاتلار، قۇرئاندا ئەدەبىي تەسۋىر، قۇرئاندا قىيامەت مەيدانى قاتارلىق 20 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان ئىدى .

بۇ مۇسىبەت ئالدىدىكى ئازابلىق ھېسياتىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايتتى ، ھەم باشقا قېرىنداشلىرىمغا قانداق تەسەللىي بېرىشنى راستىنلا بىلەلمەيتتىم .

سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن ئەگەر سىز شەيخ قۇتۇب ئۇستازنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كۆرسىڭىز ، قارانىيەت، ياۋۇزلارنىڭ نېمىشقا بۇ كىشىنى قەتلى قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىپ قالىسىز . قۇتۇب ئۇستاز كىتابىدا قەيت قىلىپ ،يېقىن كەلگۈسىدە ئىسلامنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتتە قايتا گۈللىنىدىغانلىقىنى ، ئىككى چوڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقىنى يازغان ئىدى. شۇنداق، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ئامرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ گۇمران بولىدىغانلىقىدىن ، قانۇنلۇق ،ھەقىقەت تەرەپدارلىرىنىڭ ئۇشبۇ دۇنيادا ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

‹ ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرىۋەتمەكچى بولىدۇ،كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.› {سۈرە سەپ 8- ئايەت}

## قېرىنداشلار قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنكى زىندان

قۇتۇب ئۇستاز قەتلى قىلىنغان كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن ، چۈشۈمدە ئۇستازنى كۆردۈم .ئۇستاز ماڭا:«سىزگە ئېيتسام زەينەپ ، مەن ئۇلار بىلەن بىرگە ئەمەس ،مەن مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە »دېدى.

توساتتىن چۈشۈمدىن ئويغىنىپ كەتتىم ، ئاندىن چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى ھەمىدەگە ئېيتىپ بەردىم .

قۇتۇب ئۇستاز قەتلى قىلىنغان ئىككىنچى كۈنى ئوخشاشلا بامدات نامىزىدىن كېيىن چۈشۈمدە بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم . ئۇ ئاۋاز ماڭا:«قۇتۇب ئۇستاز جەننەتكە سازاۋەر بولدى ، مەن يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭغا ھەمراھ »دىگۈدەك . چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى ھەمىدەگە ئېيتىپ بەرگەندە ئۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆككەن ھالدا:«ئىشىنىمەنكى ،ئاكام جەننەتكە سازاۋەر بولدى » دېدى.

ھەمىدەگە تەسەللي بېرىپ چۈشلىرىمىزدە كۆرگەنلىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن تەسەللىيسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم .

بىز ئادەتتىكى كىشىلەر چىداپ تۇرالمايدىغان ئازاب- ئوقۇبەت ئىچىدە ياشاپ كېتىۋاتاتتۇق. سۆكۈناتلىرىمىز بىلەن قەلبىمىزدىكى جاراھەتلەرگە مەلھەم ئىزدەيتتۇق.مەن قەتلى قىلىشتىن كېيىن سوئال سوراقلارمۇ تۈگەر دەپ ئويلاپتىمەن.

ئەمما ئەمەلىيەت ئۇنداق بولمىدى ، مەن يەنە ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىلدىم .

ھەمىدە كامىردا ئەنسىزلىك ئىچىدە مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، قايتىپ كەلگىنىمدە نىمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى سورىدى.

ئۇنىڭغا قارا نىيەتلەرنىڭ يەنە بىرمۇنچە گۇناھسىز كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، مەندىن ئۇ كىشىلەرنى تونۇيدىغان ،تونۇمايدىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى ئېيتتىم .مەن ئۇ

كىشىلەرنى تونۇمايتتىم . قارىغاندا بۇ قارا نىيەتلەر بىزگە يەنە قانداقتۇر يېڭى جىنايەت قالپاقلارنى كەيگۈزمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

قەتلى قىلىشتىن كېيىنمۇ بىز يەنىلا ھەيۋە قىلىش ،قىيناش ئازابلاشلارغا ئۇچراپلا كەلدۇق. ئەمما قۇرئان كەرىمگە سېغىناتتۇق ،ئاللاھدىن بىزگە ئاسانلىق بېرىشنى تىلەيتتۇق.بىز مۇشۇنداق ئۈمىد ،سېغىنىش ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق.

‹دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ› {سۈرە رەئىد28-ئايەت}

بىز گېزىت كۆرۈشنى تەلەپ قىلدۇق ،ھەمزە ماقۇل بولۇپ بىزگە گېزىت ئەكىلىپ بەردى .گېزىت ئوقۇش ئارقىلىق ،دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغاندىكى ئازابلىرىمىزنى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللىتەتتۇق.شۇنداقلا قورشاۋ تامنىڭ سىرتىدىكى خەۋەرلەردىن ئاز تولا خەۋەردار بولالايتتۇق.

ئابدۇناسىرنىڭ بىرسى بىرسىگە ئۇلىشىپ كەتكەن سۇيىقەستلىرىگە ۋە تۈرمىدىكى ئازاب ۋەھىملەرگە قارىتا ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ ،سەبىر قىلىپ ھايات ياشاپ كېتىپ باراتتۇق. بۇ سۇيىقەستلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي كۈچلەر تەرىپىدىن پىلانلىنىپ ئورۇنىدىلاتتى. ئۇلار ھەر قېتىم مەندىن مەلۇم پائالىيەتكە قاتناشقان پالان كىشىنى تونۇيدىغان تونۇمايدىغانلىقىمنى سوريشاتتى .ھېلىمۇ ياخشى بۇ سۇيىقەستلەرنىڭ ھەربىي ئورگانلاردا ئېلىپ بېرىلغىنى ، ئەگەر جامائەت ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسىدى مەن زەينەب غەززالى ھەقىقەتەن قارغىش ئالغان بولاتتىم .

# يولدىشىم ئالەمدىن ئۆتتى

ماڭا ھۆكۈم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ھەمزە بەسيۇنىدىن يولدىشىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدىم . كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولساممۇ يولدىشىم مېنى كۆرگىلى كەلمىدى .بىر كۈنى ئۇلار مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، مەندىن:«نېمىشقا بۇنداق يولدىشىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايسەن؟» دەپ سورىدى .

مەن ئۇلارغا:«مەن 25 يىللىق كېسىلدىم ،شۇڭا يولدىشىمغا ئېيتىپ ئارىمىزدىكى نىكاھ مۇناسىۋىتىنى توختىتىپ ،ئۇنىڭمۇ شەخسىي تۇرمۇشىنى بىر يولغا سېلىۋالسۇن دەپ ئويلىدىم » دېدىم.

ھەمزە زەھەرخەندىلەرچە:« جامال ئابدۇناسىر قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ ،سەن بۇيەردە ئۆلۈمىڭنى كۈت !» دېدى.

مەن :«ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر ! ئابدۇناسىر ۋە سەنلەر ھەممىڭ بىرلەشسەڭمۇ پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا ئاندىن بىر ئىشلارنى قىلالايسەن ، خالىمىغاندا بولسا، سەنلەر ھەتتاكى دەرەختىكى بىر تال ياپراقنىمۇ ئۈزۈشكە قادىر ئەمەس !»دېدىم .

ئۇ:« پات ئارىدا ساڭا ئاجرىشىش خېتىڭنى بېرىمىز »دېدى.

- ۋۇ! يىرتقۇچلار ! دېدىم دە ئىشخانىدىن ئايرىلدىم .

كامىرغا قايتىپ بىر قانچە كۈن ئۆتتى .بىر ئەتىگىنى بامداتقا تۇرغاندا ئۆزەمنى تۇيمايلا مۈگدەپ باستى . چۈشۈمدە بىر پارچە گېزىتنىڭ مەلۇم ستونىدا ئېرىمنىڭ سۈرىتىنى ھەم ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى كۆردۈم .

ئويغىنىپ دۇئا قىلدىم:«يا رەببىم مەن ئۆزلىرىدىن ئېرىمگە ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بېرىشلىرىنى سورايمەن ».ھەمىدەنىڭمۇ ئوخشاش مەزمۇندا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلەندىم، ئەمما چۈشۈمنى ئۇنىڭغا ئېيتمىدىم .

ئوخششىپ كېتىدىغان مەزمۇندىكى چۈشلەرنى كېيىن خېلى كۆپ قېتىم كۆردۈم.

جۈمە ئەتىگىنى گېزىت كەلدى .مەن بىر بەت بىر بەتتىن كۆرگىلى باشلىدىم . گېزىتتىن تۇيۇقسىز يولدىشىمنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى بايقىدىم، دەرھال «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەلاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدۇن رەسۇللۇلاھ »دەپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئوقۇدۇم ۋە «ھەممىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدىمىز ھامان ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىمىز .ھاجى مۇھەممەد سىز ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن جەننەتتە بولىسىز !»دېدىم .

ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن، ئۇلار دوختۇر چاقىرىشىپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆيدىكىلەر مېنى كۆرگىلى كەلدى.

ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن جامال ئابدۇناسىرنىڭ يولدىشىمنى ئىككى خىل تاللاشتىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇرلىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

بىرىنچىسى مەندىن ئاجرىشىش، ئىككىنچى تاللاش بولسا تۈرمىدە يېتىش ئىكەن.

يولدىشىم ئويلىنىۋېلىشقا ئىككى ھەپتە رۇخسەت بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ بىراق ئۇلار دەرھال بىر قاراغا كېلىشنى بولمىسا شۇزامان جامال ئابدۇناسىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى دەپ ھەيۋە قىلىپتۇ. ئەڭ نومۇسسىز ئىپلاسلىقى شۇكى ئۇلار ھەتتا ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى ۋە نىكاھ-ئاجرىشىش ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىملارنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

يولدىشىم ئالدىن تەييار قىلىپ قويۇلغان ئاجرىشىش خېتىگە مەجبۇرى ئىمزا قويۇپتۇ ، ئىمزا قويۇۋېتىپ :« يا رەببىم مەن ئۆزەم خالاپ ئايالىمدىن ۋاز كەچمىدىم »دەپتۇ.

يولدىشىم ئۇلارغا مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن، مېنى ئۆز ئىززەت ھۆرمىتىم بىلەن كەتلىكىلى قويۇڭلار، گەرچە ھاياتىم ئازلا قالغان بولسىمۇ ئايالىم يەنىلا مېنىڭ ھىمايەم ئاستىدا»دەپتۇ.

يولدىشىم ماڭا چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ياتە پالەچ بولۇپ يېتىپ قاپتۇ . بۇنىدىن بۇرۇن جامال ئابدۇناسىر يولدىشىمنىڭ شىركىتىنى، مال-مۈلۈك ،ئۆي زېمىنلىرىمىزنى مۇسادىرە قىلىۋالغان ئىكەن، بىچارە يولدىشىم بۇ كەلگۈلۈكلەر دەستىدىن يۈرەك سانجىقى بولۇپ قاپتىكەن.

ئاجرىشىش خېتىگە ئىمزا قويۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قەدىردان يولدىشىم ئالەمدىن ئۆتتۈپتۇ. ئائىلىمىزدىكىلەر ئۇنىڭ ئاجرىشىش خېتىگە ئىمزا قويغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سىڭلىم ئاچچىقىغا پايلىماي مېھمانخانىمىزدىكى يولدىشىمنىڭ سۈرىتىنى ئېلىۋېتىپتۇ. سىڭلىمنىڭ قىلمىشىغا ئاچچىقىم كەلدى، ھەم ئۇنىڭغا ئۇ سۈرەتنى ئۆز جايىغا ئېسىپ قويۇشنى ئېيتتىم. ئاللاھ يولىدا ئۇ مېنىڭ يولدىشىم بولۇپلا قالماي ئۇندىن ھالقىپ مېنىڭ قېرىندىشىم ،بۇرادىرىم ئىدى، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن مېنىڭ ئائىلەم ئۇنىڭ ئائىلىسى، بىز توي قىلىشتى ئىلگىرى ئورتاق ئېتىقاد بىزنى بىر يەرگە ئەكەلگەن ئىدى . نىكاھ ئىنسان ھاياتىدىكى چوڭ ئىش بولسىمۇ ئەمما ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قېرىنداشلىق مېھرى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدىغان رىشتە ئىدى . ئائىلەمدىكىلەر يولدىشىمنىڭ مېيت نامىزىغا قاتنىشىپتۇ، بۇنى بىلىپ بىر ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈم تەسەللىي تاپتى.

بەزى چاغلاردا ئىلگىرى كۆرگەن چۈشلىرىمنى ئەسلەيتتىم ، بىر قېتىم چۈشۈمدە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىزنى كۆردۈم .قۇرئاندىكى ئوقۇپ كەلگەن يەردىكى ئايەتلەر ئارىسىغا شۇ كۈندىكى چېسلانى يېزىپ قويدۇم. يولدىشىم ئالەمدىن كەتكەندىن كېيىن مەن ئەينى چاغدا يېزىپ قويغان چېسلاغا قارىسام دەل يولدىشىم ئاجرىشىش خېتىگە مەجبۇرەن ئىمزا قويغان كۈنگە ئۇدۇل كەلدى . ھېلىمۇ ئېسىمدە ئۇ چۈشۈمدە ،پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك كىيىم كەيگەن ھالدا كۆرۈپتىمەن.

ئۇ زاتنىڭ ئارقىسىدا ھەسەن ھۇدەيبى تۇرغۇدەك، ئۇمۇ پەيغەمبىرىمىزگە ئوخشاش ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىۋالغان،بېشىغا ھەم سەللە ئورىۋاپتۇدەك؛ مەن ئۇ يەردە

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى ئائىشە ئانىمىز بىلەن بىرگە تۇرغۇدەكمەن؛ئەينى چاغدا ئائىشە ئانىمىز ماڭا بىر قانچە ئېغىز سۆز قىلغۇدەك . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ:« ئائىشە سەبىر قىلىڭ ، ئائىشە سەبىر قىلىڭ ، ئائىشە سەبىر قىلىڭ »دېگۈدەك . پەيغەمبىرىمىز ھەر قېتىم شۇ سۆزنى قىلغاندا ھەزرىتى ئائىشە مېنىڭ قولۇمنى كۈچەپ سىققۇدەك ۋە مېنى سەبىرگە ئۈندىگۈدەك.

چۈشۈمدىن ئويغانغاندىن كېيىن ھەمىدەگە چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ ماڭا تېخىمۇ سەبىر ئاتاقىلىشىنى تىلىدىم.

بىلىمەن ئالدىمدىكى بۇ ئۇزۇن ۋە ئەگرى-توقاي يولدا يەنە نۇرغۇن يېڭى تاللاشلارغا دۇچ كېلىمەن.

## يېڭى قوشنا كەلدى

قەھرىتان قىشنىڭ بىر كېچىسى، ئۇدۇلدىكى كامىردىن غۇلغۇلا ئاۋازلىرى كەلدى، سىرتىدىن قارىغاندا بىزنىڭ كامىرنىڭ ئىشىكىنى تاراقلاتتى ۋە ئەتىگەندە بىزگە بەرگەن يۆتەل دورىسىنى ئېلىپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى بىلدۇقكى يەمەننىڭ ئىچكى كابىنت زۆڭلىسى ۋە بىر قانچە نەپەر ئەمەلدارىمۇ بۇ زىندانغا قامىلىپتۇ . يەمەننىڭ ئىچكى كابىنت زۆڭلىسى بىز تۇرۇۋاتقان كامىرنىڭ يېنىدىكى كامىرغا قامالدى.

بۇنىڭ ھېچقانچە ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى ، چۈنكى ئەينى چاغدا قارا نىيەتلەر ھەر قانداق ئىش قىلىشتىن يانمايتتى . ھەقىقەتەن شۇنداق ،بۇنداق ئىشنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئەمما بۇنداق ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن

كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھېچقانچە ئەجەبلەنگۈچىلىكى يوق ئىدى .
ئابدۇناسىر راستىنلا ئۇنىڭ بىر توپ قۇيرۇق شىپپاڭشىتقۇچىلىرى ئېيتقانىدەك يەمەننى ئىشغال قىلدىمۇ ؟! سىز بەلكىم ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئىلگىرى ئەنگلىيەلىكلەر مىسىرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن نەچچە ئون نەپەر مىسىر كاتتىۋاشلىرىنى لوندونغا ئاپىرىپ قاماپ قويىمىدىمۇ؟! فىرانسىيىلىكلەر مىسىرنى ئىشغال قىلغاندىمۇ كۆپلىگەن مىسىرلىقلارنى پارىژغا ئاپىرىپ قاماپ قويمىدىمۇ؟!

## ئابدۇناسىر سوتلىنىشى كېرەك

مەن بۇ يەردە شۇنى سوراپ باقماقچى مىسىرنىڭ تارىخىدا ئۆكۈنۈش بولماسلىقى ئۈچۈن ،مىسىر ۋە مىسىرلىقلار دۇنيادا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن نېمىشقا ئابدۇناسىرنى ئۇنىڭ گۇناھ جىنايەتلىرى بىلەن سوتقا تارتمايمىز؟؟
مىسىر ۋە مىسىرلىقلار ئەگەر ئابدۇناسىر ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھ جىنايەتلەردىن ئىنچىكە ھېساب- كىتاب قىلمايدىغان بولسا ، مىسىر تېخىمۇ ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ . ئابدۇناسىردىن بىربىرلەپ ئىنچىكە ھېساب سورىمايدىغان بولسا مىسىر ئېغىر بوپىنى يۈدۈۋېلىپ ماڭالماي ئاقساپ قالىدۇ .
ئىسلام تەشكىلاتلىرى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەينى چاغدا بارلىق ئامال چارىلەرنى قوللىنىپ ئۇلارنىڭ جىنايەتلىرىنى توسماقچى بولغان ، بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ چوقانلار ـ قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى .
دەسلىپىدە ئابدۇناسىر ھەر قايسى ئىسلامىي تەشكىلاتلارنى ئالدىدى ۋە بۇ تەشكىلاتلارمۇ بىلمەي ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى قوللىدى .ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپتى- بەشىرىسى نامايەن بولغاندىن كېيىن بۇ تەشكىلاتلارمۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇردى. 1954-

يىلىدىكى ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئارىسىدىكى كۈرەشمۇ شۇنداق 1965-يىلىدىكى ۋەقەلەرمۇ ھەم شۇنداق .1965-يىلىدىكى ئۇ بىر مەيدان ئۇلۇغۋار كۈرەش ئىسلامنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىدى .

ئەينى چاغدا مۇستەبىتلەر بىر قىسىم ئۇيۇشما ئەزالىرىمىزنى تۈرمىگە قامىغان بولۇپ، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلانىدى، ھەركەتلىرىمۇ ئاياغلىشىپ كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدا كۆچۈپ يۈرۈيدىغان ھېكايە چۆچەكلەرگە ئايلىنىپ كەتتى دەپ قارىغان ئىدى.

1965-يىلىدىكى كۈرەشتە ياشلار ئويغاندى .بۇ بىر ئەۋلات ياشلار دەل ئابدۇناسىر سىياسي ئۆزگىرىش قوزغىغان مەزگىلدە مەيدانغا چىققان ئىدى .گەرچە ئۇلار ئابدۇناسىرنىڭ تەتۈر تەشۋىقاتلىرىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، بىز ئۇلارنىڭ ئابدۇناسىرنىڭ چاڭگىلىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارغا دەۋەت خىزمىتى ئىشلەپ ، ئەڭ ياخشى يوسۇندا تەشكىللەپ ئىسلام ئويغىنىش ھەركىتىمىزنىڭ ئاۋانگارتلىرىغا ئايلاندۇرغان ئىدۇق، شۇڭا ئابدۇناسىرنىڭ غەزىپى تاشتى .

ئۇ ئىلگىرى ئەتراپىدىكىلەرگە:«بىر ئەر بىلەن بىر ئايال مېنىڭ قولۇمدىن بۇ بىر ئەۋلات ياشلارنى تارتىپ كەتتى » دېگەن ئىكەن، مەن دەل ئۇ ئېيتقان ھېلىقى بىر ئايال ئىدىم،ئابدۇفەتتاھ ئىسمائىل بولسا ئۇ ئېيتقان ھېلىقى بىر ئەر ئىدى.

شۇنداق بىز ئىسلامنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ بىر ئەۋلات ياشلارغا ئېرىشتۇق، بۇلاربىزنىڭ پەخرىمىز ئىدى،بۇ كۈرەش داۋامىدا نۇرغۇن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدۇق .مۇھەممەد قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ يولىدا جېنىنى پىدا قىلدى؛ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىللەتنىڭ، ئۇممەتنىڭ سەرخىل سەركىلىرى ئىدى.

شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى خۇددى ئېگىز بەھەيۋەت تاغدەك ھېلىھەم مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا .لېكىن ئابدۇناسىرچۇ ؟ ئابدۇناسىر شەرمەندىلەرچە مەغلۇپ

بولدى.

6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۇلار ئامالسىز بىزنى ھەربىي ئىشلار تۈرمىسىدىن يەرلىك تۈرمىگە يۆتكىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرمەندىلىكلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، ئەسلىدىنلا ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىچكى قىسىمدىكى بەزى كىشىلەرنى ھەربىي ئىشلار تۈرمىسىگە نەزەربەند قىلدى.

6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئابدۇناسىر شەرمەندە بولغان كۈن ، ئۇ ئاخىرەتتە چوقۇم سوراققا تارتىلىدۇ؛6-ئاينىڭ 5-كۈنى مىسىر يېقىنقى زامانىدىكى«فىرئەۋن»نىڭ ھاقارەتلىك كۈنى. ئابدۇناسىر مىسىردا ئىسلامغا قارشى، مۇسۇلمانلارغا قارشى تەتۈر ئېقىم بويىچە ئىش تۇتتى، پارىخورلۇق چېكىگە يەتتى، ئاخىرەتتە ئۇ چوقۇم بىر-بىرلەپ ھېساب بېرىدۇ.

## 7 باپ -

## 5-ئىيۇندىكى كاناتىر تۈرمىسىگە يۆتكىلىش

6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئەستىن چىقماس بىر كۈن .

6-ئاينىڭ3-4 -كۈنلىرى بىز تۇرۇۋاتقان كامىرنىڭ ئىشىكى پات -پات چېكىلىپ، ئېچىلىپ بىزدىن بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجىمىز بار -يوقلۇقىنى سوراپ تۇردى. ئارقىدىنلا يەنە بىز بىلەن ئۇرۇش توغرىلىق، پەلەستىن ئازاتلىقى ،ۋە ئەرەب ئازاتلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىلىق سۆزلەشتى . بىز پەقەت ئاڭلىغۇچى بولۇپ زۇۋان سۈرمىدۇق .

بىر كۈنى بىر دوختۇرمۇ مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدە گەپ ئاچتى ، مەن ئۇنىڭدىن:«بىز پەلەستىننى ئازات قىلغىلى بارامدىكەنمىز ؟»دەپ سورىدىم .

ئۇ يۈزلىرى قىزارغاچ مەندىن نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى سورىدى.

مەن:« بىز مەيلى قانداقلا ئىش بولمىسۇن ئۇنىڭ نەتىجىسىگە ، ئاقىۋىتىگە نەزىرىمىزنى

ئاغدۇرۇشىمىز كېرەك .ھازىر خىرىستىيان دۆلىتىنى تىرىلدۇرۇش شايكىلىرى دۇنيادىكى ئىككى چوڭ دۆلەتنى كونترول قىلىۋاتقان، ھەتتا بارلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر بۇ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى دۆلەتكە خوش، خوش دەۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ،بىز پەلەستىننى ئازات قىلالامدۇق؟ پەلەستىننى ئازات قىلىشتا ئىسلامغا تايىنىمىز، ئىسلام ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققان كۈن، دەل پەلەستىن قاتارىدىكى ئىسلام يۇرتلىرى ئازات بولىدىغان كۈن » دېدىم .

تۇيۇقسىز بىر ئەسكەر ئىشىكنى تېپىپ كىرىپ:«ئابدۇناسىر غەلىبە قىلدى !» دەپ توۋلىدى. ھېلىقى ئەسكەر كەتكەندىن كېيىن باشقا بىر ئىتتىنىڭ كۈچۈكى كېلىپ:«ھۇ قانجۇقلار!» دەپ بىزنى تىللىغاچ ،ھېلىقى ئاتالمىش غەلىبە قىلغانلىق خەۋىرىنى، قانچە دۈشمەن ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتتىپ سۆزلەپ كەتتى . بىرسى  چىقىپ كەتسە كەينىدىن يەنە بىرى كىرىپ غەلبە خەۋىرىنى داملاتتى، بىز يەنىلا سۈكۈتتە ئىدۇق ...

 پېشىن ۋاقتىدا  كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، سافۋات ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى ۋە ئىشىكتىن كىرىپلا مېنى تەپتى، تامغا تاقاپ تۇرۇپ  ئارقىمۇ ئارقىدىن تېپىپ:«ۋۇ قانجۇقلار! بىز غەلبە قىلدۇق !» دەپ ۋاقىرىدى .

ھەممىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:«نېمىشقا ئادەم ئۇرىسەن ! ھۇ ئىپلاس!» دەپ ۋاقىرىدى ،ئەمما بۇ قارا نىيەت ياۋۇز مېنى مۇشتلاپ، تېپىۋەردى ،ئۇرۇپ ھارغاندىن كېيىن، بىللە كەلگەن ئەسكەرلەرگە بىزنىڭ نەرسە- كېرەكلىرىمىزنى كامىر سىرتىغا ئەچىقىپ تاشلاشنى بۇيرىدى. يەنە بىر ھازا ئۇرغاندىن كېيىن مېنى تارتىشلاپ سىرتقا ئەچىقتى ۋە بىر تەرەپتىن تىللىغاچ:«گەرچە سەن جاھىللارچە جىم تۇرۇۋالغىنىڭ بىلەن بىز غەلبە قىلدۇق !سېنىڭ ئۆلىمىڭ يېقىنلاشتى»دەپ ۋاقىرىدى.

(ئەينى ۋاقت مىلادىيە 1967-يىلى6-ئاينىڭ 5-كۈنى ئىدى)

ئۇ ھەمىدە بىلەن ئىككىمىزنى ژاندارمىلار بىلەن لىق تولغان ھەربىي ماشىنىغا چىقاردى.

ھەربىي ئىشلار تۈرمىسىنىڭ تۇرمە باشلىقى شوپۇرنىڭ يېنىدىلا ئولتۇراتتى .مەن بەدىنىمدىكى ئاغرىققا قارىماي، تەكرار ـ تەكرار:«ئاللاھ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىز !پۈتكۈل كائىنات مەن بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتماقتا »دەپ توۋلىدىم .ھەمىدە مېنىڭ گەپ قىلماسلىقىمنى جېكىلىسىمۇ مەن يەنىلا:«ئاللاھ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ھىمايىچىمىز !پۈتكۈل كائىنات مەن بىلەن بىرلىكتە ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ئېيتماقتا» دەپ تەكرارلاۋەردىم.

مەن ئەينى چاغدا ئۆزۈمنى ئۆلۈم ئىجرا قىلىش مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلىدىم دەپ ئويلاپتىمەن. چۈنكى سافۋات ماڭا سىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىڭغا ئاز قالدى دېگەن ئىدى .مەن يۇقىرى ئاۋازدا قۇرئاندىكى شۇ ئايەتلەرنى ئوقۇدۇم:

‹ شۈبھىسىزكى ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ماللىرىنى، جانلىرىنى جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالغان ›
{سۈرە تەۋبە 111-ئايەت}

‹سەندىن ئىلگىرى ئىنسانلاردىن ھېچ كىشىنى مەڭگۈ ياشاتقىنىمىز يوق، سەن ئۆلسەڭ، ئۇلار مەڭگۈ ياشامدۇ؟› {سۈرە ئەنبىيا 34-ئايەت}

يەنە بىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئەسلىدىم :

مۇسۇلمانمەن، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان،
ھەق يولىدىن كەينىگە داجىمايدىغان.
شېھىدلىك تاجىنى كەيسەم ئەگەردە،
قالامدۇ بۇ نىمجان يۈرەكتە ئارمان.

قاچان كېلىپ، قاچان كېتىسەن؟
تەقدىر كىتابىقا يېزىلىپ بولغان.

بىر كۈن ئوشۇق ياشىيالمايسەن،

پىشانەڭگە پۈتۈلۈپ بولغان.

ئەجەل ئىشكىڭنى چەكسە بىر كۈن،

سەۋر قىل،ھېچ كىشى ئەبەت قالمىغان.

تۇيۇقسىز ماشىنا توختاپ، ھەممىدە ئىككىمىز يالاپ چۈشۈرۈلدۇق ،بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئالدىمدا «ئەل كاناتىر ئايالالار تۈرمىسى» دەپ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ.

# يېڭى كۈرەش

مەن ھەممىدە بىلەن تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردۇق.

ئۇ بىزگە:«ھېچقانداق تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ! ئائىلەڭلاردىكىلەرنىڭ يوقلىشىغا رۇخسەت يوق،باشقا جىنايەتچىلەردىن پەرقلىق ھېچقانداق ئىمتىيازىڭلار يوق ! ئىككىڭلار ھازىر جازا ئۆتەۋاتىسەن .ئەگەر بىز جازانى بىكار قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالساق، ئۇقتۇرۇش قىلىمىز،چۈشىنىشتىڭمۇ؟ »دېدى قوپاللارچە.

مەن:«بىز بۇ ئىش ئۈچۈن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلمىدۇق، تەلىپىمىز...»دېيىشىمگە ئۇ گېپىمنى بۆلۈۋېتىپ:«سەنلەر ئۆزۈڭ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشمىدىڭمۇ؟»دەپ توۋلىدى.شۇنداق قىلىپ ئارىمىزدا ھېلىلا بىر-بىرىمىزنى يەۋېتىدىغاندەك تەقرىزدە تاكاللىششلار بولدى.

- ھەئە بىز تەلەپ قىلدۇق بىزنىڭ تەلىپىمىز باشقا بىر كامىرغا يۆتكەپ قويساڭلار .

ھەممىدە:

- بىز ئىشكى بار كامىردا تۇرايلى دېگەن، ھەرگىزمۇ ياۋايى ھايۋانلار بىلەن لىق تولغان قەپەستە ئەمەس،دېدى.

ئۇ كىشى ئاچچىقلاپ:« بۇ نىمە گەپ سەنلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار لاگىرىغا قايتىشقۇڭ بارمۇ ؟چىرايلىقچە كامىرغا قايتىپ بۇرۇن سىناپ باققان چارىلەرنى سىناپ بېقىش » دېدى.

مەن:

- بىز ھايۋانمۇ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمايدىغان ئۇ كامىردا تۇرمايمىز، دېدىم.

ئۇ:«مەن دىگەن تۈرمە باشلىقى، بۇ دىگەن تۈرمە،سەنلەر جىنايەتچى، بۇنىڭدىن باشقا سۆزلەشكۈدەك ئىش يوق،دەرھال كۆزۈمدىن يوقۇلۇش »دېدى.

مەن:« بىز تۈرمە ھويلىسىدا تۇرۇشقا رازىكى ئۇ كامىرغا ھەرگىز قايتمايمىز »دەپ تۇرىۋالدىم .

ئۇ:«بۇ دىگەن تۈرمە، بۇيرۇققا بويسۇنۇشمىساڭ، ئەپچىقىپ ئېتىۋېتىمىز » دەپ ھەيۋە قىلدى.

مەن:«ئۆلۈم بۇيەردە تۇرغاندىن كۆپ ياخشى ، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ،بىز مەردلەرچە ئۆلۈپ كېتىشكە رازى!»دېدىم.

ئۇ بىزنى ئىشخانىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى، بىز تۈرمە ھويلىسىدا تۇرىۋالدۇق.

بىرئازدىن كېيىن تۈرمە باشلىقى گۇندىپايلار باشلىقىغا:«سۇئاد ئۇ ئىككىسىنى كۆزىتىش ئۆيىگە ئەكىرىڭ »دېدى.

گۇندىپايلار باشلىقى بىزنى پەلەمپەي بىلەن كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . بۇ ئۆيدە بىر قانچە كارىۋات باربولۇپ، ئايال جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان كامىر ئىكەن .

بىر سائەتتىن كېيىن گۇندىپايلار باشلىقى:«پارازىتلار ،ھەممىڭ كېلىش !» دەپ ۋاقىرىدى.

مەن ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىنى دەماللىققا بىلەلمىدىم، ئەمما ئۇ بىزنى بىر توپ ئايال

جىنايەتچى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەسلىدە مۇشۇ تۈرمىگە قامالغان بۇ بىر توپ يولدىن چىققان ئاياللارنى ئۇلار پارازىتلار دەپ ئاتايدىكەن.

گۇندىپايلار باشلىقى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ۋاقىرىدى:«بۈگۈنكى پارازىتلار جەمئىي 45 بولۇپ ،ئۇلار 25 سەرگەردان،15پاھىشە ،ئۈچ ئوغرى ۋە ئىككى نەپەر سىياسىي جىنايەتچى». ئۇ ئىپتىقان ئىككى نەپەر سىياسىي جىنايەتچى ھەمدە بىلەن مېنى كۆرستەتتى.

تۈنگۈن مۇشۇنداق بىر توپ تاپتىن چىققانلار بار تۈرمىگە سولاپ قويغانلىرى، ئىشكى يوق ئەسكى كامىرغا سولاپ قويغانلىقلىرى ئۈچۈن كۆزىمىزگە ئۇيقۇ كەلمەي ئازابلانغانىدۇق، مانا ئەمسە دېگەندەك بۈگۈن بۇلار بىلەن بىر كامىرغا سولاپ قويغىنى بىزنى تېخمۇ ئازابلىغىنى ئەمەسمۇ.

مەن بۇ بىر توپ ئاياللاردىن يىراقلاشتىم، ھەممىدەمۇ كەيىندىمدىن ماڭدى.

گۇندىپاي:«نەگە بارىسىلەر ؟ سىلەرگە تېخى نۆۋەت كەلمىدى» دېدى.

مەن:« بىز پارازىت ئەمەس، ئۇلار بىلەن بىرگە تۇرمايمىز » دېدىم.

گۇندىپاي:«قەدىرلىكىم ، نىمە دەۋاتىسەن؟ ھېچقىسى يوق، ھەممىسى ئاللاھ ياراتقان كىشىلەر، ئوخشاش ئەمەسمۇ»دېدى.

مەن پەرۋا قىلمىدىم ، گۇندىپايلار باشلىقى ھېلىقى پارازىتلارنى بىر ئۆيگە تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كىرىپ كەتتى، ئاندىن قېشىمىزغا چىقىپ:« دوختۇر ئىككىڭنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرسۇن، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ بولغاندا ئاندىن كىرسۇن دەيدۇ» دېدى.

ئۇلارنى بەدەن تەكشۈرۈش قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئىككىمىز چاقىرىلدۇق. ئايال دوختۇر بىزنىڭ ئىسمىمىزنى، يېشىمىزنى ۋە نەرىمىز ئاغرىق ياكى نورمال ئەمەستەك تۇرامدۇ يوق سوراپ بولۇپ ئىشكىنى يېپىۋەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي بىز ئۆينىڭ سىرتىدا كىملەرنىڭدۇر ۋاقىراپ، ئۈن سېلىپ يىغلىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

نىمە ئىش بولغانلىقىنى سورىۋىدىم، بىرسى :«ئاپەت يۈز بەردى» دېدى.

(ئـاپەت دېگىنــى 6-ئاينــڭ 5-كـۈنى ئۈرۈمـچىدە مىســرنىڭ يېڭىلىگەنلىكىنــى كۆرســتىدۇ-تەرجىماندىن)

خېلى ئۇزاق ئويلاندىم، نېمە ئاپەت يۈز بەرگەندۇ يەنە؟

ئاھ! نېمە دېگەن كۆپ ئازاب-كۈلپەت ئىچىدىكى خەلق ھە! قانچە قېتىملاپ تەبىئىي ئـاپەت ،زالىملارنىڭ زۇلۇملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن خەلق ! مانا ئەمـدى 6-ئاينــڭ5-كـۈنى يەنە بىر ئېغىر تالاپەت!

ئىلگىرى ئالۋاستىلار ئەرەب زېمىنىنى ئىگەللىۋالغان ، يەھۇدىي دۆلەتلىرىنـى تىرىلـدۈرۈش شايكىلىرى كۆپ قېتىم ھەر خىل چارە ئۇسۇللاردا ئەرەبلەرنى قىينىغان، زۇلۇم سالغان ...

يەنە ئۇزۇن ئويلاندىم، ھازىر قانداق زامان بولۇپ كەتتى ؟ ئىسلام ئەسلىدىنلا كىشىلەرنىڭ ئىززەت تېپىشى ،ھۆرمەتلىنىشىنىڭ سەۋەبى ۋە سېمۋولى تۇرۇپ، يەنە مۇسۇلمانلار باشقىلار تەرىپىدىن قىرىلىۋاتقان؛ مۆئمىنلەر قەتلىئام قىلىنىپ، ھايات قالغانلىرى ياشاشقا ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان؛ ھەتتاكى ساپ ھاۋادىن ئەركىــن نەپەس ئـېلىش ھوقۇقىمۇ يـوق بولىۋاتقــان ؛پەســەندىلەر ئىســلامنى كــۆزدىن يوقۇتــۇپ، مۇســۇلمانلارغا زىيانكەشــلىك قىلماقچى بولدى ھەم نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتقان.

ئەسلىدە مۇسـۇلمانلار دۆلەتنىــڭ تـۈۋرۈكى، غوللـۇق كـۈچلىرى ئىـدىغۇ؟ مۇسـۇلمانلار ھەر تۈرلۈك رەزىللىكلەر بىلەن لۈرەش قىلماقتا.

تۇيۇقسىز قۇلىقىمغا ئەتراپىمدىكى ئاياللارنىڭ پىچىرلاشلىرى كىرىپ قالدى. مەن ئويلايمەن سىلەر بۇنداق ئىچىڭلاردىلا غىڭشىماي، ئوي -پىكرىڭلارنى يۈرەكلىـك بىـلەن ئېيتىشىڭلار كېرەك.ھەم بىلىشىڭلار كېرەككى بۇ كەلگۈلۈكلەرنى ئۆزۈڭلارنىڭ بىر جۈپ قولى كەلتـۈرۈپ چىقارغان. ئەگەر سىلەر قۇرئـاننى ياخشـى ئۆگىنىــپ، ئاللاھقـا ھەقىقىـي رەۋىشـتە ئىتـائەت قىلىــپ، ئىسـلامنىڭ كۆرسەتمىسـى بـويىچە، ئىلاھـى قانۇنىنــڭ يوليـورۇقى بـويىچە ئىــش

قىلساڭلار،ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراقلاشساڭلار،چوقۇمكى ئاللاھنىڭ ياردىمى تولىمۇ يېقىن!

‹ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بەرسەڭلار،ئاللاھ سىلەرگە دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ،قەدىمىڭلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا بەرقارار قىلىدۇ› { سۈرە مۇھەممەد 7-ئايەت}

‹كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ، ئۇنىڭ ھاياتى تار يەنى خاتىرجەمسىز بولىدۇ،قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز،ئۇ :«ئى پەرۋەردىگارىم ! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ ، ۋاھالەنكى ، دۇنيادىكى چاغدا مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ » دەيدۇ،ئاللاھ ئېيتىدۇ: شۇنىڭدەك ، ساڭا روشەن ئايەتلىرىمىز كەلدى،سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ،سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن،ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز ،ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر،تېخىمۇ باقىيدۇر› {سۈرە تاھا124~127-ئايەت}

ئۇزاق ئويلاندىم، تارىختا يۈز بېرىپ ئۆتكەن ۋە ھازىرقىدەك كىشىنى ئازابلايدىغان، ئېچىندۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىزگە تاپىلىغانلىرىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرمامدۇ؟ ھەر قېتىم مۇشۇلارنى ئويلىسام ئىچىم پىچاقتا تىلغاندەك ئاغرىپ كېتىدۇ.

ھەممىدەنىڭ چاقىرىشى مېنى خىياللار قاينىمىدىن سۈرەپ چىقتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردۇم،كامىرنىڭ ئىشىكى مەھكەم تاقالغان،كامىر سىرتىدا يەنىلا ئاللىكىملەرنىڭ توۋلىغان، ۋاقىرىغان، ئۇن سېلىپ يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.

بىز كامىر ئىچىگە بەنت قىلىنغاچقا سىرتتىكى ئەھۋاللاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدۇق.

بىر كۈنى مۇھاپىزەتچىلەرگە تۈيدۇرماي بىر قاپ تاماكىنى ئېلىۋالدۇق،بۇ بىر قاپ تاماكىنى گۈندىپايغا بېرىپ كامىر ئىشىكىنى ئۇزاقراق ئېچىپ بېرىشكە ئىجازەت ئالالايتتۇق ـ دە

سىرتتىكى ئىشلاردىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولالايتتۇق .

بىز تۇرۇۋاتقان كامىرنىڭ يېنىدىكى كامىردا بىر ئايال بالىسى بىلەن تۇراتتى. بالا ئۆز دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى. ئۇدۇل تەرىپىمىزدىكى كامىردا چۈشكۈنلىشىپ يولدىن چىقىپ كەتكەن، كېيىنچە كېسەل بولۇپ قالغان بىر ئايال تۇراتتى، ئۇنىڭ جېنى ئارانلا قالغان بولۇپ ،بىلىنەر -بىلىنمەس تىنىپ يۈرەتتى.

بىز تۇرۇۋاتقان كامىرنىڭ تۆت ئەتراپىدا ھەر خىل ئاستا خارەكتىرلىك ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بىلەن يۇقۇملانغان ئاياللار تۇراتتى. بىز مۇشۇ كىشىلەر بىلەن بىر تازىلىق ئۆيىنى ئورتاق ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدۇق، كامىرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا بىر بۆلۈك قايسى دۆلەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان ئاياللار تۇراتتى، ئۇلار تۇرىدىغان كامىرلار پاكىز،تازىلىق ئۆيىنىڭ تازىلىقمۇ ئالاھىدە ياخشى ئىدى، جىنايەتچىلەر بۇ تەرەپنى «ھىلتون مېھمانخانىسى»دەپ ئاتايتتى.

ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ قورسىقىمىز تاماققا تويمايتتى، بەزىدە ئاچلىقتىن بېشىمىز قېيىپ ھوشىمىزدىن كېتەتتۇق.ئەگەر بىراۋ ئازراق يەيدىغان بىرنەرسە بەرسە دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ئىشلار قاتارىدىن سانايتتۇق.

بىز شۇنداق قارايتۇقكى، ئورمانلىقلاردا گەرچە ھەر تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچبولمىسا ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى تاپقىلى بولىدۇ، ئەمما بۇيەردە ئىنسانپەرۋەرلىك،ئادىمىيلىك نەلەرگىدۇر يوقالغان.

بىز پاكىزراق تازلىق ئۆيگە بېرىشنى تەلەپ قىلساق گۈندىپايلار باشلىقى رەت قىلىپ:«ئىككىنچى قەۋەتتىكى تازلىق ئۆيى بولسا دوختۇرلار ۋە يەھۇدىي ئاياللارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە مەخسۇس ئاجرىتىلغان»دېدى.

مەن ھەيرانلىق بىلەن:«يەھۇدىيلار ئۇچۇن؟»دەپ سورىدىم.

گۈندىپايلار باشلىقى:«شۇنداق،يەھۇدىي ئاياللار ئىشلىتىدۇ، ھېچكىممۇ ئۇلارغا بىرنەرسە

دىيىشكە پېتىنالمايدۇ، ئۇلارنىڭ قانداقلىكى تەلپى بولسا قاندۇرۇلدۇ، سىلەر دوختۇرغا دەپ باقساڭلاربولىدۇ،بەلكىم دوختۇر سىلەرنىڭ ئۇ تازلىق ئۆيىنى ئىشلىتىشىڭلارغا قۇشۇلىشى مۇمكىن »دىدى.
ئەمما تۇرمە باشلىقى:«بۇ يەھۇدىيلار مەخسۇس ئىشلىتىدىغان تازلىق ئۆيى»دەپ تۇرىۋېلىپ بىزنىڭ ئىشلىتىشىمىزگە قوشۇلمىدى.

## روھى ئازابقا تولغان كېچە

بىزنى تۇرمە دەرۋازىسىدىن ئېلىپ كىرىپ ئۇدۇل تۇرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىشتى. ئۇ يەردە بىزنىڭ بوخچىلىرىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىشتى .ئەينى چاغدا ئالىقاچان كەچ كىرىپ بولغان ئىدى.
گۇندىپاي بىزنى تۇرمە باشلىقى ئىشخانىسغا يېقىن بىر ئۆيگە ئەكىردى. ئايال گۇندىپايلار بىزنىڭ يۈك تاقلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈردى .ئاندىن بىزنى جىنايەتچىلەر كىيىمى كىيىشكە بۇيرىدى.
گۇندىپايلار باشلىقى بىزنى ئېلىپ كىرگەن بۇ ئۆيدە ئىشىكمۇ يوق ئىدى، ئىككى قەۋەتلىك بىر كارۋات قويۇلغان، ئاستىنقى كارۋىتىنىڭ ياغاچلىرى چىرىپ كەتكەن، ئۈستۈنكى قەۋىتىدە يىرتىلىپ كەتكەن ئەسكى ياستۇق تاشلاپ قويۇلغان، ياخشى يېرى ، بۇ كارىۋاتتىن ھويلىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، ھويلىدا ئۈچ ئېغىز ئۆي بار بولۇپ ھەممىسدە ئاياللار تۇرىدىكەن.
كېيىنچە ئۇقۇشىمىزچە، بۇ ئاياللار ئوغرىلىق، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە سېتىش ،پاھىشىۋازلىق، ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن كېسىلگەنلەر ئىكەن.
كېچە، كائىنات تۈن پەردىسى كېيىپ ئالەم قاراڭغۇلىشىپ، خۇپتەنگە ئەزان چىقتى.

تەيەممۇم قىلىپ نامازغا تۇردۇق. نامازدىن كېيىن ئازراق كۆزۈمنى يۇمۇشنى ئويلىدىميۇ لېكىن ئۇيقۇم كەلمىدى.

قاپقاراڭغۇ كېچە پۈتۈن زېمىننى يالماپ يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، مەن بىدارلىق ئىلكىدە تولغىناتتىم، تىنىم تاپمايۋاتقان بۇ قەلبىمنى ‹دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ› دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ تىنچلاندۇرماقچى بولدۇم.

بۇ كېچە مەڭگۇ ئېسىمدىن چىقمايدىغاندەك قىلاتتى،بۇ كېچە گەرچە تاياق- توقماق يېمىگەن بولساقمۇ ئەمما ھەممە روھى سىقىلىشلارغا چىدىماي كېچىچە يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى .

ئۇنىڭغا:« بىز ئاللاھقا سادىق بەندىلەر، ئېغىر ۋەزىپىلەر تاپشۇرۇلغان، بۇ يولدىكى ئەزىيەت-كۈلپەتلەرگە سەبىر قىلىشىمىز كېرەك جېنىم ھەمىدە»دەپ تەسەللىي بېرەتتىم .بىز ھەربىي ئىشلار تۈرمىسىدە ئۇچرىغان خورلۇقلار، ئۇرۇپ-قىيناشلار،ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقلار مەن مۇشۇ كېچىدە تارتقان روھىي ئازابلار ۋە يۇلقۇنۇشلار ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەس ئىدى.

كۆز ئالدىمدا بىر توپ تاپتىن چىققان ئاياللار، ئاتالمىش دېموكراتىيىگە ئېرىشىپ ئېچىلىپ كەتكەن ئاياللار، ئۇلار شەرمى- ھايانىڭ نېمىلىكىنى ئۇنۇتقان، كاللىسىغا نىمە كەلسە ،نىمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ. قىسقىسى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھايۋانى نەفسىنى قاندۇرۇشنىلا بىلىدىغان ھايۋانلارغىلا ئوخشاپ قالغان!

تاڭ ئاتتى، كۈن چىقتى، كۆڭلۈم ئاستا- ئاستا جايىغا چۈشتى، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ بىزگە تېزراق بىر چىقىش يولى بېرىشنى تىلىدىم.

گۇندىپايلار باشلىقىغا تۈرمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش تەلىپىمنى ئېيتتىم .بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ بىزنى تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىردى.

# دۈشمەنىنىڭ قېشىدىن ئازراق ئادىمىلىكنى كۆردۈق

بىزتەقدىرىمىزنى ئاللاھقا تاپشۇرغان ئىدۇق.ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلىپ قۇرئان ئوقۇۋېتتۇق. ھەممىدە ئىككىمىز دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىر ئېگىز بويلۇق ، قاملاشقان، رەڭگى روھى سەل قارىراق كەلگەن بىر ئايال ئالدىمىزغا كەلدى ۋە بىزگە سالام بېرىپ -:«سىز زەينەب غەززالى خانىم بولامسىز ؟» دەپ سورىدى.

مەن:«ھەئە» دېدىم.

ئۇ:«مېنىڭ ئىسمىم مورسىل ، سىياسىي مەھبۇس، ئەلۋەتتە بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دىنى ئېتىقاد جەھەتتە ئىختىلاپ بار، مەن بولسام يەھۇدى دىنى مۇرىتى، سىلەر بولساڭلار مۇسۇلمان. ئەمما كۆپچىلىكنىڭ ھەممىمىزنىڭ قەلبىدە ئازراقتىن بولسىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بار. مۇشۇنداق كۈلپەتلىك ۋاقىتلاردا بولۇپمۇ تۈرمىدە بىز ئىناق ئۆتسەك ياخشى دەپ ئويلايمەن.قاشا تامنىڭ سىرتىدا سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ. ئەمما بىز ھازىر ھەممىمىز ئازابلىق كۈلپەتلىك مىنۇتلاردا تۇرۇۋاتىمىز . مەسئۇل گۇندىپايلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا كەلدىم، سىلەرگە دەيدىغىنىم مەن تۈرمىدە سىلەر بىلەن ئۆز -ئارا ياردەمدە بولۇپ ئۆتۈشنى خالايمەن. بىر ئامال قىلىپ ئازراق يەيدىغان نەرسىنىڭ يولىنى قىلىپ سىلەر بىلەن بىللە يەيلى ، بىز يەھۇدىيلار خۇددى سىلەرگە ئوخشاش چوشقا گۆشىنى يېمەيمىز ، ھەم يېمەكلىكلىرىمىزگە باشقا نەرسە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىمىز » دېدى.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن يەھۇدى ئايال مورسىل بىزگە ئازراق يەيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بەردى. ئەڭ مۇھىمى ئۇ ئامال-چارە ئىزدەپ بىزنى ئۇلار ئىشلىتىدىغان تازىلىق ئۆيىنى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مۇشۇ ئىشلارغا نىسبەتەن ھەممىدە دېلىغۇللۇق ھېس قىلدى،مەن ئۇنىڭغا:«ئاللاھ ئۆزىگە

ئىشەنگەن، ئىمان كەلتۈرگۈچىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە ئىمان كەلتۈرگۈچىنى، ئىبادەت قىلغۇچىنى ئۇزاققىچە ئازاب ئىچىدە تاشلاپ قويمايدۇ.پەقەت ئىسلام شەرىئىتىمىزگە خىلاپ بولمىسىل، ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن تىنچ ئىتىپاق ئۆتۈپ تۇرىمىز ، ئۇ كىشىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولىشى مۇھىم ئەمەس» دېدىم.

بىز ياۋايىلىق پۇراپ تۇرىدىغان بۇ تۈرمىدە ،بىر خىرىستىيان ئايال دوختۇردىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئىزنالىرىنى كۆردۇق. بۇ دوختۇرمۇ پات-پات بىزگە ياردەم قىلىپ تۇراتتى . بۇنداق شارائىت ئاستىدا بۇنداق جايدا ئىنسانىيلىقنىڭ تۈپ ماھىيەتلىرىنى كۆرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى.

ھەممەيلەنگە ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر ئايال مەھبۇس بىزگە قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى، باشقىلار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ بىزگە بۇ تۈرمىدە ھەممە ئىشنىڭ پۇل -پۈچەك بىلەن يۈرىشىدىغانلىقىنى ،كامىرنىڭ ئىشىكىنى ئۇزاقراق ئېچىش ئۈچۈنمۇ ،ساپ ھاۋادىن ئازراق نەپەس ئېلىش ئۈچۈنمۇ پۇل كېتىدىغانلىقىنى، بىر بۇردا نان، بىر قۇر كىيىم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

## زالىم قارا نىيەتنىڭ ئۆلۈمى

مۇستەبىت، قارا نىيەتلەر ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى، ھامان ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى ئۇنۇتتىمۇ ياكى قەستەن ئۇنتۇغانغا سالغانمۇ توختىمىستىن خەلققە زورلۇق- زومبۇرلۇق قىلىپ ،تەتۈر يول تۇتۇپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى...ئەمما ۋاقىت رەھىمسىز، كۈنلەر بىر بىرىنى قوغلىشىپ، دەۋرلەر دەۋرلەرنى قوغلاپ كېتىۋېرىدۇ، نىھايەت، جەسەتلەر چىرىپ قارا يەرنىڭ ئوغۇتىغا

ئايلىنىدۇ.مانا بۇ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت!

﴿ئەگەر سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەلىگىلارغا قاراپ جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى يەنى ئۇ مىيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار﴾ { سۈرە ۋاقىئە87-ئايەت}

تۇرمۇشىمىزدا دائىم دېگۈدەك بىر قىسىم چىرىكلىك ، مۇستەبىتلىك، ئالدامچىلىق، چۈشكۈنلۈك قاتارلىق رەزىل، يامان ئىللەتلەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز .بىر كۈنى كاناتار تۇرمىسىدىكى كىشىلەر جامال ئابدۇناسىرنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى ئېيتىشتى.

بىز كىمنىڭ ئۆلۈمگە بولسۇن، ئەزەلدىن خوپ بوپتۇ دەپ خوشال بولمىغان ، ئەمما ئۆلۈم مۇقەررەردۇركى ھېچكىمىۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھېچكىممۇ ئاللاھ پۈتۈۋەتكەندىن بىر كۈن ئارتۇق ياكى كەم ياشىيالمايدۇ.

ئۆلۈم كىشىلەرگە ئېيتىدۇكى: ئىنسانلار ئويغاق تۇرۇڭلار، ئويلىنىپ تەپەككۇر قىلىڭلار ،ھەرگىزمۇ ئىسانلار ئارىسىدا زۇلۇم -زورلۇق قىلماڭلار. مۇستەبىتلىك ۋە قارا نىيەتلىك ھېچكىمگە پايدا كەلتۈرمەيدۇ.سىلەر ھامان بىر كۈنى ھوقۇقۇڭلاردىن، مەنسىپىڭلاردىن، ئىگە بولغان قوشۇنۇڭلاردىن، ھۆكۈمەت -پارتىيەڭلاردىن، بالا-چاقا تۇغقانلىرىڭلاردىن ئايرىلىسىلەر. سىلەر ھامان ھەممە- ھەممە نەرسەڭلارنى ئارقاڭلاردا قالدۇرۇپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىسىلە،سىلەر ھامان ئاناڭلاردىن تۇغۇلغان چاغدىكىدەك يالىڭاچ تەنھا ھالدائاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھازىر بولىسىلەر!

﴿ ئى مۇھەممەد ، زالىملارنى سەكراتقا چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا كۆرسەڭ، ئەلۋەتتە قورقۇنۇچلۇق ھالىتىنى كۆرىسەن، پەرىشتىلەر، يەنى ئازاب پەرىشتىلىرى قوللىرىنى سوزۇپ : سىلەر جانلىرىڭلارنى چىقىرىڭلار! سىلەر ئاللاھ توغرىسىدا ھەقسىز سۆزلەرنى قىلغانلىقىڭلار ، يەنى ئېپترا قىلغانلىقىڭلار، شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار، بالا نىسبەت بەرگەنلىكىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتنى مەنستىمگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۈگۈن خورلىغۇچى

ئازاب بىلەن جازالىنىسلەر دەيدۇ.〉 {سۈرە ئەنئام 93-94-ئايەتلەر}

〈 بىز ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئۇلارنى ھالاك قىلىش پەرمانى كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان مەبۇدلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى، ئۇلارغا پەقەت زىيان سالدى . پەرۋەردىگارىڭ زالىم يۇرتلارنىڭ ئاھالىسىنى ھالاك قىلسا، ئەنە شۇنداق ھالاك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن تولىمۇ قاتتىقتۇر. ئاخىرەت ئازابىدىن قورقىدىغان ئادەم بۇ قىسسەدىن ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ، ئەنە شۇ كۈن پۈتۈن خالايىق ھېساب بېرىش ئۈچۈن يىغىلىدىغان كۈندۇر، ئەنە شۇ كۈن ھەممە ھازىر بولىدىغان كۈندۇر. ئۇنى ،يەنى قىيامەت كۈننى، بىز مۇئەييەن مۇددەتكىچە تەخىر قىلىمىز. قىيامەت كۈنى بولغاندا، ھەر قانداق ئادەم پەقەت ئاللاھتىن ئىجازەت ئالغاندىلا سۆزلەيدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەتبەخت بولىدۇ، بەزىلىرى سائادەتمەن بولىدۇ. بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا ئېشەك ھاڭرىغاندەك توۋلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ. دوزاخنىڭ ئاسمان-زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار دوزاختا پەرۋەدىگارىڭ خالىغان زامانغىچە داۋاملىق تۇرىۋېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئەلۋەتتە خالىغىنىنى قىلغۇچىدۇر. سائادەتمەنلەرگە كەلسەك، ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتنىڭ ئاسمان زېمىنى يوقالمايلا تۇرسا، ئۇلار جەننەتتە پەرۋەردىگارىڭ خالىغان زامانغىچە تۇرىۋېرىدۇ. بۇ ئۇلارغا قىلىنغان ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئىنئامدۇر.〉

{ سۈرە ھۇد 101~107-ئايەت }

ئۆلۈم، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىش پۈتۈن ئەس يادى بىلەن ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلغان سەممىي،قەتئىي نىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھېچقانداق قورققۇچىلىكى يوق بىر ئىش،ئۆلۈم ئۇلارنى ھەرگىز بىئارام قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى قانداق قىلغاندا ئاللاھقا تېخىمۇ ياخشى ئىتائەت قىلالايمىز، قانداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز، قانداق قىلىپ تەۋھىد بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز

لەپىلدىتەلەيمىز دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئـاللاھ تەقـدىر قىلغـان ۋاقىـت يېتىـپ كەلگەنـدە ھەربىـر كىشـى قىلغـان، ئىشـلىگەن ئەمەللىرىـدىن ئىچىـكە ھېسـاب قىلىنىـدۇ، يـاكى مۇكاپاتلىنىـدۇ يـاكى قىلمىشـىغا يارىشـا جازالىنىدۇ.

ئىسـلامدىكى لۇرەش قانـداقتۇر بىـر كىشـىنىڭ يـاكى بىرقـانچە نەپەر كىشـىنىڭ كۆرىشى ئەمەس بەلكى ھەقىقەت بىلەن باتىـل- سەپسەتە ئوتتۇرىسـىدىكى كـۆرەش. ئىمـان بىـلەن كـۇفرى ئوتتۇرىسـىدىكى لـۇرەش . ئاللاھقـا قۇلچىلىـق قىلىـش بىـلەن تاغۇتلارغـا سـېغىنىش ئوتتۇرىسـىدىكى لـۇرەش. ئەجىلىـدە ئـۆلگەنلەر ھەم كەتتـى، قەتلـى قىلىنغـانلارمۇ ھەم كەتتـى. ئەمما مـۆئمىنلەر ئىچىـدىكى ئۆلـۇپ كەتكەنـلەر ۋە قەتلـى قىلىنغانلار، شېھىدلەر ئاللاھ رەھمىتى بىلەن جەننەتكە داخىل قىلىدۇ.

‹ ئۇلارغا، بەندىلىرىم بۈگۈن سىلەرگە قورقۇنچ يوق، غەم-قـايغۇمۇ يـوق دېيىلىـدۇ. ئـۇلار بىزنىـڭ ئـايەتلىرىمىزگە ئىمـان ئېيتقـان ۋە مۇسـۇلمان بولغـانلار ئىـدى. ئۇلارغـا : سـىلەر ئاياللىرىڭلار بىلەن خوشال-خورام ھالـدا جەنـنەتكە كىـرىڭلار، دېيىلىـدۇ. ئۇلارغا ئـالتۇن لىگەنـلەردە تائـام، ئـالتۇن جاملاردا شـاراپ تۇتىلىـدۇ. جەننەتـتە كۆڭـۈللەر تارتىـدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغا نەرسىلەر بار، سـىلەر جەننەتـتە مەڭگـۈ قالىسـىلەر، سـىلەر دۇنيـادا قىلغان ياخشى ئەمەلىڭلار بىـلەن ۋارىس بولغـان جەنـنەت ئەنە شـۇدۇر، جەنـنەتە نۇرغـۇن تۇرلـــــــــۈك مېـــــــــۋىلەر بـــــــــار، ئۇنىڭـــــــــدىن يەيســـــــــىلەر›

{سۈرە زۇخرۇف68-73-ئايەتكىچە}

دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن مۇرتەدلەر، ئاداشقانلار، ۋە دىنغا سۇيىقەست قىلغۇچىلار ئارىسىدىكى ئـۆلگەنلەر بولسـا جەھەنـنەمگە كىرىـدۇ، ئۇلارنىـڭ يـۈزلىرى، بەدەنلىـرى كۆيىدۇرۇلىـدۇ دائىملىق ئازابتا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇستىدە ئوت يالقۇنى ئاستىدا ھەم ئـوت يـالقۇنى بولـۇپ قـاتمۇ ـ قـات ئـوت ئورىۋالىـدۇ. ئۇلارغـا يەيـدىغانغا، ئىچىـدىغانغا نەرسـە بېرىلمەيـدۇ.

بىرىلىسمۇ ئۇچەي باغرىنى ئۆرتۈۋېتىدىغان تەستە يۇتىدىغان زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى ،ئىچىشكە يۇقىرى ھارارەتلىك قايناقسۇ ۋە مەينەت يىرىڭ بېرىلىدۇ.

‹ كاپىرلار دوزاخ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ ئارام تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن جانلىرى ئېلىنمايدۇ. ئۇلاردىن ئازابمۇ يېنىكلىتىلمەيدۇ. كۇفرىدا ھەددىدىن ئاشقان ھەر بىر ئىنساننى ئاشۇنداق جازالايمىز. ئۇلار دوزاختا: پەرۋەردىگارىمىز ! بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ دۇنيادىكى قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق دەپ يالۋۇرۇپ توۋلايدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ : سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز-نەسىھەت قىلغۇدەك ئادەم، ۋەز-نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىمۇ؟ سىلەرنى ئاگاھلاندۇرغۇچى يەنى پەيغەمبەر كەلدىغۇ؟ ئەمدىن ئازابنى تېتىڭلار. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق › {سۈرە فاتىر 36-37-ئايەت}

ۋاقىت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بىر- بىرلەپ ئۆتمەكتە. بۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشسا يەنە بىرىنىڭ ھاياتى ئەمدى باشلانغان بولىدۇ. ھېچقانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقالمايدۇ.

كىشلەرىيغا ـ زارە قىلىپ ئابدۇناسىرنىڭ ئۆلىمگە قايغۇرۇشتى، مەرسىيەلەر كېچە كۈندۈز توختىمىدى .مەن بىر ئۆلىمانىڭ «رەھمەتلىك ئىسلامنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. دەل مۇشۇ ئۆلىما بىر قانچە يىل ئىلگىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ :«كىمىكى ئابدۇناسىرنى ئىسلامنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئاتىسا شۇ كىشى مۇرتەد بولىدۇ » دېگەن ئىدى. مانا ھازىر بۇ ئۆلىما ئىسلامدىن ۋاز كېچىپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىنى يوقاتقان ئىدى.

كەناتار تۈرمىسىدە كىشلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدۇق، بىز بۇ «قەھرىمان»نىڭ ئۆلۈمىگە يا قايغۇرمىغان، يا ياقا يىرتىپ يىغلىمىغان ئىدۇق. بۇ« قىلمىش»ىمىز بىر قىسىم، ئىشىنىڭ يۈزەكى تەرىپىنىلا بىلىدىغان، قەلبى ئەگرى، ھەركىتى رەزىل چاپارمەن -

ئاتارمەنلارنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويىدى.

ھەي بىز نېمشقا ئۇلارنىڭ «قەھرىمان»ى ئابدۇناسىرنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئازاپلانمىغاندىمىز ھە؟؟!!

## ئاۋارىچىلىق

‹ كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ› { سۈرە رەئىد 17-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}

مۇناپىقلار كاتتىۋاشلىرىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن ھىيلى ئۇنى ھىيلى بۇنى قىلىپ تۆت ئەتراپقا چېپىپ باقاتتى، ھەم بىزگە زالىملارچە مۇئامىلە قىلاتتى .

ئابدۇناسىر ئۆلگەننىڭ ئىككىنچى كۈنى كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . گۇندىپايلار باشلىقى قولىدا كالتەك تۇتقان ھالدا ئېتىلىپ كىرىپ ماڭا بىر كالتەك سالدى، كالتەك زەربىسىدە بېشىم يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى، ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ مېنى قوغداپ قالدى. ئەمما تۈرمە باشقۇرۇش بۆلۈمى ئۇنى ئازراقمۇ جازالىمىدى، ھەتتا بىرەر ئېغىزمۇ تىللاپمۇ قويمىدى، ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن مېنى نېمشقا ئۇرغانلىقىنى سوراپمۇ قويمىدى، خۇددى ئۇ ھېچ ئىشنى خاتا قىلمىغاندەك ، مېنىڭ تاياق يېيىشىم ھەقتەك.

ئائىلەمدىكىلەر مېنى يوقلاپ كەلگەندە گۇندىپايلار باشلىقىنىڭ مېنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە دېدىم . ئۆيدىكىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن چوڭ -كىچىك مەسئۇل كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا تېلگىراممۇ يوللاپتۇ، تەپتىش ئەمەلدارلىرى ئارىغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپتۇ، نەتىجىسى : بۇ شەخسنىڭ قىلمىشى بولۇپ، مەزكۇر گۇندىپايلار باشلىقى ئايال روھى كېسەلمىش.

مەن تەكشۈرۈشنى توختىتىشنى ئۆتۈندۈم ، ھەم تەپتىش مەھكىمىسىگە بۇ ئىشنى

پىلانلىغـان گۇنـدىپاي ئايـال ئەمەس بەلكـى دىنـدىن يانغـان ئاسـىي مـۇرتەد كـۈچلەر ئىكەنلىكىنى بىلدۇردۇم .ئۆزىنىڭ ھەركىتىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ، خۇددى قونچاققا ئوخشـاش كاتتىۋاشـلىرىنىڭ بـۇيرۇقىنى ھېچنىمنـى ئويلاشماسـتىنلا ئىجـرا قىلىـدىغان بۇنداق لالما، غالچىلارنى جازالاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتـى يـوقلىقىنى، بـۇ ئىشـتا مەلـۇم بىـر ئۇچـۇم كىشـىلەرنىڭ پەردە ئارقىسـىدا بـۇيرۇق بەرگەنلىكىنـى، مەقسـىدى ئېـنىقلا ئالالاھنىـــڭ يولىغـــا تەرغىـــپ قىلغـــۇچىلارنى قـــورقىتىش ۋە يـــوقىتىش ئىكەنلىكىنـــى ،ئەممائاللاھنىــڭ ئۇسـتىدىن ھېچقانــداق بىــر كۈچنىــڭ غالىــپ كېلەلمەيــدىغانلىقىنى بىلدۈردۇم.

بۇنـداق يېڭـى زۇلـۇملار كىشـىنىڭ تەسـەۋۋۇرىنىڭ تاشـقىرىدا ئىـدى. بۇلارنىـڭ ھەممىسـى ئاشـكارا مەيـدانغا چىقالمايـدىغان، يولـدىن ئاداشـقان ئازغۇنلارنىـڭ ھىـيلە تۇزاقلىرى ئىدى.

## يېڭى سىناق

1971-يىلـى 8-ئاينـىڭ9-كـۈنى ئەسلەشـكە ئەرزىيـدىغان بىـر كـۈن . بـۇ كـۈنى سـەھەردە گۇنـدىپايلار باشـلىقى تـۈرمە باشـلىقىنىڭ ئىشخانىسـىغا بېرىشـمنى مەن بىـلەن كۆرۈشىدىغان ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى.

مەن خېلى ئويلاندىم، ئۇلار ئەمدى يەنە قانداق يېڭى سۇيقەستلەرنى پىلانلىغاندۇ ؟ ئـۇلار مېنىڭ بۇ تۈرمىدە ئىسلامنى تەشۋىق قىلىشـمنى توسۇشـنى ئويلىشـۋاتقانمىدۇ؟ ۋە يـاكى بىزنىڭ ئۆيـدە بىـرەر ئىـش يـۈز بەرگەنمىـدۇ؟ ۋە يـا ئۇلارنىـڭ قايسىبىر بەلگىلىمىلـىرىگە خىلاپلىق قىلغاندىمەنمۇ؟ كاللامدا نەچچە ئون خىل قىياسلار پەيدا بولدى.

تەقدىرنىڭ ماڭا نېمىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى راستىنلا ئويلىمـاپتىكەنمەنمەن، تـۈرمە

باشـــلىقنىڭ ئىشخانىســـىغا كىرگەنـــدە ئـــۇ يەردە ئۆزۈمنىـــڭ قويـــۇپ بېرىلـــدىغانلىق ئۇقتۇرۇشۇمنى كۆردۈم . ئەسلىدىكى ماڭا چىقارغان 25 يىللىق قاماق ئاساسـىي جەھەتـتىن ئۆمۈرلۈك قاماق دىگەنلىك بولاتتى، ھالا بۈگۈن مېنى قويۇپ بەرسە ئەمما ھەمـدە يەنـلا تۈرمىدە قېپقالسا ... بۇ ئىشلار مېنى ئەجەبلەندۈردى.

تولىمۇ ئازابلاندىم:«ياق !ياق! قەتئىـي بولمايـدۇ ، مەن بىـر ئـادەمنى تۈرمىـدىن چىقارسـا ئەمما ھەمدە يەنىلا تۈرمىدە قېپقالسا قانـداق بولـدۇ، ھـۇ ئادالەتسـىزلەر!»دەپ ۋاقـىراپ تاشلىدىم .

ئەقلـى ھوشـۇمنى يوقاتقانـدەك بولـۇپ قالـدىم، تـۈرمە باشـلىقى مېنـى تىنچلاندۇرۇشـقا تىرىشىپ :« بۇ دېگەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى ، بىز بۇيرۇققا خىلاپلىـق قىلالمـايمىز، سـېنى تۈرمىگە قاماشمۇ تۈرمىـدىن قويـۇپ بېرىشـمۇ يۇقىرىنـىڭ بـۇيرۇقى، بىـز بـۇيرۇقنى ئىجـرا قىلىشنىلا بىلىمىز، قارشى چىقىشقا ھوقۇقىمىز يوق!»دېدى.

بىردەمدىن كېيىن مەن ھەمدەنىڭمۇ تۈرمە باشلىقى ئىشخانىسـىغا ئېلىـپ كىرىلگەنلىكىنـى كۆردۈم. ئەسلىدە تۈرمە باشلىقى ھەمدەنى چاقىرتىپ كېلىپ ماڭا تەسەللىي بەرگۈزمەكچى بولغان ئىكەن، ھەقىقەتەن كىشى تاقەت قىلالمايدىغان دىشۋارچىلىق. مەن قانداقسىگە بىر ئـادەم تۈرمىـدىن چىقىـپ، ھەمـدەنى تاشـلاپ قايتـالايمەن؟ مەن ھەرگىـزمـۇ ئۇنىڭـدىن ئايرىلالمايمەن .

ھەمدە ماڭا تەمكىنلىك بىلەن :«زەينەپ ئاچا، بۇمۇ ئالاھنىـڭ رەھـمەت ئىنـايىتى، ھەر ئىش ئالاھنىڭ باشقۇرۇشىدا، ئاللاھ ھەرگىـزمۇ ئـۆزىگە ئىبـادەت قىلىـدىغان بەنـدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ !» دېدى.

ئارىـدىن خېلـى ۋاقىــت ئۆتكەنـدىن كېـيىن تـۈرمە باشـلىقى ھەمـدەگە:« ئۇنىــڭ بىــلەن خوشلىشىۋال، ئاندىن كامىرغا قايتقىن » دېدى.

قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق، كۆز ياشلىرىمىز مارجاندەك تۆكۈلەتتى.

تۇرمىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بوپ ئېغىر قەدەملىرىمنى سۆرەپ قايتتىم، يۈرىكىم ئەلەمدىن پۇچۇلىناتتى.

## ئاخىرقى سودا

ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم ، ئەمما ماشىنا تۇيۇقسىز يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ مېنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ باش شتابىغا ئېلىپ كەلدى. مېنى چۈش سائەت 12دىن تارتىپ كەچ سائەت توققۇزغىچە بىرئىشخانىغا سولاپ قويۇشتى. كەچ سائەت 9دىن ئاشقاندا ئۇلار مېنى باشقا بىر ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئىشخانا ئىچىدە ئىككى ھەربىي گېنىرال ئولتۇرغان بولۇپ ئۇلار مەندىن ئىسلامغا ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى سورىدى . ھەممە مەندىن بۇندىن كېيىن يەنە مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىلەن باردى كەلدى قىلىدىغان قىلمايدىغانلىقىمنى سورىدى.

كاللامدا ھەممىدەلا بار ئىدى،ئۇلارغا :«مەن ئۆمۈرلۈك قامالغان ئىدىم، مېنى تۇرمىدىن چىقاردىڭلاريۇ، ھەممىدەنى قالدۇرۇپ قويدۇڭلار! بۇ ئادالەتسىزلىك ! ئاللاھ سىلەرنىڭ سۈيىقەستىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇزمايدۇ!»دېدىم .

ئۇلار:« ھاجى سىز سەل تەمكىن بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ » دېدى.

مەن:« سىلەر سۈيىقەست پىلانلاۋاتىسىلەر، ئەمما ئاللاھ سىلەرنى ھەرۋاقىت كۆزىتىپ تۇرىدۇ . ئاللاھ چوقۇم سىلەرنىڭ ھىيلە- مىكرىڭلاردىن ئۈستۈن كېلىدۇ»دېدىم.

ئۇلار:« بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بىزنىڭ ھېچقانداق بىر كىشىنى قويۇۋېتىش ھوقۇقىمىز يوق ، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىساق بولمايدۇ» دېدى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار مېنى ئەھمەد رۇشدۇ نىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. دەل مۇشۇ ئەخمەد رۇشدۇ تۇرغۇنلىغان بىگۇناھ مۆئمىن مۇسۇلمانلارنى قانلىق قامچىسىدا قىينىغان ئىدى.

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ھەم مېنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقمنى تەبرىكلىدى، مەن بىلەن بىرە قۇر پاراڭلاشتى.

ئاساسلىقى :بۇندىن كېيىن ئىسلامىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىلەن باردى- كەلدى قىلماسلىق، ئۇلار بىلەن دوستلۇق- ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتماسلىق قاتارلىقلارنى جېكىلىدى ۋە مېنىڭ پات-پات كېلىپ ئەھۋال دوكلات قىلىشمنى ئېيتتى.

ئۇ گېپىنى دەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنمەيدىغانلىقمنى ئېيتتىم، ھەتتا تۈرمىدىن چىقىش بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، قايتىدىن كاناتار تۈرمىسىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ۋە بۇ پىكرىمنى مۇناسىۋەتلىك باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم، ئۇ ھىيلىگەرلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ:«مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تۈرمىدىكى خېلى كۆپ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش مەزمۇندىكى كېلىشىمىمىز بار » دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا:«مەن سىلەرنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەزالار بىلەن بولغان كېلىشىمڭلارنى بىلمەيمەن، ئۇيۇشمىدىكى كۆپلىگەن ئەزالار يارامىلىق،قابىل كىشىلەر بەلكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن شۇنداق كېلىشىمڭلار باردۇر . مەن بۇ بىر قىسىم كىشىلەرگە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيمەن . ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ھەقىقەت ھامىيلىرى، ئۇلار ھەقىقەت يولىدا كېچە كۈندۈز لۈرەش قىلىدۇ، ئۇلار لۈرەشنى تاكى غەلىبە قىلغۇچە ياكى ئاللاھ شېھىدلىك ماقامىغا يەتكۈزگۈچە بوشاشماي داۋاملاشتۇرىدۇ»دېدىم.

تېلېفون جىرىڭلىدى، ئەخمەد رۇشدۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ :« ئابدۇلمۆئمىن ئەپەندى قېشىمغا بىر كېلىڭ، سىزگە دەيدىغان ئازراق گېپىمىز بار ئىدى » دېدى.

تۇرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ:« ئابدۇلمۆئمىن ئەپەندى بىردەمدىن كېيىن

كېلىدۇ »دېدى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىنىم ئابدۇلمۆئمىن كەلدى، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مەندىن ئەھۋال سورىدى.

ئەخمەد رۇشدۇ ئىنىمغا :« ھاجى بىلەن ئارىمىزدا ئازراق ئىختىلاپ بار، سىز ياخشىراق چۈشەندۈرۈپ، كىمنىڭ توغرا ئايرىپ قويسىڭىز » دېدى.

ئىنىم:« ھاجى مېنىڭدىن چوڭ مەن ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى . مېنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قالايمىقان جۆيلۈپدىغان ئادىتىم يوق، ئاچام قانداقلا گەپ قىلمىسۇن دەلىل -ئىسپاتى بىللە » دېدى.

ئەخمەد رۇشدۇ:« ھاجى، ئۇنداقتا ياخشى، سىزنى تەبرىكلەيمەن . ئەمما بۇندىن كېيىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەر بىلەن يوشۇرۇن ھەركەتلەرنى پىلانلاشقا بولمايدۇ » دېدى.

مەن:« قانداق مەخپىي تەشكىلاتلار ئىكەن ئۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان يالغان- ياۋىداقلار، ھەقىقىي ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى. بۇ يالغۇز مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىدىكىلەرنىڭلا ۋەزىپىسى بولماستىن بەلكى ئۆزىنى مۇسۇلمان سانايدىغان ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ۋەزىپىسى، مەيلى ئۇ مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا ئەزا بولسۇن بولمىسۇن ۋەزىپە يەنىلا ئوخشاش » دېدىم .

ئاندىن ئىنىم بىلەن ئۆيگە قايتتۇق .بۇ 1971-يىلى 8-ئاينىڭ 10-كۈنى سەھەر سائەت ئۈچ بولغان ۋاقىت ئىدى.

«ئاۋام »ژورنىلى نىڭ زەينەب غەززالى بىلەن بولغان سۆھبىتى

«ئاۋام» ژورنىلى،كۇۋەيت ئىلمى جەمئىيىتىنىڭ ئايالالار ھەققىدە سۆھبەت-لېكسيە ئورۇنلاشتۇرۇش تەكلىپىنى تاپشۇرىۋالغاندىن كېيىن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەينەب غەززالى بىلەن تۆۋەندىكى سۆھبەتنى ئۇيۇشتۇرغان.

مۇخبىر: ئەينى ۋاقىتتا «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»تارماق شۆبىسى بار ئىدى، خوش، شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئېھتىياجلار بىلەن «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نى ئايرىم قۇرۇپ چىقتىڭىز؟

زەينەب: «مۇسۇلما خانىملار بىرلەشمىسى»نى دەسلەپ قۇرغاندا، ئۇيۇشمىنىڭ باش رەئىسى ھەسەنۇل بەننا ئۇستازنى بىلمەيتتىم ۋە ئۇنىڭ خىزمەتلىرىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى، مەن مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسنى قۇرۇپ يېرىم يىلچە بولغاندا ئاندىن مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىلەن تونۇشتۇم ،بولمىسا ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇدىغان نىيىتىم يوق ئىدى،شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا رەئىس ھەسەنۇل بەنناغا قايىل بولدۇم ۋە 1948-يىلىنىڭ بېشىدا ئۇلارنىڭ تەشكىلاتىغا ئەزا بولدۇم.

مۇخبىر:سىز ئۇيۇشمىنىڭ دائىمى رەئىسى ھەسەنۇل بەننا بىلەن تونۇشقاندىن ۋە ئۇيۇشمىغا ئەزا بولغاندىن كېيىنمۇ مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى» ئۇيۇشمىنىڭ باشقۇرشىدا بولماستىن ئۆزئالدىغا ئايرىم پائالىيەت ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

زەينەب: شۇنداق ، دەسلەپتە ئايرىم پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدۇق، «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ رەئىسى بىلەن بىر قېتىملىق سۆھبەتتە بۇ ئىش ھەققىدە پاراڭلاشتۇق،رەئىس «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ تارماق شۆبىسى «ھەمشىرىلەر جەمئىيىتى»بىلەن بىرلەشتۈرۈش پىكرىنى بەردى، بۇ ھەقتە ئۆزۈن پاراڭلاشتۇق كېيىن كوللىكتىپ يىغىندا مۇزاكىرلىشىپ

ئۇلار بىلەن يېقىنلىشىش ۋە ئىسلام يولىدا بىرلىشىش مەقسىتىدە بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردۇق.

رەئىس كولۇمسىرەپ تۇرۇپ :«ئارىمىزنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۇچۇن كۆچ چىقىرىڭ » دېدى.

مۇخپىر: ئىسلامدىن تاشقىرى، باشقا ئاياللار ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندىڭىزمۇ ؟ ھۇدا شەئراۋى بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارمىدى؟

زەينەب: ھۇدا شەئراۋى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ناھايىتى ئۇزۇن ۋە كونا بىر ھېكايە. مەرھۇم دادام مېنىڭ مۇۋاپىقىيەت قازانغان، باشلامچى بىر ئايال بولۇشۇمنى ئۇمىد قىلىپ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئاياللارنىڭ قىسسەلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى،مەسىلەن ھۇدا شەئراۋى،باھىسە ئەل بادىيە، رەسۇلۇللاھنى قوغدىغان ۋە دۈشمەنگە قىلىچ چاپقان ئايال ساھابە نەسىبە قاتارلىقلار...

ئۇلار ئارىسىدىن مەن ئۆزۈمگە ئۈلگە قىلىپ نەسىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاللىۋالغانىدىم، ھۇدا شەئراۋى فىرانسىيەگە قانۇن - ھوقۇق ۋە سىياسى ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئوقۇغۇچى ئەۋەتىۋېتىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ مەنمۇ تىزىملاتقىلى بارغانىدىم، شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ئىسمىمغا قاراپلا ئاتا ـ ئانامنى ، ئائىلە ئەھۋالىمنى بىلىدىغانلىقىنى ، ئوقۇش پۇلىنى كۆتۈرىۋېتىپ مېنى بارغۇزىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى،ئەمما ئاكام مېنىڭ ئوقۇشۇمنى قوللاپ كەتمەيتى، ھۇدا شەئراۋىنىڭ چەتئەلگە ئوقۇغۇچى چىقىرىش ئىشىنى بىر پۇرسەت دەپ بىلدىم،شۇنداق قىلىپ مېنىڭ فىرانسىيەگە چىقىشىم مۇقىملاشقان كۈنلەردە، چۈشۈم تازا ياخشى بولمىدى، دادام چۈشۈمدە، بېرىشىمنى توستى، شۇ سەۋەپ بېرىشتىن ۋاز كەچتىم،ئەمما ھۇدا شەئراۋى بۇنداقلا ئاسان ۋاز كەچمەسلىكىمنى، ھېچ بولمىسا ئاياللار بىرلەشمىسىدە ئىشلىشىمنى تەلەپ قىلدى، مەنمۇ ماقۇل بولۇپ بۇ بىرلەشمىگە ئەزا بولدۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ ياش ئەزاسى بولۇپ قالدىم.

مۇخپىر: ئۇنداقتا ،كېيىن يەنە نېمە ئۈچۈن ھۇدا شەئراۋى باشچىلىقىدىكى ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ۋاز كەچتىڭىز؟

زەينەب: ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتىنىڭ شەرىئەت فاكۇلتىتىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتى ھەققىدىكى مۇنازىرە ۋە لىكسىيەلەرگە باراتتىم، ئۇ يەردە بەزى شەيخ ئۇستازلار بىلەن مۇنازىرلىشىپ قالاتتىم، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن لىكسىيە سۆزلىدىم، لىكسىيەم تۈگىگەندە ئۇستا ناتىق ئەللامە شەيخ نەججار مىكروفۇننى قولىغا ئېلىپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ۋە قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىمنى ئىسلام ئاساسلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ھالدا ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىشىمنى ئۈمىد قىلدى،شۇ چاغدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى، ۋە نېمە ئۈچۈن ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلمايمەن دېگەن سۇئال كاللامنى چىرمىۋالدى ۋە دەرھال ھۇدا شەئراۋىنىڭ ئاياللار بىرلەشمىسىدىن ئىستىپا سورىدىم،ھەيران قالدى ۋە قارارىمدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ نەسىھەت قىلدى.ئەمما مەن قارارىمدا چىڭ تۇردۇم، مېنى قايىل قىلىشقا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن بولدى قىلدى.

ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ھىجرىيە135-يىلى رابىئۇلئەۋۋەلنىڭ 11-كۈنى، ئەزھەر ئۇنىۋېرستىتىنىڭ شەرىئەت فاكۇلتىتىدا لىكسىيە ئورۇنلاشتۇرۇپ :« مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى»نىڭ رەسمى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدۇق ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇپ چىقتۇق.ئەينى ۋاقىتتا بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئاياللار 55 نەپەر ئىدى.

مۇخپىر: ئابدۇنا سىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» غا زەھەرلىك قولىنى ئۇزاتقاندا«مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى» گە نېمىشقا چېقىلالمىدى؟

زەينەب: «مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى» ئىسلام ۋە سىياسى جەھەتتە قىلغان خىزمەتلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنۈپ مۇھىم بىر تەشكىلاتقا ئايلىنىپ قالدى، شۇ سەۋەب 1948-يىلى پادىشاھ فەرۇخ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇ بىرلەشمىنى تارقىتىۋېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى، شۇنداق قىلىپ بىرلەشمىمىز تاقىلىپ قالدى، بۇنىڭغا قارشى بىر قانچە قېتىم ئەرز سۇندۇم، سوت تاقىۋېتىش قارارىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ھۆكۈم قىلدى.

كېيىن ئابدۇناسىر بىر قانچە قېتىم بىلەن ھەمكارلىشىش، كېلىشىم تۈزۈش ھەققىدە مەن

بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى، ئەمما مەن ئىزچىل رەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن قاھىرەدىن چىقىپ كېتىشىمگە، باشقا شەھەر-يېزا بازارلارغا بېرىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى، يېرىم يىلغا يېقىن ئۆيۈمنى نەزەربەند قىلدى.

مۇخبىر : «مۇسۇلمان ئاياللاربىرلەشمىسى» نىڭ قۇرغۇچىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى تەپسىلاتلارنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاشنى خالىدۇق، ئۇنداقتا تەشكىلاتىڭىلار 1969-يىلىدا باش يېتەكچى ھەسەنۇل ھۇدەيبىنىڭ رۇخسىتىسىز قۇرۇلغانمۇ؟

زەينەب:1954-يىلى ئۇستاز ھۇدەيبى تۈرمىدە ئىدى، بىر قېتىم ئۇنى يوقلاپ بېرىپ تۈرمىگە كىرىپ كەتكەن تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ، بالا-چاقىلىرىنىڭ قېيىن ئەھۋالدا، ئاچ-يالىڭاچ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ سەمىگە سېلىپ قويدۇم، ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەمدە بولدۇم.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ھەج مەزگىلىدە مەسجىدى ھەرەمدە «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ يارامىلىق دەۋەتچىسى جۇملىدىن باشلامچىلىرىدىن بولغان، مەرھۇم ئىمام ھەسەنۇل بەننا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ياش ئابدۇلفەتتاھ ئىسمائىل بىلەن «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»نى قايتا قۇرۇش ھەققىدە پىكىرلەشتۇق. ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋال ئۇيۇشمىنىڭ ھازىرقى رەئىسى ھەسەنۇل ھۇدەيبىدىن رۇخسەت ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى.

شۇڭا ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتۇق، ئۇ تەشكىلاتنى قايتا قۇرۇش، ئەزالارنى قايتا يىغىشنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان خەتىرى ۋە ھەرخىل مەسىلىلىرىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ، ياخشىراق ئويلىشىپ بىر ئايدىن كېلىشىمىزنى ئېيتتى، بىر ئايمۇ توشتى قايتا كۆرۈشۈپ يەنە پىكىرىمىزدە چىڭ تۇردۇق، يەنە كېيىن كېلىڭلار دېدى، ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ يەنە كەلدۇق ۋە قارارىمىزدىن يانمايدىغانلىقىمىزنى ۋە بۇ يولدا چەككەن ئەرزىيەتلەرگە ۋايسىمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق.

ئۇستاز :«كەينىگە قايتىشقا بولمايدۇ، چېكىنمەستىن ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرلەش كېرەك، سىلەرنى بىر قانچە قەدەم چېكىندۈرۈش ۋە بەزى تەۋسىيەلەرنى بېرىش ئۇيىدا بولغانلاردىن مۇناسىۋەتلىكلەرنى ئۆزۈڭلار، كىشلەرنىڭ نام-ئابرويىغا ۋە بۇرۇنقى تەشكىلاتتىكى ئورنىغا قاراپلا ئۇلارغا ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەڭلار، چۈنكى ئۇلار بىر قېتىم قىيىن-قىستاققا ئېلىندى، جاپا تارتتى، كىم بىلدى دەۋەت يولىدىن ۋاز كەچتىمۇ؟!سىلەر شېھىدلىك يولىغا قاراپ كېتىۋاتىسىلەر، شېھىدلىك بار، چېكىنىش يوق، چۈنكى بۇ يولنى سىلەر ئۆزۈڭلار تاللىغان » دېدى.

مۇخپىر:شېھىد سەئىد قۇتۇپنىڭ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى ھەققىدە ئىككى كەلىمە سۆزلەپ بەرسىڭىز...

زەينەب:1963-يىلىنىڭ باشلىرىدا سىڭلىسى ھەمىدە قۇتۇپنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەيخ سەئىد قۇتۇپ بىلەن ئالاقىلاشماقچى، ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ئالماقچى بولدۇم، ھەمدە ئۇيۇشمىمىزنىڭ ئۆگىنىش پىلانىدىكى كىتابلارنىڭ تىزىملىكىنى ھەمىدە ئارقىلىق ئۇستاز سەئىدكە ئەۋەتتىم. ھەمىدە بىر كىتابنىڭ ئالدىنقى بىر قانچە بۆلىكىنى ئېلىپ كەلدى، كىتابنى ئۇيۇشما رەئىسگە كۆرسەتتىم، بۇ كىتابنىڭ شەيخنىڭ تۈرمىدە يازغان «يول بۇ يەردە» ناملىق كىتابى ئىكەنلىكىنى ، دەرھال كۆپەيتىپ ئۇيۇشما ئەزالىرىغا تارقىتىپ بېرىشىمنى ئېيتتى.

مۇخپىر:  سەئىد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان چۈشەنچە ۋە باشقىلارغا بەرگەن تەسىرىدە ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى، ئومۇمي خەلقنى كافىر دەپ قارىغانلىقى راستمۇ؟

زەينەب: بۇ ئېنىقلا خاتا چۈشىنىش ۋە خۇدۇكسىرەش، ئۇستازنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇغان بەزى كىشلەر ئۆزلىرىچە خۇدۇكسىرەپ كېتىپتۇ، بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇستاز بىلەن كۆرۈشۈپ :« مۇسۇلمان خانىملار بىرلەشمىسى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلار

ئۇيۇشمىسىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئورنى ۋە ئۇلارغا كۆرسىتىلىدىغان ھۆرمەت-ئېتىبارنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەمدى قوپۇپ ئۇلار ئائىلە تاۋاباتلىرىنىڭ كافىر سانالغانلىقىنى ئۇقسا بىز بىلەن چەك-چېگراسىنى ئايرىپ مۇناسىۋىتىنى ئۈزەمسمۇ؟» دېدىم.

بۇنى ئاڭلاپ ئۇستاز چۆچۈپ كەتتى ۋە يازغانلىرىنى خاتا چۈشىنىۋېلىشتىن كېلىپ چىققان بۇ خۇدۇكسىرەش بۇ ۋەھىمە ھەققىدە ئىككىنچى كىتابىدا ئېنىقلىما بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

شۇبھىسىزكى سەئىد قۇتۇب جامائەتنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى كافىر دەپ قارىمايدۇ، پەقەتلا خەلقنىڭ ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ،ئۆزىنى يوقىتىپ قويىۋاتقانلىقىنى يازغان، ۋە تەنقىدلىگەن ، ھەتتا مەنمۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ تاغۇتقا باش ئېگىۋاتقانلىقىنى تەن ئالىمەن.

مۇخبىر : سەئىد قۇتۇبنىڭ كىتابلىرىنى ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ رۇخستىنى ئالماي تارقاتقانلىقى ۋە قېرىنداشلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئېرىشمىگەنلىكىگە قانداق قارايسىز؟

زەينەب: سەئىد قۇتۇب توغرىسىدا ئۇنى بۇنى دېيىشىغانلىقىنى بىلسەمتىم ئۇنىڭ ئۆزىنى تەكلىپ قىلىپ ئۇقۇشماسلىقنى بىردەمدە ھەل قىلغان بولاتتۇق،مەن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم، باشقىلار ئويلىغاندەك ئۇنداق مۇنداق مەنا ھېس قىلىپ باقمىدىم، ئۇ پەقەت جامائەتنىڭ تۈزىلىشى ، ئىسلام ۋە ئاللاھ يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

مۇخبىر : ھاجى،نۇرغۇن رىيازەت چەكتىڭىز، ۋە بۇلارغا بەرداشلىق بەردىڭىز، مۇشۇنىڭغا قاراپ بارلىق مۇسۇلمان ئاياللار مۇشۇنداق قىلالايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلالامسىز؟ ۋە ياكى بۇ چىدامچانلىق ، سەبىرچانلىق ئۆزىڭىزگىلا خاس بىر خۇسۇسىيەتمۇ؟

زەينەب : مۇسۇلمانلار ، سۈرىيەدە ئىسلام ئۇرۇشىدا كۆرسەتكەن ئىپادىسى بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ زەينەب غەززالىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى ۋە مەن ئۇچرىغان ئەرزىيەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئېغىر كۈلپەتلەرگە تاقابىل تۇردى،

مىنىڭكى ئۇلارنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچ قانچە گەپ ئەمەس.

مۇخبىر:سالىھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇيۇشما رەئىسىنىڭ ئەمرى بويىچە سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىكەنتۇق، ئۇنىڭغا بەرگەن جازاغا قانداق قارايسىز؟

زەينەب:سالىھ ئوغلۇم ئورنىدىكى تولىمۇ ئوڭلۇق بالا ئىدى، نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئالىملىرى ئۇنىڭ ھەدىسشۇناسلىقىغا گۇۋاھ ئىدى، ئەلبانىيلارمۇ بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئەمەس، دەۋەت خىزمىتىدە بەكمۇ سەممىي ۋە ئىزچىل ئىدى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىلار.

پەلەستىن ئۈچۈن ،ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرىۋېتىشتى، شېھىد بولغىنىدا ئارانلا 36 ياشتا ئىدى، مەرت ،جىگەرلىك يىگىت ئىدى، جەننەتكە نائىل بولۇشىنى تىلەيمەن.

مۇخبىر: ئاياللارنىڭ سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا نىسبەتەن قانداق قارايسىز؟

زەينەب: پارلامېنتنىڭ ياكى دېمكۇراتىيەنىڭ ئىسلامنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئىش قىلىدىغىنىغا ئىشەنسەم ئىدىم، بۇ ھەقتە بىرنەرسىلەرنى سۆزلىگەن بولاتتىم،

ھالبۇكى ئۇلارنىڭ خىزمەت پىرىنسىپى دىنىمىنىڭ پىرىنسىپىغا ئوخشمايدۇ.سايلاش سايلىنىش مەنچە ئاللاھنىڭ بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن تەرەپلىرىدىلا بولۇشى كېرەك.

ئاياللارنىڭ سىياسى ھوقۇقلىرىغا كەلسەك، توغرا يولدىكى خەلىپىلەر دەۋرىدە ئاياللارنىڭ سىياسى سەھنىگە چىقىشى ۋە مۇسۇلمانلارغا يېتەكچى بولۇشى ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئىدى، يەنە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ھەقىقى رولى مۇسۇلمان يېتەكچىلىرى ۋە ئۇممەتنىڭ سەرخىللىرىنى يېتىشتۈرۈشتۇر.

مۇخبىر : ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كەلگۈسىگە قانداق قارايسىز؟

زەينەب: سەممىيلىك ۋە ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى :ئىسلام كېلىۋاتىدۇ، ئىسلام ئويغىنىۋاتىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىنشائاللاھ غەلبە قازىنىمىز.

مۇخبىر :رەھمەت.